شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە مۇنەۋۋەر ژۇرنال ، شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتىغا ئائىل ژۇرنال

# BULAK

2004

4



# بۇلاق

ISSN 1005 0876

源泉（布拉克）

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com


بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى


بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى


تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى


تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى


تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى


كۈلتېگىن مەڭگۈ تېشى

ئۇيغۇر كلاسسك ئەدەبىياتى ۋە فولكلورىنىڭ

قوش ئايلىق ژۇرنىلى

# بۇلاق

25-يىل نەشرى

ئومۇمىي 97-سان

بەت بوسۇغىسى

# زامان شۇنداق ...

زامان ئوقىنى گەزلەپ ئاتسا، كىممۇ قورغانىنى قوغداپ قالالىسۇن؟ ئەگەر ئۇ تاغنى نىشانلاپ ئاتسا، تاغنىڭ ئۆزىمۇ، ۋادىلىرىمۇ پارە - پارە بولۇپ كېتىدۇ.

كىمكى تۇغۇلسا، ئۇ مەڭگۈ ياشىمايدۇ: دۇنيانىڭ قۇياشى، يۇلتۇزى دائىم تۇغۇلىدۇ، ھەرگىز ئۇپرىمايدۇ.

ئەگەر ساڭا قاتتىق كۈنلەر كەلسە، بۇمۇ ئۆتۈپ كېتەر دەپ سەۋر قىلغىن: دۇنيا ئىشلىرىنىڭ شۇنداق بولىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇر، ھەر بىر جاپا-مۇشەققەتكە ھەسرەت چېكىپ ئۆزۈڭنى ئالدۇرۇپ قويما.

— مەھمۇد كاشغەرى

«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تىن



2004- يىللىق 4- سان



# بۇلاق

باش مۇھەررىر: ئابلەت ئىمىن
(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: پەرىدە ئەمىن
(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

## بۇ ساندا

**ئۇيغۇر كلاسسىك خاتىرە ئەدەبىياتىدىن**

تارىخى رەشىدىي ........ مىرزا ھەيدەر كۈرەگان (5)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

**شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن**

دىۋانى مەۋلەۋىي يۇسۇف سەرىيامى ........ سەرىيامى (12)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت ئەھەت

**دىن، تارىخ ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى**

ئاقسۇ ئايكۆلدىكى قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرى توغرىسىدا ........
........ يۇسۇپجان ئەلى ئىسلامى (25)
«ھاياتلىق دەرىخى» ھەققىدە ........ تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى (45)

**ئەدەبىي مۇھاكىمە**

كلاسسىك شېئىر ـ قوشاقلارنى بويلاپ ........ بوغدا ئابدۇللا (52)
ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا چاچ تەسۋىرى ........ ئابدۇغاپپار ئابدۇراخمان (57)

مەسئۇل مۇھەررىر: پەرىدە ئەمىن

## ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتى

قەدىمكى مۇ قۇرۇقلۇقى.......................... ج. چېرچىۋارد (75)
رۇسچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: يۇسۇپ ئىگەمبەردى

## بىزنىڭ كلاسسىك سەنئىتىمىز

«ئانا مۇقام» ۋە «بالا مۇقام»لار مۇنازىرىسى ھەققىدە مۇلاھىزە
................................................ ئابدۇكېرىم رەھمان بۇچى(92)
مۇقام ئىيتقاندا تېكىستكە ئەھمىيەت بېرەيلى ............. مۇنەۋۋەر مۇھەممەت(105)

## تىل ۋە فولكلور تەتقىقاتى

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سالام - سەھەت ئادىتى ۋە سالام - سەھەت سۆزلىرى ھەققىدە
................................................ مەمەتئابدۇللا مەتتۇرسۇن (107)
خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مىراسلىرىنى توپلاش، رەتلەش ۋە تەھرىرلەشتىكى دىققەت
قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم نۇقتا.............................. گۈلنار بارات (111)

* *

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: بارخان

* *

مۇقاۋىنىڭ بىرىنچى بېتىدە: تۇنيۇقۇق مەڭگۈ تېشى

مۇقاۋىنىڭ ئىككىنچى بېتىدە: ئورقۇن مەڭگۈ تاشلىرى (تەمىنلىگۈچى: «دىيارىم diyarim» تور بېكىتى)

ئۈچىنچى، تۆتىنچى بەتلىرىدە: مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»غا كىرگۈزۈلگەن دائىرە (خەرىتە) نىڭ ئەسلىي نۇسخىسى ۋە ئۇيغۇرچە تەرجىمە نۇسخىسى (ئەرەبچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئەنۋەر سەمەد قورغان)

تەھرىر بۆلۈمىمىزنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2827726 (0991)
E—mail: bulak7@Hotmail.com

# تارىخى رەشىدى①

## مىرزا ھەيدەر كۆرەگان

### مۇللا مۇھەممەدنىياز ئىبن ئەبدۇلغەفۇر تەرجىمىسى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەتنۇردى مىرزىئەخمەت

### قەشقەرنىڭ ئىشغال قىلىنغانلىقىنىڭ بايانى

يېڭىھىسارنىڭ قانداق ئىشغال قىلىنغانلىقى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن قەشقەرنى ئىشغال قىلىش پىكىرلىرى قىلىنىۋاتاتتى. ئۈچۈنچى كۈنى خەۋەرچى يېتىپ كەلدى ـ دە: «قەشقەر ئەھلى شەھەرنى تاشلاپ، ھەممە كىشى تەرەپ ـ تەرەپكە قېچىپ كەتتى، شەھەر خالىي قالدى» دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزدى. شۇڭا، خاننىڭ مۇبارەك كۆڭلى قەشقەر تەرەپتىن تولۇق خاتىرجەم بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن خان دۆلەت ئايىغىنى غەلىبە ۋە نۇسرەت ئۈزەڭگۈسىگە قويۇپ، يەركەن تەرەپكە قاراپ يۈزلەندى، تولۇق نۇسرەت ۋە بەخت ـ سائادەت بىلەن ئىلگىرىلىدى. ئالدىدا خوجا ئەلى باھادىرنى ماڭدۇردى. بېيىت:

*كى چۈنبىشغە كەلدى زەمىنۇ زەمان،*
*مەگەركىم زەمىن بولدى چۈن ئاسمان.*
*جەھاننى قارا قىلدى گەردى سىپاھ،*
*ئەمەس ئېردى خۇرشىد پەيدا نە ماھ.*

يېڭىھىساردىن يۈرگەندە دەسلەپكى مەنزىل سايلىق دېگەن جاي ئىدى. شۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن بۇ غالىپ قوشۇن لەشكەرگاھ قۇرۇپ توختىدى. شۇ كۈنى: «مىرزا ئەبابەكر يەركەننى ئوغلى جەھانگىر مىرزىغا تاپشۇرۇپ، ئۆزى خوتەنگە كەتتى» دېگەن خەۋەر يېتىپ كەلدى. بۇ خەۋەر ئاڭلانغاندىن كېيىن قوشۇن ناھايىتى تېزلىكتە ئىلگىرىلىدى. ئۇلار قىزىلغا يېتىپ كەلگەندە يەنە: «جاھانگىر مىرزىمۇ يەركەننى تاشلاپ كەتتى. خوجا ئەلى باھادىر يەركەنگە كىردى» دېگەن خەۋەر ئاڭلاندى.

---

① ① بېشى ئۆتكەن ساندا.

دېمەك، تارىخقا توققۇز يۈز يىگىرمە، رەجەب ئاينىڭ ئاخىرى[1] خان يەركەنگە قەدەم تەشرىپ قىلىپ، خانلىق تەختىدە ئولتۇرۇپ، سۆدەك سۆزۈك تىغلىرىنىڭ سۈيى بىلەن زۇلۇم ئوتىنى ئۆچۈردى. بۇ غەلىبىنىڭ شادلىقى بىلەن زۇلۇم چەككۈچىلەر ھال تىللىرىدا مۇنداق نىدا قىلدى، [بېيىت]:

*ئەي قەددى زىبايىگە شايىستە بۇ شاھى قەبا،*
*شاھلىق تاجىغە زاتىڭدىن يېتىپ زىبىبۇ بەھا.*
*تىيرە ئەيلەر ئىدى ئالەمنى ستەمنىڭ زۇلمەتى،*
*سالماسە گەر لەمئەئى تىغىڭ جەھان ئىچرە زىيا.*

خان شەھەرگە كىرىشتىن ئىلگىرى مىر دائىمئەلىنى ۋە بەگمۇھەممەدنى خوتەننىڭ ھۆكۈمىتىگە مەسئۇل قىلىپ ئەۋەتتى. ھاجى مىرزا، سۇلتانئەلى مىرزا، قارا قۇلاق مىرزا، نەزەر مىرزا، مىر قەنبەر، مىرزا ئەلى تاغاي ۋە بەگقۇلى مەكرىت قاتارلىق بۇ يەتتە سەردار شىجائەت مەيدانى كوھىقافىدا گوياكى يەتتە باشلىق دېۋىدەك پالۋانلار ئىدى. بۇلارنى مىرزا ئەبابەكرنى قوغلاپ تۇتۇشقا ئەۋەتتى. بۇلار مىرزا ئەبابەكرنى تېزلىك بىلەن قوغلاپ كەتتى. خاننىڭ مۇبارەك خاترى بۇ مۇھىم ئىشلاردىن ئازاد بولغاندىن كېيىن، كۆپچىلىككە رۇخسەت ۋە ئاممىۋى يارلىق قىلىپ: «ھەركىمنىڭ ئولجا ئالىدىغان خىيالى بولسا، بېرىپ ئولجا ئېلىشقا مەشغۇل بولسۇن» دەپ بۇيرۇدى. شۇنىڭدىن كېيىن، پۈتكۈل لەشكەرلەردىن كىمكى ئولجا ئېلىشقا مايىل بولسا، شۇ ھامان يۈرۈپ كەتتى. بېيىت:

*ھەمە ئەل رەۋان بولدىلار كىنەخاھ،*
*بولۇپ بار ئىقبالى ئەۋنى ئىلاھ.*

يەنە بەزى ئەمىرلەر بار ئىدى، ئولجا ئېلىش ئۇلارنىڭ شەنىگە مۇناسىپ ئەمەس ئىدى. ئۇلار خاننىڭ مۇلازىمىتىدە قالدى.

خان بۇ ئىشلاردىن خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن، سائادەت ۋە غالىبىيەت بىلەن يەركەن شەھىرىگە قەدەم تەشرىپ قىلىپ، ئەرككە[2] چىقتى. ئەرك ئۈستىدە شۇ قەدەر ئالىي ئىمارەتلەر بار ئىدىكى، ھەر ئىمارەتتە نەچچىلىگەن ئۆي ۋە ھوجرىلار بولۇپ، ئۇنىڭ تولىلىقىدىن ئەقىل ھەيران قالىدۇ. ئۇ ئىمارەتلەرنىڭ ئەتراپىدا نۇرغۇن ھوجرىلار بولۇپ، ئۇنىڭدا خىتاينىڭ نەپىس ماتالىرى، كىرماننىڭ زىلچىلىرى، دۇبۇلغا ـ قۇياق، ئىگەر ـ توقۇم، ئوق ـ يا ۋە پادىشاھلارغا كېرەكلىك ئەسۋاب ـ ئەسلىھەلەرنىڭ ھەممىسى تولۇپ ـ تېشىپ تۇراتتى. مىرزا ئەبابەكر ئۇلارنى بۇ يەرگە يوشۇرۇپ قويغانىكەن، بۇلاردىن ھېچكىمنىڭ خەۋىرى يوق ئىكەن؛ قالغىنىنى جەھانگىر مىرزا قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە ئېلىپ، قېپقالغىنىنى ئۆزى بار ۋاقتىدا خالايىققا تالان ـ تاراج قىلىشقا قويۇپ بەرگەنىدى. پۈتكۈل خالايىق ئومۇمىي تالان ـ تاراجغا كىرىشتى. ئۇلار تاكى خوجا ئەلى باھادىر يېتىپ كەلگۈچە تالان ـ تاراجغا مەشغۇل

---

[1] ھىجرىيە 920 ـ يىلى رەجەب ئايىنىڭ ئاخىرى مىلادىيە 1514 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنلىرىگە توغرا كېلىدۇ.
[2] ئەرك — ئىچكى قەلئە، پادىشاھنىڭ شەھەر ئىچىدىكى قورغىنى ياكى سارىيى.

بولدى. خوجا ئەلى باھادىر يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، تالان - تاراجدىن ئېشىپ قالغان نەرسىلەرنى مۇھاپىزەت قىلىنغاندى. خان خوجا ئەلى باھادىردىن يەتتە كۈن كېيىن يېتىپ كەلدى ۋە خانمۇ ئومۇم خالايىققا تالان - تاراج قىلىشقا ئىجازەت بەردى. نەق پۇل ۋە قىممەتلىك بۇيۇملار خان كېلىشتىن بۇرۇنلا تالان - تاراج قىلىنىپ بولغانىدى. قالغان نەشيالار ئۆي ۋە ھويلىلاردا تولۇپ - تېشىپ تۇراتتى.

مىرزا ئەبابەكرىنىڭ مال - مۈلكىنى تاكى ئىككى ئايغىچە تالان - تاراج قىلىشتى. يەنىلا كوچىلاردا ۋە ئۆيلەردە ساۋۇت ۋە مال - مۈلۈكلەر تولا ئىدى. خەلققە ئۇنى ئېلىشقا پۇرسەت يوق ئىدى. بېيىت:

*بەقەدرى زەرۇرەت كېرەك مالنى گەنىج،*
*زەرۇرەتدىن ئارتۇق كېرۇر دەردۇ رەنىج.*
*تولا - ئازىدىن سەن ۋەفا ئىستەمە،*
*بۇ ۋەيرانە ئىچرە بەقا ئىستەمە.*
*ئەگەر مالى قارۇن قولۇڭغە كېلۇر،*
*يىپگەندۇر سېنىڭ، ئۆزگە جۇملە قالۇر.*
*كۆڭلىكىم جەھاندىن قىلۇرسەن خىرام،*
*كېتەرسەن، بولۇر مال تاراجى ئام.*
*بولۇر خەلق مالىڭ بىلە كامياب،*
*ساڭادۇر ۋە لېكىن ھېسابۇ ئەزاب.*

شۇنداق قىلىپ، مىرزا ئەبابەكر ئۆزىنىڭ قىرىق سەككىز يىل ئىچىدە بار مېھنەت ھەممە مۇشەققەتلەر بىلەن يىغىپ، بېخىللىق ۋە خەسىسلىك بىلەن ساقلىغان بۇ مال مۈلۈكلىرىنى ئاخىر يۈزمىڭ ھەسرەت ۋە نادامەتلەر بىلەن تاشلاپ كەتتى. خان بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىردەمدە، بىر ئېغىز سۆز بىلەنلا تالان - تاراجغا بەردى. خالايىق ئۇ مال - مۈلۈكلەرنى ئىككى ئاي ئىچىدە پاك - پاكىزە يىغىشتۇرۇپ تۈگەتتى. ئىلگىرىكىلەرنىڭ: «بەختىيار كىشى شۇكى، يېدى ئۆلدى، بەختسىز كىشى شۇكى، يىمەي قويۇپ كەتتى» دېگىنىدەك ئىش بولدى. بېيىت:

*ئانچە ئول ئۆمىر ئىچرە سامان ئەيلەدى،*
*لەھزەئى ئانى پەرىشان ئەيلەدى.*

ئىككى - ئۈچ ئايدىن كېيىن ھەر تەرەپكە تارقىغان لەشكەرلەر غەنىيمەتلەر بىلەن سالامەت يېتىپ كەلدى. ئۇلار ھەرقايسىسى تاپقان ئولجىلىرىنى پېشكەش قىلىپ ئېلىپ كەلدى. ئەمما، خان خەلقنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۇنى موغۇل رەسمى بويىچە شۇ لەشكەرگە تەقسىم قىلىپ بەردى. قاراڭغۇ تاغدىن يېنىپ كەلگەن بەزى ئەمىرلەرنىڭ ئېلىپ كەلگەن پېشكەشلىرى پېقىرنىڭ خاتىرىمدە بار. ئۇلار ئالتۇن - كۈمۈش جابدۇقلار ۋە قاچا - قۇچىلاردىن باشقا يەنە ئەندىجان پاتمىنىدا بىر پاتمان تىللا رىگ (قۇم ئالتۇن، كېپەك ئالتۇن)

پىشكەش قىلدى، ئەندىجاننىڭ بىر پاتمىنى ئاتمىش تۆت چارەك، ھەر چارىكى تۆت يۈز مىسقالدۇر. باشقا ئەشيالارنى مۇشۇنىڭغا قاراپ قىياس قىلماق كېرەك.

## مىرزا ئەبابەكرىنىڭ كەينىدىن قوغلاپ بارغان ئەمىرلەر ئەھۋالىنىڭ بايانى

خان توقۇز ئەمىرنى خوتەنگە ماڭدۇرۇپ، ئۇلاردىن ئىككىسىنى خوتەننىڭ ھۆكۈمىتىگە مەسئۇل قىلغان ۋە يەتتە ئەمىرنى مىرزا ئەبابەكرنى قوغلاپ تۇتۇپ كېلىشكە ئەۋەتكەنىدى. بۇلار قاتتىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، تېزلىكتە يۈرۈپ خوتەنگە باردى. پۈتكۈل خوتەن ئەھلى ئەمىرلەرنىڭ ئىستىقبالىغا چىقتى ۋە خەزىنىلەردىكى، ئامبارلاردىكى بارلىق مال – مۈلۈكلىرىنى، چارۋىلىرىنى ئەمىرلەرگە تاپشۇردى. ئەمىر دائىمئەلى ۋە مىرەك مۇھەممەد بۇيرۇق بويىچە خوتەندە قېلىپ، مەملىكەت ۋە رەئىيەتنى ئىدارە قىلىشقا مەشغۇل بولدى. قالغان يەتتە سەردار قاراڭغۇ تاغقا قاراپ گوياكى يەتتە باشلىق دېۋىدەك يۈرۈپ كەتتى. ئۇلار قاراڭغۇ تاغقا يېتىپ كېلىپ كۆردىكى، مىرزا ئەبابەكر قاراڭغۇ تاغدىن ئۆتۈپ كېتىپتۇ، ئۇنى قوغلاپ يېتىشنىڭ ئېھتىمالى قالماپتۇ. ئەمما، بارلىق مال – مۈلۈك ۋە خەزىنىلەرنى تاشلاپ كەتكەنىدى. ئۇلار كۆردىكى، توپچاق ئاتلارنىڭ ھەربىرى، بېيىت:

*گىدى باد رەفتارۇ ھامۇن نەۋەرد،*
*بەھادۇرغە يار گېردى روزى نەبەرد.*
*كى جەۋلان قىلۇر گېردى مەگشۇقەدەك*
*يېتەلمەس گىدى باد گېتىپ تېز تەك.*

مۇشۇنداق ياخشى توپچاق ئاتلارنىڭ ھەممىسى ئۆلتۈرۈپ تاشلانغانىدى. توپچاق ئاتلارنىڭ ئۆلۈكىنىڭ تولىلىقىدىن يول توسۇلۇپ قالغانىدى. مال – مۈلۈك، ماتالارنى ۋە ئالتۇن – كۈمۈشلەرنى يۈكلەپ ماڭغان خېچىرلارنىمۇ قويماي ئۆلتۈرگەنىدى. بۇنىڭ ئېنىق سانى خاتىرىمدە قالماپتۇ. توقۇز يۈز خېچىر ياكى توقۇز يۈز قاتار خېچىر بولسا كېرەك. ئۇلار بۇ يەرگە يەتكەندە كۆردىكى، ئېسىل ماتالار ۋە ئىگىنلەرگە ئوت قويۇۋېتىپ كېتىپتۇ. بۇ يەردە نەچچە خامان كۈل ھاسىل بولۇپ قاپتۇ. ئۇلار بۇ كۈللەرنى ئاختۇرۇپ، ئالتۇن بېزەكلىك كىيىملەر ۋە ئالتۇن ئىشلىتىپ توقۇلغان ماتالاردىن ئايرىلىپ، كۈل ئىچىدە قالغان ئالتۇنلارنى تېپىۋېلىشتى. قارىسا جاۋاھىرلارنى پۈتۈنلەي كۆيدۈرۈپتۇ، ئەمما ياقۇت ھېچقانداق ئۆزگەرمەپتۇ. فىروزا قارا بولۇپ قاپتۇ، ئۇنىڭ ئەسلىدىكى رەڭگى مۇتلەق قالماپتۇ. لەئل پارچە – پارچە بولۇپ كېتىپتۇ ۋە رەڭگىمۇ بەكلا ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ. مەرۋايىت پۈتۈنلەي كۆيۈپ كۈل بولۇپ، كۈلدىن ھېچ پەرقلەندۈرگىلى بولمايدىغان بولۇپ قاپتۇ. بىجادەنىڭ[1] رەڭگىمۇ بەكلا ئۆزگىرىپ، ھېچ گۈزەللىكى قالماپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئەمىرلەر كۈل ئاختۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، قاراڭغۇ تاغ كۆۋرۈكىنىڭ ئۈستىگە باردى. كۆردىكى، خورجۇن

---

① بىجادە — قىزىل رەڭلىك بىر خىل گۆھەر تاش، كەھرىۋا.

بىلەن دەرياغا تاشلانغان تىللالار سۇنىڭ تېگىدە شولا چېچىپ تۇرۇپتۇ. ئالتۇن ـ كۈمۈش قاچىلارمۇ سۇنىڭ قەرىدە گوياكى ئايدەك جىلۋىلىنىپ تۇرۇپتۇ. ئۇ قاچىلارنى ۋە تىللالارنى ئېلىشقا قانچە پىكىر قىلىپ، ئورۇنۇپ باقتى. قارىسا ئۇ يەرگە سۇ ئېگىز تاش ئۈستىدىن چۈشۈپ، جۇش ئۇرۇپ قايناپ تۇرۇپتۇ. ئادەمزاتنىڭ ئۇ سۇغا كىرىش ئىمكانىيىتى يوق. شۇنىڭدىن كېيىن ھەر كىشى بىردىن ئۇزۇن ياغاچ تاپتى. ياغاچنىڭ ئۇچىغا قوللاپ بېكىتتى. ئاندىن نەچچە ياغاچنى بىر ـ بىرىگە ئۇلاپ سالغانىدى، ناھايىتى تەسلىكتە سۇغا يەتتى. لېكىن، مىرزا ئەبابەكرى خەزىنىسىنى سۇغا تاشلايدىغان چاغدا: «كىشىلەرنىڭ تىللالارنى ئېلىشى قىيىن بولسۇن ئۈچۈن، خورجۇنلارنى يىرتىپ تاشلاڭلار!» دەپ بۇيرۇغانىدى. شۇڭا، بىر قانچە خورجۇننى پارە ـ پارە قىلىپ، تىللانى سۇغا تۆكتى. ئەمما، خورجۇنلار پۈتۈنلەي كۆندىن تىكىلگەن بولغاچقا، ئۇنى يىرتىپ بولغۇچە ۋاقىت قىستاپ قالدى. ئىنتايىن ئالدىراشچىلىق ۋە ئىزتىراپ تۈپەيلىدىن قالغان خورجۇنلارنى يىرتىشقا ئۈلگۈرەلمەي، ئىلاجىسىز شۇ پېتىچە سۇغا تاشلىغانىدى. بۇ ۋەقەدىن نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئەمىرلەر يېتىپ كەلدى. ئۇلار ياغاچلارنى سۇ تېگىگە يەتكۈزۈپ، قوللاپنى خورجۇنغا ئىلىندۇرۇپ تارتاتتى. خورجۇنلار سۇدا ئۇزاق تۇرۇپ چىرىگەنلىكتىن يىرتىلىپ، قوللاپتىن ئاجراپ چىقىپ كېتەتتى. ئۇلار ئىچىدىكى بەزى كىشىلەرنىڭ تەلىيى ئوڭ كېلىپ، خورجۇن يىرتىلماي، تىللا بىلەن چىقاتتى. ھەربىر خورجۇننى بىر خېچىر كۆتۈرەتتى. ئالتۇن ـ كۈمۈش قاچىلاردىن تۇتقۇچى بارلىرىنى پۈتۈنلەي قوللاپ بىلەن ئىلىندۇرۇپ ئالدى. تۇتقۇچى يوق قاچىلارنى ۋە خورجۇنلاردىن ئاجراپ سۇغا تۆكۈلگەن تىللالارنى ھېچقانداق ئامال بىلەن زادى ئالالمىدى. دېمەك، ئۇنىڭ يۈز ھەسسىسىدىن بىر ھەسسىسىنى بۇلار ئالدى، قالغىنى سۇدا قالدى. شۇنداقتىمۇ مۇشۇ ئالغان ئەشيالىرى بىلەن ھەممىسى باي ۋە زەردارلاردىن بولۇپ، مەمنۇنىيەت بىلەن قايتىپ كەلدى. بارغانلارنىڭ ھەربىرى چاغلىغىنىدىن نەچچە ھەسسە زىيادە مال ـ مۈلۈك ۋە بايلىق بىلەن كەلدى. ھازىرغىچە موغۇلنىڭ بارلىق مال ـ ئەسبابلىرى ئاشۇ خەزىنىنىڭ مېۋىسىدۇر.

## مىرزا ئەبابەكرى پەرزەنتلىرىنىڭ ئاقىۋەت ئەھۋالىنىڭ بايانى

ۋاقتىكى، زاماننىڭ ھاتىمى ۋە جاھاننىڭ ھاكىمى ھەزرىتى سۇلتان سەئىدخان يەركەن تەختىدە ئورۇنلىشىپ، ھەممە زورۇر ئىشلارنى بېجىرىپ تامامىلىدى. شۇ چاغدا خانغا: «مىرزا جەھانگىر ئاتىسىنىڭ كەينىدىن تۈبەتكە بارماپتۇ. سانجۇ چېگرىسىدا تۇرۇۋېتىپتۇ» دەپ مەلۇم قىلىنىشتى. شۇڭا، خان تاغامغا: «قېرىندىشىڭىزنىڭ ئوغلىنى ئېلىپ كەلگەيسىز» دەپ يارلىق قىلدى. تاغام بۇيرۇققا بىنائەن سانجۇغا باردى، جەھانگىر مىرزا گوياكى بەخت ـ دۆلەتكە ئوخشاش تاغامنىڭ ئىستىقبالىغا كەلدى. ئۇ ناھايىتى سۇلغۇن ئىدى ۋە مۇنداق ئەرز قىلدى: «روشەن ۋە ئاشكارىدۇركى، پېقىر ئاتامنىڭ سەلتەنىتى زامانىدا ھېمىشە ئاتامنىڭ غەزىپى ۋە سىياسىتىنىڭ قورقۇنچىسىدىن تىترەپ ۋە چۆچۈپ، خىلۋەت بۇلۇڭ ـ پۇچقاقتا ئۆمۈر ئۆتكۈزگەنىدىم، جان ۋەھىمىسىدىن باشقا ھېچقانداق پىكىر كۆڭلۈمگە كەچمەيتتى. بۇ مۇددەت ئىچىدە بىر سائەتمۇ ئاراملىق ۋە پاراغەت كۆرمىگەنىدىم. ھەمىشە سوزۇلۇشچان قوللىرىمنى

پىنھانلىق ئاستىدىن چىقىرالمايتتىم. تەمەئىم كۆزىنى مەملىكەت، مەنسەب ۋە ھۆكۈمەت ھۆسنىگە ئاچمايتتىم. دائىم نامۇرادلىق جامىدا سىياسەت زەھرىنى ئىچەتتىم. ۋاقتىكى، ئاتامنىڭ دۆلىتىنىڭ ھۇلى خارابىلىققا يۈزلەندى. ھەشەمەت بىناسى خان لەشكىرىنىڭ زىلزىلىسىدىن ۋەيران بولدى. شۇ چاغدا مېنى خىلۋەت بۇلۇڭدىن چىقاردى – دە، ھۆكۈمەت تەختىدە ئولتۇرغۇزدى. پېقىر قىرىق ئىككى يىللىق ئۆمرۈم ئىچىدە تەجرىبە ئايىغىنى پىنھانلىق ئېتىكىدىن چىقارماپتىمەن، دائىم ۋەھىمە ۋە قورقۇنچ شەربىتىنى خەۋپ – خەتەر قەدىھىدە ئىچىپتىمەن. بۇ ھۆكۈمەتنىڭ بىر نەپەسچىلىكمۇ پۇرسىتى قالمىغان تۇرسا، ئۇنىڭغا مەن قانداقمۇ باش بولالايمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاتامنىڭ ئادىتى شۇنداق ئىدىكى، ھەر دائىم پەرزەنتلىرىدىن بىرەرسىنى ئۆلتۈرسە، مېنىڭ ھوزۇرۇمدا: «بۇ ئۆلتۈرگەن ئوغلۇم شىجائەتلىك، قابىل ۋە غەيۇر ياش ئىدى، ئەگەر ئۇنى ئۆلتۈرمىسەم ئۇ ماڭا شىرۇيە ئاتىسى خۇسرەۋگە، ئەبدۇللەتىف مىرزا ئاتىسى مىرزا ئۇلۇغبەگكە قىلغان مۇئامىلىنى قىلاتتى» دەيتتى. مەن بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، جېنىمنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ناقابىللىق، بوشاڭلىق ۋە غەيرەتسىزلىك قىلىشقا كىرىشەتتىم. ھەممىگە مەلۇمكى، قىرىق ئىككى يىل ئىچىدە سۇسلۇق، ناقابىللىق ۋە جۈرئەتسىزلىكتىن بۆلەك ئىش بىلەن شۇغۇللىنىپ باقمىغان تۇرسام، ئاتام ئۆزى ۋەيران قىلىپ قويغان بۇنداق بىر پۇرسەتلىك سەلتەنەتكە قانداق باش بولالايمەن، قانداقمۇ ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايمەن؟ ... ئاتامنىڭ قىلغان كارى – بارىدىن ھېچ بىرىدىن خەۋىرىم يوق. مەندىن ھېچكىمگە زۇلۇم ۋە تەئەددى يەتكەن ئەمەس. خەلققە ھەر نېمە يەتكەن بولسا، ئاتامدىن يەتكەندۇر. «بىر گۇناھكار ئادەم باشقا ئادەمنىڭ گۇناھىغا جاۋابكار ئەمەس (بىر ئادەمنىڭ گۇناھى بىلەن باشقا بىر ئادەم جازاغا تارتىلمايدۇ)»① دېگەن كەرەملىك ئايەتنىڭ ھۆكمى بىلەن ماڭا گۇناھ قويمىغايلا، ئاتامنىڭ گۇناھى بىلەن مېنى گۇناھكار قىلمىغايلا. مەن خاننىڭ ھوزۇرىغا بارايى، قالغان ئۆمرۈمنى خاننىڭ خىزمىتىدە ئۆتكۈزەيى» دەپ، ناھايىتى ئاجىزلىق ۋە شىكەستىلىك بىلەن يۇقىرىقى سۆزلەرنى ئىزھار قىلدى.

تاغام ئۇنىڭغا تولۇق تەسەللى بېرىپ، خەزىنە، مال – مۈلۈك ۋە چارۋا – مال پېشكەشلىرى بىلەن بىللە خاننىڭ ھوزۇرىغا ئېلىپ كەلدى. بۇ جاھانگىر مىرزا ئىسان بۇغاخاننىڭ قىزىدىن تۇغۇلغان ئوغۇل ئىدى. ئىسان بۇغاخاننىڭ كىچىك ئىنىسى يۇنۇسخان سۇلتان سەئىدخاننىڭ بوۋىسى ئىدى. مىرزا ئەبابەكر ئاقسۇنى ئالغان ۋاقتىدا، ئاقسۇ ئالاچە خاننىڭ پايتەختى ئىدى. يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگىنىدەك، ئالاچە خاننىڭ تۆتىنچى قىزى خەدىچە سۇلتان خېنىم مىرزا ئەبابەكرنىڭ قولىغا تۇتقۇن بولۇپ قالغانىدى. مىرز ئەبابەكر خەدىچە سۇلتان خېنىمنى ئەتىۋارلاپ ۋە ئېھتىرام بىلەن ساقلاپ، بالاغەت مەزگىلىگە يەتكەندە ئوغلى جەھانگىر مىرزىغا ئېلىپ بەرگەنىدى. بۇ خەدىچە سۇلتان خېنىم مۇشۇ چاغدا خان بىلەن دىدارلاشتى. خان خەدىچە سۇلتان خېنىم بىلەن ئاتىمۇ بىر، ئانىمۇ بىر بىرتۇغقان ئىدى.

ئەلقىسسە، خان جەھانگىر مىرزىغا ناھايىتى كۆپ ئىلتىپات ۋە ئىنايەتلەرنى قىلىپ، ئۇنى ئەزىز ۋە مۇكەررەم تۇتتى. مىسرا:

*پۈتۈلمەسلەر ساڭا ھەرگىزكى بىرەۋنىڭ گۇنەھىن.*

① قۇرئان كەرىم، 6 – سۈرە، ئەنئام 164 – ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

خان ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ قىلغان گۇناھلىرى ۋە قەبىھ قىلمىشلىرىنى تەل - تۆكۈس كۆڭلىدىن چىقىرىۋېتىپ، جەھانگىر مىرزىنى ئۆزىنىڭ ئۇرۇغ - تۇغقانلىرىنىڭ مەرتىۋىسىگە چىقاردى، ئۇنىڭغا: «خەدىچە سۇلتان خېنىمنى ئالاھىدە ئالىي توي قىلىپ بەرمەك كېرەك» دەپ ۋەدە قىلىپ، يارلىق چۈشۈردى.

شۇ زىمىستاننىڭ ئاخىرىدا يېڭىھساردا بىر كېچىسى جەھانگىر مىرزىنى پۈتكۈل مۇلازىملىرى بىلەن بىللە ئۆلتۈرۈپتۇ. كىمنىڭ ئۆلتۈرگەنلىكى ھېچ مەلۇم بولمىدى. خالايىق گۇمان بىلەن بۇ ۋەقەنى خىلمۇ خىل كىشىلەرگە باغلاپ قىياس قىلىشتى. تەڭرى ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

مىرزا ئەبابەكرىنىڭ پەرزەنتلىرى كۆپ ئىدى. نەچچىلىگەن قابىل پەرزەنتلىرىنى ئۆزى ئازاب ۋە ئوقۇبەتلەر بىلەن ئۆلتۈرگەنىدى. قالغانلىرىنىڭ چوڭى جەھانگىر مىرزا ئىدى. ئۇنىڭ ئەھۋالى يۇقىرىدا زىكىر قىلىندى. ئۇنىڭ يەنە سۇلتان مەھمۇد مىرزا ئىبنى سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ قىزىدىن ئىككى ئوغلى بار ئىدى. بىرىنىڭ ئېتى تۇرانگىر مىرزا، يەنە بىرىنىڭ ئېتى بوستانگىر مىرزا ئىدى. مىرزا ئەبابەكر ئۆلتۈرۈلگەن زىمىستان ئاخىرلىشىپ، باھار مەزگىلىدە توبەتكە كىشى ئەۋەتىلىپ، ئۇنىڭ ئەھلى ئاياللىرى ئالدۇرۇپ كېلىندى. مىرزا ئەبابەكرىنىڭ ھەرەمى خانزادە بېگىمنى تاغام يەڭگە قاتارىدا نىكاھىغا ئالدى. تۇرانگىر مىرزا خاننىڭ مۇلازىمىتىدە ئىدى. ئاقىۋەت سۇغا چۆكۈپ ئۆلدى.

ئەمما، بوستانگىر مىرزا توبەتتە ئانىسى ۋە قېرىنداشلىرىدىن ئايرىلىپ، يەركەنگە كەلمەي، كەشمىرگە بېرىپ، كەشمىردىن ھىندىستانغا باردى. بۇ ۋاقىتلاردا بابىر پادىشاھ تېخى ھىندىستاننى ئالمىغانىدى. بوستانگىر مىرزا ھىندىستاندىن قېچىپ، كابۇلغا باردى. گەرچە بوستانگىر مىرزا پادىشاھنىڭ تاغىسىنىڭ قىزىنىڭ ئوغلى بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئاتىسى مىرزا ئەبابەكرىنىڭ قىلمىشلىرىنىڭ يامانلىقى تۈپەيلىدىن، بابىر پادىشاھ ئۇنىڭغا ئىلتىپات قىلمىدى. ئۇ كابۇلدا تۇرالماي، ئىلاجىسىز ھالدا بەدەخشانغا، مىرزاخاننىڭ ھوزۇرىغا باردى. مىرزاخان بوستانگىر مىرزىنىڭ ئاتىسى بىلەن بىر تۇغقان ئىدى، مىرزاخانمۇ مىرزا ئەبەكرىنىڭ ئاداۋىتى تۈپەيلىدىن تۇغقانلىقتىن يۈز ئۆرۈدى. شۇڭا، ئۇ يەردىنمۇ قېچىپ، ئۆزبېك شەيبانىخان تەرەپكە باردى. سۈيۈنچەكخان ئۇنى: «بۇ بىر ئادەم بالىسى، ئۇنىڭغا ئىلتىپات ۋە ياخشىلىق قىلىش بىزنىڭ بويىنىمىزدىكى زۆرۈرىيەت» دەپ، ئىززەت - ئىكرام قىلىپ، ئوبدان مۇھاپىزەت قىلدى. بوستانگىر مۇشۇ كۈنلەرگىچە ئەندىجان ۋە تاشكەنتتە ئىززەت ۋە ئىكرام بىلەن تۇرۇۋېتىپتۇ. ئۇ قابىلىيىتى ۋە ياخشى خىسلەتلىرى بىلەن مەشھۇر.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

(مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە، كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

www.uyghurkitap.com

# دىۋانى مەۋلەۋىي يۈسۈف سەرىيامى①

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت ئەھەت

## مۇخەممەس بىر غەزەل فۇزۇلى

مىھنەت ئاباد جەھانە راھەتى جانى ئۇنۇت،
چىغ بۇ دەير كۆھنەدىن ئەفسۇردە مەئۋانى ئۇنۇت،
ئەيش باقىنى دىلەرسەن ھەرنەكىم فانى ئۇنۇت،
بەھر ئىشقغە دۇشدىلىڭ، ئەي دىل زەۋقى دۇنيانى ئۇنۇت،
بالىغ ئولدۇڭ كەل رەھىمدىن ئىچدىكىڭ قانى ئۇنۇت.

خاكىراھىن سۇرمە قىل ھەركىمدە بولسە بۇيى دەرد،
سۇبھىدەك چاك ئەت گىرىبانىڭنى چەكغىل ئاھى سەرد،
باردىلار ئەسھابى ئەقرانىڭنى بار فەرد ـ فەرد،
ۋىردى رىھلەتدىن خەبەر مويسەفىدۇ رۇيى زەرد،
چىھرەئى گۇلگۇن ئىلە زۇلفى پەرىشانى ئۇنۇت.

قالمادى دەۋران غەمىن بىر كۆرمەغەن ئاۋارە باش،
كىردى تۇفراغ ئىچرە نەچچە ئارەزى ماھۇ قۇياش.
پارە قىل ياقاڭنى بۇ ھەسرەتدە ئۇرغىل باشە تاش،
چەك نەدامەتدىن كۆكە دۇدى دىل دۆك قانلى ياش،
سەرۋ نازى تەركىن ئەت گۇل بەرگ خەندانى ئۇنۇت.

تەرك ئېتۇپ ئۆزلۇكنى تاشلە خۇدنەمالىغ شيۋەسىن،
ئەيلەمە ئەل كۆزلەرىدە پارسالىغ شيۋەسىن،
قايدە بارساڭ ئەيلە زار بىنەۋالىغ شيۋەسىن،
تۇت غەنىمەت فەقر مۇلكىدە گەدالىغ شيۋەسىن،
ئىئتىبارى مەنسەبى دەرگاھى سۇلتانى ئۇنۇت.

مەست ئول مەيخانەدە ساقى ئەياقىنە قولىن،
ئالمە ھەسرەت جامىنى پەيمانەئى ئەيشىڭ دولىن،
دەھرە دامەن چەك ھەۋەس تاشلاپ ئانى سارى يولىن،
چەكمە ئالەم قەيدىنى، ئەي سەر بەلەند فەقر ئولىن،

---

① بېشى 2003 ـ يىللىق 6 ـ ساندا.

سەلتەنەت تەختىدە ئېردىلىڭ بەندى زىندانى ئۇنۇت.

مېھرىن ئىستەپ ھەر زەمان چۇن زەررە بۇلغىل بىقەرار،
باش - ئاياغىڭ دىيدە قىل ئولتۇر يولىدە ئىنتىزار،
گەردى راھىلە كېتۇر مىرئاتى كۆڭۈلدىن غۇبار،
لەۋھى خاتىر سۇرەتى جانەنە قىل ئايىنەۋار،
ئانى ياد ئەت ھەرنەكىم يادىڭدەدۇر ئانى ئۇنۇت .

سۇنسەلەر دەۋران ساڭا كۇلفەت ئاياغىن دەمبەدەم،
نۇش قىل دەم ئۇرمە ئۇرسە لۇجەئى مەۋۋاج غەم،
يەتسە بەھر فەزلىدىن يۇسۇف نەغەم بىر قەترە نەم،
ئەي فۇزۇلى چەك نەدامەت رەھگۇزارىدىن قەدەم،
لەھزە - لەھزە چەكدىكىڭ بىھۇدە ئەفغانى ئۇنۇت.

※ ※

مۇناجات

قەدىم ھەيىي قەييۇمى كى ئەشيا زاتىڭە ئىسبات،
سەنىيۇ ئەھەدلىغىڭگە شاھىد ئايات ھەر زەررات،
خۇداۋەندى ئېرۇرسەن خالىقى ئەھيا بىلەن ئەمۋات،
كېلىپ شايانى زاتىڭگە ئىجابەت بەندەدىن دەئۋات،
رەۋا قىل ھاجەتى ھەر بەندەنى، يا قازىيۇل - ھاجات.

ئەلىمى سەنكى ئالەم جۇملەئى غەيب شەھادەتدىن،
ئۆتۈپدۇر جۇرم ئەفئال بەدىمىز ھۇدۇ غايەتدىن،
كۆزۇمدىن تۆكمەدىم بىر سائەتى ئەشك نەدامەتدىن،
ۋە لېكىن بار ئۇمىدىم لۇتف بەھرى بىنىھايەتدىن،
رەۋا قىل ھاجەتى ھەر بەندەنى، يا قازىيۇل - ھاجات.

تەۋانالىغ ساڭا شايەستە بىزلەر ناتەۋاندۇرمىز،
كى فىسقى جۇرمى ئىسيان زەخمەتىدىن باغرى قاندۇرمىز،
زەلالەت كوچاسىدە بىز يامانلاردىن ياماندۇرمىز،
ئۇمىد ئول ئۇممەتى پەيغەمبەر ئاخىر زەماندۇرمىز،
رەۋا قىل ھاجەتى ھەر بەندەنى، يا قازىيۇل - ھاجات.

خۇداۋەندە ئىجابەت سەندىنۇ قىلماق دۇئا بىزدىن،
قەبۇل ئەتمەك يەراشۇر زاتىڭگە يۇز ئىلتىجا بىزدىن،

گۇنەھلەر ئەيلەدۇك تا تىترەدەي ئەرزۇ سەما بىزدىن،
كىچۇرغىل جۇرمىمىز لۇتفۇڭ بىلەن، يا رەببەنا بىزدىن،
رەۋا قىل ھاجەتى ھەر بەندەنى، يا قازىيۇل - ھاجات.

ئىلاھا، مەن ئۆزۈمنى نەفس دامىغە ئىلىندۇردۇم،
ھەۋادىن خۇدنەمالىغ دىۋەنى بوينۇمغە مىندۇردۇم،
خۇدايا تەۋبە قىلدىم يۈز يولى تەۋ بەمنى سىندۇردۇم،
تەزەررۇئ گەردەننى دەرگەھىڭگە باز ئىندۇردۇم،
رەۋاقىل ھاجەتى ھەر بەندەنى، يا قازىيۇل - ھاجات.

ئۆيالماي مەئسىيەتدىن باش كۆتەرمەي سەرنىگۇندۇرمەن،
بۇ ئەۋزالى بەدىمدىن مىھنەت ئىلكىدە زەبۇندۇرمەن،
بولۇپ پامالى شەيتان نەفسىنى ئۈستىدە نۇندۇرمەن،
تىلەپ ئەفۇ گۇناھىم دەرگەھىڭدە دىيدە خۇندۇرمەن،
رەۋا قىل ھاجەتى ھەر بەندەنى، يا قازىيۇل - ھاجات.

تىلەرمەن بۇ تىلىمنى غەير زىكرىدىن جۇدا قىل دەپ،
كۆزۈمنى ھەر تەرەف سالغاندە ئىبرەت بىرلە ۋاقىل دەپ،
دىلىمنى مەئرىفەتدىن كۆزگۈيى گىتىنىما قىل دەپ،
تەن زارىمدە جانىم شەۋق بىرلە ئاشنا قىل دەپ،
رەۋاقىل ھاجەتى ھەر بەندەنى، يا قازىيۇل - ھاجات.

ئىلاھا، زىكرىڭە زاكىر كىبلىپدۇر ماھى تاماھى،
بەسى شەرمەندەدۇرمەن قىلمايىن زىكرىڭنى كى گاھى،
نە بولدى چەكمەدىم ئۆمرى نەدەمەت بىرلە بىر ئاھى،
كىيتۈردۇم ئەشك ئالۇ ھەم يەنە رۇخسارەئى گاھى،
رەۋا قىل ھاجەتى ھەر بەندەنى، يا قازىيۇل - ھاجات.

ئەھەددۇرسەن كى دايىم سامىئ كۈللى مۇناجاتى،
سەمەددۇرسەن كىفايەت ئەيلەمەككە ھەر مۇھىمماتى،
سەمىئۇ ئالەمۇ دانايى سىررۇ ھەم خوفىيساتى،
تەئالەللاھ كى سەندىن كۆپ بۇ يۇسۇفى قۇلنى ھاجاتى،
رەۋا قىل ھاجەتى ھەر بەندەنى، يا قازىيۇل - ھاجات.

⁜ ⁜

ئەي قەدىڭ توبىي جەمالىڭ جەننەتۇ كەۋسەر ھەدىس،
ھەق كەلامىدۇر دەھانىڭدىن چىقىپدۇر ھەر ھەدىس.

جان تاپۇپ ئەفسۇردە تەنلەر جانى ئاندىن تاپتى جان،
كىم مەسىھادەك لەبىڭدىن چىقتى جانپەرۋەر ھەدىس.
باشىگە قويدىلار كۆلاھۇ خەرۋانى تا ئەبەد،
كىمكى قىلدى جان بىلەن كۆرگەندە تاجى سەر ھەدىس.
بەردى ئالەمغە ئىنا ئەفسەھ كەلامىڭ چاشنى،
رۇھپەرۋەر جانفىزا، ئەي شەھدى لەب شەككەر ھەدىس.
ئەي دۇرى دەريايى رەھمەت فاتىھى بابى جەنان،
ھۇققەئى لەئل دۇرەر بارىڭ تولا گەۋھەر ھەدىس.
مۇنكىر گۇفتارى پاكىڭگە ھەدىسىڭ ئىچرە دال،
سىينەسىن چاك ئەيلەمەككە كەلدى بىر خەنجەر ھەدىس.
ۋادىئى زۇلماتى جەھلۇ كۇفردىن سۇيى نەجات،
تاپمادى يول كىم قۇياشدەك بولمايىن رەھبەر ھەدىس.
يارەسۇلىللاھ سۆزۈڭىزنى فىداسى جىسمۇجان،
قىلمادى ئۇممەتكە سىزدەك ھىچ پەيغەمبەر ھەدىس.
گوشى جان بىرلە ئىشتكەنلەر تۇتار فەرمانىڭىز،
زالى سەرگەشدۇر ئىشتمەس ھەر قۇلاغى كەر ھەدىس.
لەززەتى گۇفتارۇ زەۋق مەئنىندىن تاپماس خەبەر،
گەر دېسە ئالەم بارى بىلگەيمۇ گاۋۇ خەر ھەدىس.
ئەي ھەدىسىڭىز ماڭا جان بەردى جانپەرۋەر كەلام،
ئەيلەگەي ھەق يۇسۇفى ئەشئارىغە ئەفسەر ھەدىس.

※ ※

ئەي ھەدىسىڭ جان ئىرۇر تاپتى لەبىڭدىن جان ھەدىس،
ھەر كەلامىڭ جانغە جاندۇر ئەيلە، ئەي جانان ھەدىس.
سوزۇ ئام سوزىڭ ئىستەپ ئۆرتەنۇرمەن تاپمەن،
لەززەتى گۇفتارى راھەت بۇيلە دىل سوزان ھەدىس.
غۇنچەمىز گاھى بەشارەتدە گۇلى خەندان ئېتىپ،
گاھى چۇن ئەبرى نەزارەتدىن قىلۇر گىريان ھەدىس.
بىر شەرەرلىك شەھددۇركىم زەۋقىدىن ئۆرتەندى جان،
ھەسرەتى قىلغان ئۇلۇسنى سىينەسىن بەريان ھەدىس.
تۇتتى ئول كۇن ئەرسەئى ئالەم سۇزۇڭ تا ھەددى چىن،
راست بىلدىلەر ھەممە ھەد يوق دېسە يالغان ھەدىس.
مەنبەئى بەھرى ھەدىسىنىڭ بەس كى ئەررەھمان ئىدى،
ئەي دۇرى دەريايى رەھمەت ئىلمۇل - قۇرئان ھەدىس.
لەئل نابىڭدىن ئىرۇر ھەر نۇكتە بىر دەريايى جۇد،
فەزلى ئىھسانۇ ئەتادۇر بەھرى بىپايان ھەدىس.
ھەر فەساھەت خۇسرەدىن باشىندە لەئلىڭ ئەفسەرى،

www.uyghurkitap.com

فەرقى ئەربابى بەلاغەتدە دۇرى رەخشان ھەدىس.
يۇسۇفى تاپتى مۇھەببەت مەئنىسى زەۋقى سۇخەن،
ئىشق بابىدە دەلىل قاتىنى بۇرھان ھەدىس.

※ ※

ئاھۇ نالەمغە ياردۇر بائىس،
رەھمىسىز بىر نىگاردۇر بائىس.
سۇبھىدەم ئەندەلىب نالەسىغە،
گۇل ئۈچۈن زەخىم خاردۇر بائىس.
سەيرى سەھرايۇ گەشتى گۇلشەن ئۈچۈن،
سەبزەئى نەۋبەھاردۇر بائىس.
مۇنچە سەۋدا بىلەن جۇنۇنۇمغە،
ھەلقەئى زۇلفى ياردۇر بائىس.
سەيدنى كەلمەكىمغە دام سەرى،
دىيدەئى ئىنتىزاردۇر بائىس.
ئاقماقىمغە كۆزۈم ياشىن قانى،
ھەجرى گۇلگۇن ئۇزاردۇر بائىس.
كىمغە يەتسە بەھار رەڭگىن مەي،
ئىچكەلى لالەزاردۇر بائىس.
چەككەن ئەل روزگار مىھنەتىغە،
زەۋقى بۇسۇ كەناردۇر بائىس.
باغى دىل خۇررەمىغە، ئەي يۇسۇف،
دىيدەئى ئەشك باردۇر بائىس.

※ ※

كارى دۇنيايى بىمەدار ئەبەس،
قىلماسالىڭ مۇندە ياخشى كار ئەبەس.
نەۋجەۋانلىك خەتا بىلەن كىچۈرۈپ،
ۋاي، بىھۇدە روزىگار ئەبەس:
بىلمەيىن ئۆمر ئۆتتى بىھاسىل،
قۇۋۋەت ۋەقتى گەشتى كار ئەبەس.
گۇل ئۈمىدىدە ئارزۇ چەمەنى،
چەكتۇرۇر ساڭا رەنجى خار ئەبەس.
گۇل ئۈزۈپ لالە تىرماي ئەيلەپ داغ،
باردى ئەييام نەۋبەھار ئەبەس.
ھەقدىن ئۆزگە بارسى بىگانە،
ئەيلەگەن ئاشنا يۇ يار ئەبەس.
يۇسۇفى غەفلەت ئىلە كەچتى ھەيات،
بىلدىڭ ئۆمرۈڭنى پايدار ئەبەس.

※ ※

تاپمادى ئايىنەدەك ھۇسنىڭە ھەيرانلىق ئىلاج،
دىيدەئى ھەيرانىغە جۇز رويى تابانلىق ئىلاج.
مەن يەقا چاك ئەيلەدىم كۆرگەچ گىرىبان چاكىنى،
بۇ يەقا چاكىغەدۇر چاكى گىرىبانلىق ئىلاج.
قالمىشام رەنجۇر ھىجرانىڭدە تاپماي ئافىيەت،
ۋەسلىدىن تا قىلماسە دەردىمغە دەرمانلىق ئىلاج.
ماھىئى بىتاب ياخۇد ئەندەلىبى بىچەمەن،
تاپمايىن فەرياد ئىتەر بۇزارۇ نالانلىق ئىلاج.
غۇنچە يەڭلىغ باغرى قان مەن ناتەۋان، ئەي لەب شەكەر،
ئەيلەمەس جۇز رۇھپەرۋەر لەئل خەندانلىق ئىلاج.

باش - ئەياغىغە يەتتى بارى كۆلفەت ئەييامىدىن،
كەل بويۇغىدىن سايەئى سەرۋى خىرامانىڭ ئىلاج.
يۈز بەھار ئۆتتى رىياز مۇددەئادىن بىر گۈلى،
ئۆزمەدىڭ يۇسۇفى قىلالماي سەيرى بوستانىڭ ئىلاج.

⁂ ⁂

قىلمادىڭ، ئەي گۈل بەھار ئەييامى سەيرى باغ ھىچ،
غۇنچە ھەبىبىن چاك - چاكۇ لالە باغرىن داغ ھىچ.
ئىنتىزار مەقدەمىڭدىن شەبنەم گۈلى باغ ئارا،
كۆرمەدىم بىئەشك ھەسرەت دىدەئى يەفراغ ھىچ.
گەردى راھىڭ سۇرمە قىلماقلىغىنى ئىستەپ ئايۇكۇن،
قالمادى بىر گەز مەكان سەھرايۇ دەشتۇ تاغ ھىچ.
دىمە نې يۈزدىن ھىلال شامى خۇنىن كۆرمەدىم،
دەست ماتەمىدىن رۇخى بىزەخمەئى تىرناغ ھىچ.
ئىشقۇ ھۇسنىڭ زەۋقى بىرلەن بىر جەھان دىۋانەدۇر،
بۇ جۇنۇن پىرى دىيارىندىن تاپىلماس ساغ ھىچ.
ئەي گۈل، باغى مەلاھەت سەن سەقىن ئەغياردىن،
بۇلبۇلى نازۇك ئەداغە يار بولماس زاغ ھىچ.
بارمۇكىن يۇسۇفغە، ئەي جانان ۋىسالىڭ بەزمىدە،
سەن بىلەن مەست ئولتۇرۇپ مەستانە تۇرماق چاغ ھىچ.

⁂ ⁂

قىلۇرغە سەيرى چەمەن چىقتى ئول مۇئەنبەر ساچ،
بىلىغە چىرماشىبان كاكۇلى قۇلاچ - قۇلاچ.
قارا قۇلى بولامەن دەپ قوۋانمە، ئەي سۇنبۇل،
چىكىپ خىجالەت ئوتۇرمە يولىدە تۇر نارى قاچ.
نىھال قەددى بەلەنددىن كۆرۈپ لەتافەتدە،
كى نەخل قامەتى خەم بولدى سەرۋقەد ئەماج.
يۈزىن گۈلىنى ئەسرىن نەۋاسى ئۆزگەچەدۇر،
ئانى قاشىدە چەمەن بۇلبۇلى ئېرۇر قوچقاچ.
بول ئەمدى فەرش رەھى سەبزەئى زۇمۇررەدگۇن،
نىسارى مەقدەمىغە بەرگى گۈل دىرەملەر ساچ.
نەشات بەزمىنى قۇر ئۆزگە بىر تەرانە كەتۇر،
بەساتى ئەيش يازىپ پەردەئى مۇغانەنى ئاچ.
چۇ لەئل توگمە تاقىپ غۇنچە گۈل قەبالارىغە،
ساچىلدى چۇن دۇررى شەبنەم جەۋاھىرى شەجاج.

www.uyghurkitap.com

سەبۇكەش گۇلى رەئنا قىلىپ پىيالەئى دەۋرىلە،
كېتۇر مەيكى قۇياش جامىدىن قىلىپ ۋەھاج.
ھەمە بۇد ئىبرۇرسەن مۇبتەلاسى، ئەي يۇسۇف،
قەدۇ ساچىنى ئەسرى سەنىڭچە مىلە ھەللاچ.

※ ※

كىم ئولسە پىرى خەراباتىغە سەبۇكەشى راھ،
تاپار بۇ خىدمەتى بىرلەن تەرىق فەقىرى فەلاھ.
چۇ ئۇرمىكدە بولسە تۇرار مەقامى ئانىڭ،
ھەمىشە باغ تەرەپدىن تىبرەر گۇلى ئەقداھ.
كېچە چەمەندە نىگارىم مەيىئى سەبۇھ ئۇچۇن،
سۇراھى سەرۋ قىلىپ جامى گۇلدىن ئەتتى سەباھ.
بىساتى سەبزە سۇرۇپ يۇز ئەياغىنە خۇررەم،
جەمالىدىن يارۇدى ھەر سارى گۇلى مىسباھ.
ئاچارغە گەنجى مۇھەببەت دەرىن زەبانى قەلەم،
يەتۇشتى يۇسۇفى فەزلى ئىلاھىدىن مىفتاھ.

※ ※

سەمەندى ناز سۇرۇپ ئەيلەبان شىتاب، ئول شوخ،
بارۇردە سۇيى چەمەن ھۇسنى بىنىقاب، ئول شوخ.
غۇبارى مەقدەمىنى دىيدەسىغە سۇرماق ئۇچۇن،
يولىدە قىلدى جەھان ئەھلىنى خەراب، ئول شوخ.
كېچە مەي ئىچتى ئول ئاي بەدرى جام ئىلكىندە،
كى بادە تابىدىن ئەيلەپ يۇز ئافتاب، ئول شوخ.
ئالۇردە ساغەرى ئىشرەت رەقىب بەزمى ئارا،
كۇلۇپ مەنى جىگەرىمنى قىلۇر كەباب، ئول شوخ.
تىلەپ ئانى قەدەمىدىن بولدى خاك دىيدەلەرىم،
كۆزۈمنى ھەلقەسىدىن قىلسە دەپ رىكاب، ئول شوخ.
مەنى تەمام ياقىبدۇر فىراقىنى نارى،
ئىلاھا، ئەيلەمەگەي ھەجرىدە ئەزاب، ئول شوخ.
كېچە ساچىنى تەراردى دىبان بۇ قەدر تۇنى،
يۇزىگە بۇ تەراتىبان زۇلفى مۇشكىناب، ئول شوخ.
تىبرەردە گۇل يۇزىدىن تىبرلەرى چۇ دۇرر خۇشاب،
ساچاردى سۇبھ دەمى باغ ئارا گۇلاب، ئول شوخ.
كەمەندى زۇلفىغە جانۇ كۆڭۈلنى ئەيلەپ ئەسىر،
چۇ تاقتى يۇسۇفىنى بويىنىغە تەناب، ئول شوخ.

※ ※

مۇز تەرەب گۇلتۇرمىشام مەن ناتەۋان، ئەي لالە رۇخ،
رەھم ئېتۇپ ھالى دىلىم سور بىر زەمان، ئەي لالە رۇخ.
شۇخلۇقدىن ھەرسارى باردىڭ سۇرۇپ شەبرىز ناز،
ۋەھ، نە بولغاي مەن سارى چەكسەڭ ئىنان، ئەي لالە رۇخ.
سەن كەبى جەللادۇ قاتىل بارمۇكىن ئۇششاق كۇش،
قاشلارى تىغۇ قارا مىژگان سەنان، ئەي لالە رۇخ.
بىر باقىپ ئەلنى تەغافۇلدىن كۆزۈڭ ئەيلەر ھەلاك،
يانە دەرسەن ئۇلتۇرۇپدۇرمەن قاچان، ئەي لالە رۇخ.
بارچە ئالەم ۋادىئى ئىشقىڭنى سەرگەردانىدۇر،
بۇ بەيتى خاكدىن تا ئاسمان، ئەي لالە رۇخ.
سەرۋ قۇمرىيۇ بۇلبۇل گۇل غۇلغۇلى بالىڭ نەۋا،
ئىشقىدىن زەۋقۇ سەفا ئاھۇ فىغان، ئەي لالە رۇخ.
گۇل يەقاسى چاك - چاكۇ لالە باغرى دىمە داغ،
ھۇسنى نەيرەڭىدىن ئانلاردە نىھان، ئەي لالە رۇخ.
لەئل مەي نۇشىڭ تەبەسسۇم بىرلە قىلساڭ نۇكتەسەنج،
بەس، تۇتتى ئەفسۇردەلەر جىسمىغە جان، ئەي لالە رۇخ.
تەلخ كامىم لەئلىدىن ئىستەپ كەلامى بۇسە دەپ،
سۆز بىلەن يۇسۇفنى قىل شىرىن زەبان، ئەي لالە رۇخ.

※ ※

مۇخەممەس بىر غەزەل ئەمىر نەۋائى

تۇتار خىلۋەتى ھەر فەنەھ جادە شەيخ،
ھەرىفىن تاپۇپ ئايتارۇر كادە شەيخ،
كىبتۇرمەي مۇنىڭدەك ئىشىن يادە شەيخ،
مەنى ئىشقدىن مەنئ ئېتەر سادە شەيخ،
دىمە سادە شەيخ ئىت كەبى لادە شەيخ.

قىلۇر زاھىرى كارۇ بار سەۋاب،
نىھانى ئۇرار نەقل بىرلەن شەراب،
ۋەلى سۇرەتۇ لىك باتىن خەراب،
مەي ئۇستىدەكى خەسچە قىلماڭ ھىساب،
ئەگەر سۇ ئۆزە سالسە سەجادە شەيخ.

ھۇجۇم ئەتسە ئەل تۇنى تەھەججۇد گۇلزار،
ئېرۇر كۇندۇزى خەلق ئارا رۇزەدار،
تۇزەپ زاھىرىن خوب مەردۇم شىكار،
يارۇغلۇق ئەمەس مۇمكىن ئانداقكى بار،
زەلالەت تەرىقىدە ئەفتادە شەيخ.

تۇتۇپ گوشەئى ئەلدىن ئەيلەپ كەمىن،
ۋەرەئ دەستىگاھ ئەتتى يالغانۇ چىن،
كەرامەت ياساپ دەركى: بولدۇم يەقىن،
رىيا بەھر ئىچرە تەمەئ زەۋرەقىن،
سالىپدۇر ئەسادىن تۇتۇپ خادە شەيخ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇلۇس ئالدانۇر زەرق ئىلە شىدىغە،
گىرىفتار ئولۇر مىكر ئىلە كىدىغە،
تۇشەر كىمىكى نادان ئانى قەيدىغە،
يايار دام تەزۋىرى ئەل سەيدىغە،
قىلىپ سۇبھەدىن دانە ئامادە شەيخ.

ئىبادەت ئېتەر مۇددەئا زەرۇ سىيىم،
قىلۇر زەرقى تامان بىۋەھمۇ بىيىم،
ئۆرەر ئەلنى يولدىن چۇ دەيۇر جىم،
غەزەبدە سەبۇئ، شەھۋەت ئىچرە بەھىم؛
ئەگەرچە ئېرۇر ئادەمىزادە شەيخ.

قانى ئول مۇزىل باشىدە بولسە ھۇش،
قىلۇردى بارىپ خىدمەتى مەيفۇرۇش،
بۇزۇپ ئۆزلۇكىن قىلسە جۇشۇ خۇرۇش،
كىبرەر ئادەمى سانىغە قىلسە نۇش،
فەنا دەيرىدە بىر قەدەھ بادە شەيخ.

خۇش ئول كىيسە فەقرى فەناھ ژەندەسى،
چۇ بولسە رەھى ئىشق پويەندەسى.
كى مەن ئۇمرلار ئانى جويەندەسى،
ئىرادەتدىن ئولغاي ئىدىم بەندەسى،
ئەگەر تاپسام ئىدى بىر ئازادە شەيخ.

ھەۋايۇ ھەۋەس كۆڭلىدە بىشۇمار،
قول ئالماق ئۇچۇن بولدى تەقۋا شىئار،
چۇ خۇنشايى مۇشكىل ھەممەدىن كەنار،
ئىرانلاردىن تۇتار ئۆزنى گەرچە بار،
ئۆكۇش زىيبۇ زىينەت بىلە مادە شەيخ.

ئىرانلار ئۆزىنى يار ئېتەر ئىشقىغە،
دىلۇ جانىن ئىسار ئېتەر ئىشقىغە،
كى نامەردلەر ئار ئېتەر ئىشقىغە،
مەلامەتدىن ئىنكار ئېتەر ئىشقىغە،
ئېرۇر ھەيىز تەركىبى كۇندادە شەيخ.

ئەگەر بولسە بىر ئاھۇ كۆزلۇك يىگىت،
ئۆزى دىلرەبا شەھد سۆزلۇك يىگىت،
بولۇر يۇسۇفى بارسە ئۆزلۇك يىگىت،
نەۋائى تىلەپ سادە يۇزلۇك يىگىت،
نى غەم گەرانى مەنىڭ ئېتەر سادە شەيخ.

※ ※

مەن مۇندە چەشم چەشمەئى سەن ئاندە نۇش خەند،
زۇلفۇڭ تەناب ھەلقەيۇ ھەر ھەلقە بىر كەمەند.
نازۇك مىزاج مەھۋەشى تۇند پۇر ئىتاب،
سەندەك ستەمگەر ئولمەدى بىباك خۇد پىسەند.
گۇلگەشتىباغ ئەيلە قەدىڭدىن بەھارى ناز،
شەمشادە سەرەفرازى يەتۇرۇ سەرۋ سەر بەلەند:
گۇلگەشتى باغ ئەيلە قەدىڭدىن بەھارى ناز،
شەمشادە سەرفەرازى يەتۇرۇ سەرۋە سەر بەلەند.
بەزم ۋىسالىڭ ئىستەيۇ چۇن چەلك قامەتىم،
نەيدەك فىغان نالە قىلار بولدى بەند - بەند.
خاك ئولمىشام كى كۆككە يەتۇرسەڭ غۇبارىمى،

بر كۆن سورارغە باشمە كەلسەڭ سۆرۆپ سەمەند.
هەر لەهزە ئارتۇق ئولدى مەنى ناتەۋانلىغم،
رەهم ئەت ئلاج مەنەم زاردۆر دەمەند.
هەر تارمويى يۆسۆفى قىل ئاڭا گوشى هۆش،
گەر بەرسە ساڭا سالكى ئەربابى راه پەند.

⁂ ⁂

ئەي شاهىدى مۆرادىم نازى ئتاب تا چەند،
بر كىچە شاد قىلساڭ ۋەسلىڭ بىلەن بەرۆمەند.
بىدەستۆ پايى ئشقىڭدۆرمەن نە ئارمانىڭ،
دىۋانە بولمىشام يوق زەنجىرى ئەقىل پا پەند.
بۆ باغ سۆنبۆلىندىن تارى كۆڭۆل ئۆزۆلدى،
جان رىشتەسى بولاي دەپ مۆشكىن ساچىڭە پەيۋەند.
يىغلاتمە ئاچچىغ - ئاچچىغ دىمەي سۆچۆك سۆزۆڭنۆكتەدىن،
كامىمنى تەلخ قىلمە، ئەي شەهدلەب شەكەر خەند.
بر نىم نىگاه بىرلەن چىقسام تەمامى غەمدىن،
بر نىم خەندە بىرلەن بولسام تەمامى خۆرسەند.
بىزگە قىلىپ تەغافۆل ئولتۆردى هال سورماي،
سەرمەست بادەئى خۆد نازۆك ئەدىى خوقەند.
يۆسۆف جەماللارىڭىم هەر يەردە جىلۋەگەردۆر،
هۆسنى ئۆچۆن ياراتقان ئاينەئى خۆداۋەند.

⁂ ⁂

يادىڭدە كۆزۆم ياشىنى قان ئەيلەمەدىم داد،
تۆنۆ كۆن نەچۆن ئاهۆ فىغان ئەيلەمەدىم داد.
بۆ دەرد دىلىم، كۆزدە ياشىم ئەيلەدى زاهىر،
ئەسرارى غەمىڭ دىلدە نىهان ئەيلەمەدىم داد.
هەر ئوقلارىڭىم يەتتى كەمان سىتەمىڭدىن،
يۆز چاك دىلىم ئاڭا نىشان ئەيلەمەدىم داد.
ئاتقاندا ماڭا ناۋەكى مىژگان، قاشى يالار،
ئالىپمەن ئانى مەرهەم جان ئەيلەمەدىم داد.
ئاينە كەبى دىدەئى دىلنى كىچە - كۆندۆز،
جانان يۆزىگە بىر نىگاران ئەيلەمەدىم داد.
بر سۆبهى‌دەمى قاسىدى ئاه سىهرىمنى،
مەن دوست سارى كويى رەۋان ئەيلەمەدىم داد.
فەرياد بۆ كۆن پىر بولۆپ قامەتى يا مەن،
يۆسۆفى غەمىدىن ئۆمرى جەۋان ئەيلەمەدىم داد.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى www.uyghurkitap.com

※ ※

بىزلەرنى ياد ئەيلەپ گەر يازسە يار كاغەز،
بولغاي چۇ نافەئى تەرەھھۇم مۇشكبار كاغەز.
شوخ غەزالەئى چىن چەككەندە خامە رەڭگىن،
ئەيلەر بەھار نامە چۇن لالەزار كاغەز.
سەفھە بەياز گۈلشەنى بەرگ ئۆزارى گۈلدىن،
يازىپ سەۋادى سۇنبۇل باغى بەھار كاغەز.
جۇق قەلەمدە نالەم كۆرمەي تەباھى ھالەم،
مەن خەستە ياد ئېتۈلگەن سەندىن بارار كاغەز.
مەيل ئەيلەسەڭ سەلامە ئالىپ قولۇڭە خامە،
خەتىڭ بىلەن نىگارا، قىل ئىئتىبار كاغەز.
نامىڭ بىلەن ئاشۇردىڭ ھەر نامە ئىئتىبارىن،
كەلگىل ئەزىز ئەيلە بۇ خارۇ زار كاغەز.
نەيدەك قەلەم قىلىپدۇر خەتىڭنى ئىشتىياقى،
يۇسۇفنى زار قىلدى بولماي دۇچار كاغەز.

※ ※

دىمەڭكى نېگە تاقماس ساچىغە يار تەئۇنىز،
ھەربىر شكەنج زۇلفى بىر مۇشكبار تەئۇنىز.
كىيمىش تەنىغە ئول گۇل بەرگى قەبايى گۈلگۈن،
چۇن غۇنچە تۇگمەئى ناز تاقمىش نىگار تەئۇنىز.
بەس، ھۇسنى باغبانى سەرۋىغە نەستەرەندىن،
باشدىن ـ ئاياغ نەسرىن تاقتى قەتار تەئۇنىز.
ھەر چەشم بەدنەزەرگە ئوتلۇغ يۈزىدە بەرگەي
بىر دانە خالى مۇشكىن فەيز ھەزار تەئۇنىز.
مەرغۇلە دىمە نېدىن يۇسۇف ئول ئاي ساچىدە،
تۇمارى ھىرزى دافىئ گەنج ئۈزرە مار تەئۇنىز.

※ ※

مۇخەممەس يۇسۇفى سەريامى

بارىپ مەندىن شەھىم كويىدە ئاداب ئىلە تۇر كاغەز،
ئۆپۈپ خاكەدىرىن يۈز دارۇ دىۋارىغە سۇر كاغەز،
مەنى مىژگانلارىم بىرلەن سارى كويىن سۈپۈر كاغەز،
كۆزۈم ئەشكىدىن ئالى ئاستانىغە سۇ ئۇر كاغەز،
كى ئاندىن سۇڭرە فەرمان بولسە شەھزادەمنى كۆر كاغەز.

رەۋان ئەي نامە قىل رۇخسارىغە دىيدەمنى ياشىدىن،
ئاچىپ كاغەز قەناتىنى ئۇيرۇلۇپ دەۋلەتلۇ باشىدىن،
ئۇزۇڭنى زەررەدەك ھىتاب قىل ھۇسنى قۇياشىدىن،
كۆتەرمەي يەر ئۆپۈپ باشىڭ ئۇرۇپ پەيۋەستە قاشىدىن،
باشىڭ ھىرلەن ئايانىن ئۆپكەلى مەندىن يۈگۈر كاغەز.

ھەمان دەم بار تاپساڭ ئالدىدە ئەرزۇ نىياز ئەتكىل،
ئاچىپ ئىلكىڭ دۇئايى دەۋلەتى ئۆمرى دەراز ئەتكىل،
كۆرۈپ ھۇسنى شەھى گەردۇن رىكابىم سوزساز ئەتكىل،
يەقاڭنى چاك ئېتۇپ باغرىڭنى يارغىل كەشف راز ئەتكىل،
مەگەر رۇخسەت تاپىلسە ھالى زارىمدىن گەپۇر كاغەز.

ئەگەر تاپساڭ شەرەفلىك ۋەقتى بۇس دەستى ئىقبالىن،
باشىڭە چۇن ھۇمايى بەخت سالسە سايەئى بالىن.
زىھى دەۋلەت كۇلى كۆرسەڭ ئىكى رۇخسارەئى ئالىن،
سەراپا نەقش ئېتۇپ جانۇدىل ئىچرە ساقلە تىمسالىن،
نىھان ئەغياردىن ئول شەھ مىسالىنى كېتۇر كاغەز.

نە دەرمەن مەندە تىل يوق دۇدمان شەھرى يارىمغە،
گۇلى باغى ئىمارەت خۇسرەۋ ئالى تەبارىمغە،
سەمەند چەرخى مىھرۇ مەھ رىكاب كامكارىمغە،
شەھى مۇلكى مەلاھەت ھۇسنى دەۋلەت ئىفتىخارىمغە،
تەمەللۇق پىشەقىل ئەجزۇ دۇئائىدىن ئاشۇر كاغەز.

بۇيۇك ئىقبال ئىمەسمۇ بەھرە ئالساڭ بۇسى دەستىندىن،
ئوقۇردە نامە بولساڭ مەست چەشمى مەيپەرەستىندىن،
تەماشا ئەيلەسەڭ سەرۋى قەدىن بەلاۋۇ پەستىندىن،
بىر - ئىكى ئوق تىلە سىينەمغە تيىرى دىل نەشەستىندىن،
مەگەر تاپساڭ بۇ دەۋلەت شۇم رەقىبىمدىن ياشۇر كاغەز.

يا قىلغىل لالەدەك رۇخسارى ئاتەشناكىنى كۆرسەڭ،
خۇمار ئالۇدە مەست نەرگەسى بىباكىنى كۆرسەڭ،
ئۇلۇس قەتلىغە چەككەن خەنجەرى چالاكىنى كۆرسەڭ،
مەنىڭدەك ھەجر تىيغى بىرلە باغرى چاكىنى كۆرسەڭ،
يارۇت ھىجران تۈنىن چۇن سۇبھ ئۇمىدىم دەم ئۇر كاغەز.

كەرامەت مۇلكىنى سۇلتانى شاھ خافەقىنىمدۇر،
بەلاغەت خىتتەسىن شەھزادەسى فەغفۇرى چىنىمدۇر،
فەساھەت زۇمرەسىدە زىيب بەخش ئافەرىنىمدۇر،
دۇررى بەھرى سىيادەت نۇر چەشىم پاك بىنىمدۇر،
دۇئاگو يۇسۇفىغە قاسىدا شەھدىن كېتۇر كاغەز.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



※ ※

بۇ تۈن فەلەكدىن ئاشۇر نالەئى فىغان سەھەر،
گۇل ئاچتى ئەنجۇمىدىن تازەئى بوستان سەھەر.
يۈزۈڭنى ئېرتە تۇرۇپ سۈبھىدەك ئاقارتۇرغىل،
كۆزۈڭگە سۈرمە قىلىپ گەردى ئاستان سەھەر.
چۇ دۇرجى دىل سەدەفىن گەۋھەر ئىنايەتى ئىلە،
تەمام تولدۇرادۇر ئەشكى دۇرفىشان سەھەر.
يەقاڭنى سۈبھى كەبى ئەيلە چاك نالە قىلىپ،
كۆڭۇل قولىغە بېرۇر فەيزى ھەق ئىنان سەھەر.
كۆڭۇل كۆزىغە يارۇقلۇغ يېتەرنى ئىستەدىكىم،
كى تەركى خاب قىلىپ بولدى دىدەبان سەھەر.
فەلەك رەۋاقىنە قويغىل قەدەمنى مىھر كەبى،
چۇ غەرقى نۇر بولۇپ ماھى شەب رەۋان سەھەر.
كۆزۈڭدىن ئۇيقۇنى سۈر سۈبھىدەم تۇرۇپ ئولتۇر،
يېتەر مۇدام ساڭا فەيزى رايگان سەھەر.
فىغانۇ ئاھى دىل دەردناك سىينەنى چاك -
قىل ئەمدى يۇسۇفى بىر تاپمادىڭ زەمان سەھەر.

※ ※

تاپىرى فىردەۋس ئېردۈم ئاشيانىم كىم بىلۇر،
مۇبتەلايى دامى تەن جانىمدە جانىم كىم بىلۇر.
ھاليا تۇرغان مەكانىم چارتاقى قەسرى زىد،
ئەيلەسەم پەرۋاز گەر مۇندىن مەكانىم كىم بىلۇر.
ھەر نەفەس بىر ئۆزگە گۇلشەن بۇلبۇلى نالانى مەن،
چۇن نەسىمى سۈبھ سەيرى بوستانىم كىم بىلۇر.
بىنىشانلىق ئېردى بولماق نەقش خاكى پايى يار،
نەقش پايي يار ئىستەرمەن نىشانىم كىم بىلۇر.
نەزەمان دەپ شۈكۈھ قىلمە، ئەي كۆڭۇل ئەييامىدىن،
بۇ زەمانىم ھەم ئۆتەر، ئۆتكەن زەمانىم كىم بىلۇر.
خاك بولماق ئادەم ئولماقلىقىندۇر سەرمايەسى،
بۇ سەفەردە ئەيلەگەن سۈدۇ زىيانىم كىم بىلۇر.
دېمە ھەرگىز يۇسۇفى پىنھانىم ئولماس ئاشكار،
ئەيلەگەن مۇندە مەنى سىررى نىھانىم كىم بىلۇر.

(نەشرگە تەييارلىغۇچى: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدىن، دوتسېنت)

# [illegible]

## يۇسۇپجان ئەلى ئىسلامى

### «خانگۇلۇك» مۇ ياكى «خەنگۇك» مۇ؟

ماقالىمىزنىڭ بېشىدا بۈگۈنكى كۈندە «خانگۇلۇك» دېيىلىدىغان ئونبەش ئوتاق دېگەن يۇرتنىڭ ئايكۆلدىكى بىر قەدىمىي مەدەنىيەت رايونى ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىپ ئۆتۈش بىلەن بىللە، ۋاقىت جەھەتتە يېرىم ئەسىر پەرقلىرى بولغان بىرقانچە «خۇاڭ» لار ھەققىدە توقۇلغان ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر بىلەن تونۇشۇپ، ئۇلارنىڭ «خۇاڭ» (سېرىق دېگەن مەنىدە) دېگەن فامىلىسىنىڭ يېقىنقى زاماندا بىز كېيىنكى قىلىۋاتقان بۇ يۇرتقا ئاتاق ـ نام بولۇپ قالغانلىقى ھەققىدە توختالغان ئىدۇق. ئەمدى بۇ سەھىپىمىزدە يۇقىرىقى «خۇاڭ» لارغا ئوخشىمايدىغان باشقا يەنە بىر «خۇاڭ» ۋە ئۇنىڭ بۇ يۇرت ھەققىدىكى بايانلىرى بىلەن تونۇشىمىز. ئۇ، مۇبارەك نامى مۇتەۋەر تارىخ كىتابلىرىغا پۈتۈلگەن، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردە داڭقى بار، بىز كېيىنكى قىلىۋاتقان بۇ يەرنىڭ تارىخ ۋە ئارخېئولوگىيىسى ھەققىدە بۇنىڭدىن 74 يىل مۇقەددەم بۇ يەرگە كېلىپ ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان نوپۇزلۇق ھازىرقى زامان جۇڭگو ئارخېئولوگى خۇاڭ ۋېنبى (1893 ـ 1966) ئەپەندىدۇر. ئۇ «تارىم ۋادىسىدىكى ئارخېئو-لوگىيىلىك تەكشۈرۈش خاتىرىسى» دېگەن ئەسىرىدە بۈگۈنكى تەتقىقاتىمىز ئۈچۈن قىممىتى ئىنتايىن زور بولغان مۇھىم بىر مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، يەنى ئۇ «تۆگە قوتان» قەدىمىي شەھىرى بىلەن «چوقتا» ھەققىدىكى بايانلىرىدىن كېيىن ماۋزۇيىمىزغا مۇناسىۋەتلىك تارىخى ئۇزاق «خەنگۇك» قەدىمىي شەھىرى ھەققىدە توختۇلۇپ تۆۋەندىكىلەرنى يازىدۇ:

«چوڭ توپا دۆڭ (‹چوقتا› نى دېمەكچى ـ ئا) نىڭ شەرقىي شىمالىدىن تەخمىنەن 10 چاقىرىم كېلىدىغان ‹خەنگۇك›، (汗宫) كەنتىدە بىر قەدىمىي شەھەر خارابىسى بار. ئۇنىڭ ئايلانمىسى تەخمىنەن 426 مېتىر، سېپىلىنىڭ ئېگىزلىكى 3 مېتىردىن ئاشىدۇ، ئاق توپىدىن خانداپ قوپۇرۇلغان، شەھەر ئىچىدىكى ئۆيلەرنىڭ ئىزنالىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئەمما يەرلىك دېھقانلار ئۇنى بۇزۇپ ئوغۇت قىلىپ يەرگە قويۇۋەتكەن. شەھەرنىڭ ئىچىدىن ھېچنەر-سە ئۇچرىتۇلمىدى. يىل دەۋرلىرىنى ئېنىقلىغىلىمۇ بولمىدى، ئەمما ئۇ ھەرگىز يېقىنقى زاماندىكى قۇرۇلۇش ئەمەس، ئېھتىمال ‹تۇدى خېدەن›، (徒第和旦) كەنتى بىلەن بىر دەۋرنىڭ بولۇشى مۇمكىن.»②

بۇ قەدىمىي شەھەر خارابىسى ھەققىدە «ئاقسۇ شەھىرى تەزكىرىسى» نىڭ «قەدىمكى شەھەر ـ قەلئەلەر» ماددىسىدا مۇنداق بايان بار:

---

① بېشى 2004 ـ يىللىق 2 ـ ساندا.
② خۇاڭ ۋېنبى: «تارىم ئويمانلىقىدا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خاتىرىسى»، پەن نەشرىياتى، 1958 ـ يىل بېيجىڭ نەشرى، 62 ـ، 63 ـ بەتلەر، خەنزۇچە.

«خاڭگۇڭ ( 黄官 ) قەدىمىي شەھىرى ئىزى ئايكۆلنىڭ خاڭگۇڭ ( 黄官 ) كەنتىدە، دەۋرى ئېنىق ئەمەس. شەھەرنىڭ ئايلانمىسى 426 مېتىر، سېپىلنىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن 3 مېتىر، شەھەر ئىچىدىكى ئۆيلەرنىڭ ئىزنالىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، ئەمما يەرلىك دېھقانلار تەرىپىدىن بۇزۇپ ئوغۇت قىلىپ يەرگە قويۇۋېتىلگەن»①. «ئاقسۇ شەھىرى تەزكىرىسى» دىكى بۇ بايانلار شەك ـ شۈبھىسىزكى خۇاڭ ۋېنبىي ئەپەندىنىڭ يۇقىرىقى قىممەتلىك خاتىرىسىنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئاساسىدا يېزىلمىغان. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئۇ خۇاڭ ۋېنبىي ئەپەندى تەكشۈرگەن، بىز نۆۋەتتە تەتقىق قىلىۋاتقان بۇ قەدىمىي شەھەرنىڭ مەيلى ئىلگىرىكى زامانلاردا بولسۇن، مەيلى ھازىر بولسۇن خۇاڭ ۋېنبىي ئەپەندىنىڭ قەلىمىدىن كېيىن مەتبۇئات يۈزى كۆرمىگەنلىكىدەك بىر بوشلۇققا خاتىمە بېرىدۇ.

يۇرتىمىزنىڭ يەرلىك جۇغراپىيىسىگە ئائىت يېزىلغان بىر كىتابتىكى مەلۇماتقا كۆرە، مارالبېشىدىكى تۇمشۇقتىن چىقىپ ياقا قۇدۇققا كەلگەندە يول ئۈچكە بۆلۈنىدۇ. سولغا ماڭسا ئاچال ئارقىلىق كەلپىنگە بارىدۇ، ئوڭ تەرەپتىكى يول ئاۋات، قومباش ئارقىلىق ئاقسۇغا كېلىدۇ. ئوتتۇرا يول چىلان، شوتا قۇدۇق، سايئېرىق، ئايكۆللەر ئارقىلىق ئاقسۇغا بارىدۇ. ياقا قۇدۇقتىن قىزىلتام 12 يول، يايدى 43 يول، يايدىدىن يېڭى چىلانغا 39 يول، يېڭى چىلاندىن شور قۇدۇققا 54 يول، شور قۇدۇقتىن سايئېرىققا 47 يول، سايئېرىقتىن ئايكۆلگە 16 يول كېلىدۇ.② خۇاڭ ۋېنبىي 1929 ـ يىلى قەشقەردىن قايتىشىدا ياقا قۇدۇققا كەلگەندە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئوتتۇرا يول بىلەن ماڭغان ۋە «خەنگۇڭ» قەدىمىي شەھىرىنى تەكشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن ھاسا، توققۇز ئوتاق، تاشتا، سايئېرىقلار ئارقىلىق ئايكۆلگە كەلگەن ئىدى.

ئۇزاق تارىخىي دەۋرنىڭ شاھىدى بولغان ئاقسۇ ئايكۆل «خەنگۇڭ» ( 汗宫 ) قەدىمىي شەھىرى بىلەن «چوقتا» خارابىسى بىزگە ئۇيغۇر بۇددىزم تارىخىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان قەشقەر خانئۆي ( 汗宫 ) قەدىمىي شەھىرىنىڭ ۋەيران بولۇشى جەريانى بىلەن چوقتا رەشت ۋەقەلىرىنى ئەسلىتىدۇ.

بۈگۈنكى قەشقەر شەھىرىنىڭ 27كىلومېتىر شەرقىدە خانئۆي قەدىمىي شەھىرى دەيدىغان بىر خارابە بار. بۇ ھازىر قەشقەر كونىشەھەر ناھىيە بەشكېرەم يېزىسىغا تەۋە، بۇ يەرنى يەرلىك كىشىلەر ھازىرغىچە «خانئۆي» دەپ ئاتايدۇ. چەت ئەللىك ۋە جۇڭگولۇق ئارخېئولوگلار بۇ يەرنى كۆپ قېتىم تەكشۈرگەن. ھۇنگىرىيىلىك ئارخېئولوگ ماك. ئاۋرېل. ستەين مىلادىيە 1900 ـ يىلىدىن 1901 ـ يىلغىچە تارىم ۋادىسىدا تۇنجى قېتىم تارىخ، ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. ئۇ 1903 ـ يىلى لوندوندا نەشر قىلىنغان «قۇم ئاستىدا قالغان خوتەن خارابىلىقلىرى خاتىرىسى» دېگەن ئەسىرىدە ئۆزىنىڭ 1900 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى قەشقەر بەشكېرەم بازىرى تەۋەلىكىگە كەلگەنلىكى، ئۇ يەردە سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ خوتۇنى دەپ ئاتىلىدىغان بۇۋى مەريەم ئانا قەبرىسىنى كۆرگەنلىكى، بۇ قەبرىنىڭ بە دۆۋلەت ياقۇپبەگ زامانىسىدا پىششىق خىش بىلەن قايتا رېمونت قىلىنغانلىقى، ئەتىسى خانئۆي قەدىمكى شەھىرى خارابىسىگە يېتىپ بارغانلىقى، بۇ يەرنىڭ بىر قەدىمىي جاي بولۇپ، شەھەر سېپىل، تاملىرىنىڭ بۇزۇلۇپ ھېچنېمىسى قالمىغانلىقىنى، يەرلىك خەلقلەرنىڭ ئۇنى ھاسا تام دەپ ئاتايدىغانلىقىنى يازىدۇ ھەم: «ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بىر مەزگىل ‹خاقانى

---

① «ئاقسۇ شەھىرى تەزكىرىسى»، 699 ـ بەت، خەنزۇچە.
② نىياز كېرىمى: «شىنجاڭنىڭ قەدىمكى كارۋان يوللىرى»، 2000 ـ يىل 11 ـ ئاي ئۈرۈمچى، 1 ـ نەشرى، 95 ـ، 96 ـ بەتلەر.

چىن، نىڭ پايتەختى بولغان بۇ شەھەر ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان دەۋرىدە بۇزۇپ ۋەيران قىلىنىۋېتىلگەن» دەيدۇ.① فرانسىيىلىك ئارخېئولوگ پائول. پېللىئوت 1906 - يىلى 9 - ئايدا بۇ جاينى تەكشۈرگەن. ئۇنىڭ «غەربىي يۇرت ئېكسپېدىتسىيە خاتىرىسى» دېگەن ئەسىرىنىڭ خەنزۇچە نەشرىدە بۇ يەر khanoi ( 汗宫 ) شەكلىدە قەيت قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىكى قەيتلەرگە كۆرە، پېللىئوت خانئۆي قەدىمىي شەھىرىنى شۇ ۋاقىتتىكى خانئۆينىڭ مۇسۇلمان ئۇيغۇر ئاقساقىلى ئىمىن بەگ بىلەن بىللە تەكشۈرگەن. ئىمىن بەگ پېللىئوتقا خانئۆي شەھىرىنىڭ سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەن. پېللىئوت ئىمىن بەگنىڭ يول باشلىشىدا توققۇز مۇجرا (ئۈچ بۇرھان) بۇددا خارابىسىنىمۇ تەكشۈرگەن. پېللىئوتنىڭ ئېيتىشىچە، توققۇز مۇجرىدا ھارۋىسىغا توپا ئۇسسۇۋاتقان بىر بالا ئۇنىڭغا: بۇ يەرگە نوقتا رەشتنىڭ بىر مەلىكىسى دەپنە قىلىنغان دېگەن. پېللىئوت كىتابىدا: «نوقتا رەشت ۋە چوقتا رەشتلەر ( 诺蒜塔拉失德和卓蒜塔拉失德 ) نى كىشىلەر ئادەتتە كاپىرلارنىڭ ئىككى سەركەردىسى، بۇلارنى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قەشقەردە ئىسلام ئاچقاندا يەڭگەن، دېيىشىدۇ. بۇ ئىككى ئىسىمنىڭ ئاھاڭىدا گۇمان باردەك، بۇ ئىسىملار ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىسىنى ساقلاپ قالالمىغاندەك قىلىدۇ» دەيدۇ.②

قەشقەر شامالباغ يېزىسى ئەسكى ھىسار كەنتىدە ئەسكى ھىسار قەدىمىي شەھىرى دەيدىغان يەنە بىر خارابە بار. بۇ شەھەر مىلادىدىن ئاۋۋالقى 206 - يىلىدىن مىلادىيە 8 - يىلىغىچە بولغان دەۋردىكى قەشقەر دۆلىتىنىڭ پايتەختى بولغان، تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا، بۇ شەھەر 10 - ئەسىردە ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ۋەيران بولغان.③ بۇ قەدىمىي شەھەرنى يەرلىك كىشىلەر «نوقتا رەشت شەھىرى» دەپمۇ ئاتايدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئىسلام دىنى جەنۇبىي تەڭرىتاغ رايونلىرىغا كىرگەن ۋاقىتتا بۇددا دىنىغا ئىشىنىدىغان قەشقەر ھۆكۈمرانى نوقتا رەشت شەھەردىكى ئەسكەر ۋە خەلقلەرنى باشلاپ ئىسلام قوشۇنى بىلەن جەڭ قىلىپ، جەڭدە مەغلۇپ بولۇپ خوتەنگە قېچىپ كەتكەن. ئۇزاق ئۆتمەي نوقتا رەشت ئىسلام قوشۇنى بىلەن ھازىرقى يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ھاراپ دېگەن يېرىدە قايتا جەڭ قىلىپ، ئىسلام قوشۇنىنىڭ قوماندانى ئارسلانخاننى ئەسىر ئېلىپ، ئۇنىڭ تېنىنى ھاراپتا قالدۇرۇپ، بېشىنى كېسىپ كېلىپ نوقتا رەشت شەھىرىنىڭ دەرۋازىسىغا ئېسىپ قويغان ئىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن، ئىسلام قوشۇنى يەنە بىر قېتىم قايتارما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ بۇ شەھەرنى 3 ئايغا يېقىن قورشاپ تۇرغان نوقتا رەشت شەھەرنى تاشلاپ قاچقان. شۇنىڭ بىلەن بۇ جاينىڭ ئاھالىسى ئىسلام دىنىغا كىرگەن.④

«قەشقەردىكى قەدىمىي ئىزلار» دېگەن كىتابنىڭ «چوقتارەشت - نوقتارەشت ئىزى» دېگەن ماۋزۇسىدا يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان جاي يەكەن ناھىيىسىنىڭ زەرەپشان يېزىسى لەڭگەر كەنتىدە، دېيىلىدۇ. ئۇنىڭدىكى قەيتلەرگە ئاساسلانغاندا، بۇ جاي ئىلگىرى شەھەر بولۇپ، ئۇرۇش سەۋەبىدىن خاراپ بولغان ئىكەن. توقتارەشت - نوقتارەشت مىلادىيە 10 - ئەسىرلەردە ئۆتكەن خوتەن خانلىقىنىڭ سەركەردىلىرى بولۇپ، قاراخانىيلارنىڭ ئىسلام ئاچقىلى چىققان قوشۇنلىرى بىلەن قاتتىق جەڭ قىلغان ۋە بىر مەزگىل قەشقەرنى ئىشغال قىلغان. مىلادىيە

---

① مالك. ئاۋرېل. ستەيىن: «قۇم ئاستىدا قالغان خوتەن خارابىلىقلىرى خاتىرىسى»، 95 - 98 - بەتلەر، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى 1994 - يىل 9 - ئاي 1 - نەشرى. خەنزۇچە.

② پائول. پېللىئوت: «غەربىي يۇرت ئېكسپېدىتسىيە خاتىرىسى»، يۈننەن خەلق نەشرىياتى 2000 - يىل 10 - ئاي نەشرى، 150 - 156 - ۋە 208 - 209 - بەتلەر، خەنزۇچە.

③ ئادىل مۇھەممەد تۇران: «قەشقەردىكى قەدىمىي ئىزلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 - يىل 9 - ئاي 1 - نەشرى، 5 - 6 - بەتلەر.

④ نىياز كىرىمى: «شىنجاڭنىڭ قەدىمكى كارۋان يوللىرى»، 63 - بەت.

1998 ـ يىللىرى ئەتراپىدا قاراخانىيلار قوشۇنلىرى تەرىپىدىن مەغلۇپ بولۇپ ئۆلتۈرۈلگەن، كېيىن جەسىتى شۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان.①

موللا ھاجىنىڭ «بۇغراخانلار تەزكىرىسى» دېگەن كىتابىدا ماچىن (ھازىرقى خوتەن) دىكى ئۇيغۇر بۇددىستلىرىنىڭ باشلىقى چوقتا رەشت بىلەن نوقتا رەشتلەرنىڭ قاراخانىيلار پادشاھى ھەزرىتى سەئىد ئەلى ئارسلانخان زامانىسىدا ئەللىك مىڭ لەشكەر بىلەن باستۇرۇپ كېلىپ قەشقەرنى قامال قىلغانلىقى، ئەمما يېڭەلمىگەنلىكى، ئاخىرىدا «ئۇچ» ئاتلىق بىر لەنتى كەمپىرنى جاسۇسلىققا سېلىپ سىر ئېلىپ ئۇنىڭ ناماز ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدا قول سالسا ئاندىن ئۆلتۈرەلەيدىغانلىقىنى ئۇققانلىقى ۋە پۇرسەت تېپىپ بىر بامدات ناماز ۋاقتىدا ئۇلارنىڭ ئارسلانخاننى قەتلە قىلغانلىقى سۆزلىنىپتۇ. يەنە بەزى رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، چوقتارەشت ۋە نوقتارەشتلەر خوتەننىڭ سانغۇنلىرى بولۇپ، يۈسۈپ قىدىرخان باشچىلىقىدىكى قاراخانىيلار قوشۇنى بىلەن مىلادىيە 989 ـ يىلى قاراقاش زاۋادىكى كەپتەرخانە (قۇمات پاششىم) دا ئۇرۇش قىلغان ۋە يۈسۈپ قىدىرخانغا يېڭىلگەن. بۇ ئۇرۇشتا قاراخانىيلار قوشۇنى خوتەننى قەتلى قىلىدۇ. چوقتارەشت، نوقتارەشتلەرقالدۇق قىسىملىرىنى باشلاپ چىرانىڭ تاغلىق رايونلىرىغا چېكىنىدۇ. مىلادىيە 1000 ـ يىلى 11 ـ نويابىردا مۇسۇلمانلارنىڭ ناماز ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ھۇجۇم قىلىپ خوتەننى قاراخانىيلارنىڭ قولىدىن تارتىۋالىدۇ. مىلادىيە 1006 ـ يىلى يۈسۈپ قىدىرخان خوتەنگە قايتا يۈرۈش قىلىپ ئالىدۇ. چوقتارەشت بىلەن نوقتارەشتلەر ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئۇلارنىڭ قارارگاھى ھاشى چوقتارەشت بىلەن ھاسا چوقتارەشت قورغىنى ھازىر چىرا ناھىيىسىنىڭ چاقا يېزىسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ غەربىگە 12.7 كىلومېتىر كېلىدۇ.②

موللانىياز خوتەنى تەرىپىدىن ھىجرىيە 1212 ـ يىلى (مىلادىيە 1797 ـ يىلى) يېزىلغان «تۆت ئىمام زەبىھۇللا تەزكىرىسى» ناملىق شېئىرى داستاندىكى قەيتلەرگە قارىغاندا، تەخمىنەن مىلادىيە 970 ـ يىللىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قاراخانىيلار بىلەن بۇددىست ئۇدۇن خانلىقى قوشۇنلىرى ئوتتۇرىسىدا خوتەننى بويسۇندۇرۇش ۋە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدۇرۇشنى مەقسەت قىلغان ئۇرۇش 20يىلدىن ئارتۇق داۋاملاشقان. بۇ ئارىدا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلمىش ۋە يېڭىۋېلىشلار بولغان، ئۇرۇشتا ھەر ئىككى تەرەپ زور بەدەل تۆلىگەن. ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق ئۇدۇن پايتەختىنى ئېلىش ئۈچۈن بولغان ھەل قىلغۇچ جەڭدە ئۇدۇن خانلىقى تەرىپىدىن 560 كىشى، ئىسلام قوشۇنى تەرەپتىن 220 كىشى تالاپەت يېگەن، ئۇدۇن خانى خالغال ماچىن ئىسلام قوشۇنىغا تەسلىم بولغان، ئۇدۇن پايتەختى ئىسلام قوشۇنلىرىنىڭ قولىغا ئۆتكەن كۈنى خالغال ماچىننىڭ قول ئاستىدىكى چوقتا رەشت، نوقتا رەشت دېگەن قوماندانلار 12 مىڭ بۇددىست لەشكىرىنى ئەگەشتۈرۈپ كېچىسى يوشۇرۇن قېچىپ چىقىپ، بىر مەزگىل باشقا جايلاردا كەسكىن ئېلىشقان بولسىمۇ، ئاخىرى ئۇزۇل ـ كېسىل مەغلۇپ بولغان، ئۇدۇن خانى خالغال ماچىن قالدۇق 12 مىڭ ئادىمى بىلەن مۇسۇلمان بولغان.

«خوتەندىكى قەدىمىي ئىزلار» دېگەن كىتابتا شۇ ۋاقىتتىكى ئۇدۇن خانلىقى پايتەختىنىڭ بوگۈنكى كۈندە خوتەن شەھرىگە 10 كىلومېتىر كېلىدىغان باغچە بازىرىنىڭ ئەللامە كەنتىدىكى يوتقان قەدىمىي شەھەر خارابىسى ئىكەنلىكى ھەققىدە توختىلىپ: «يوتقان قەدىمىي شەھەر خارابىسى مىلادىيە 10 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 11 ـ ئەسىرنىڭ

① ئادىل مۇھەممەد تۇران: «قەشقەردىكى قەدىمىي ئىزلار»، 145 ـ ۋە 146 ـ بەتلەر، ئۇيغۇرچە.
② «ئۇيغۇر خەلق رىۋايەتلىرى» I قىسىم، 179 ـ 181 ـ بەتلەر، 1998 ـ يىل ئۇرۇمچى نەشرى.

باشلىرىغىچە بولغان 40 يىللىق ئۇرۇشنى بېشىدىن كەچۈرگەن ئۇدۇن خانلىقىنىڭ پايتەختى ئىدى» دېيىلىدۇ.① خۇلاسىلىغاندا، «ئىسلام تارىخى مەنبەلىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، شۇ چاغلاردا خوتەن بۇددىستلىرىنىڭ باش قوماندانى چىقال خالغال ماچىن دەپ ئاتىلاتتى. نوقتا رەشت ۋە چوقتا رەشتلەر ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئىككى قوماندان ئىدى.»② بۇ ئىسىملار بەزى تارىخىي ماتېرىياللاردا «چىكالو خالغال ماچىن» دېيىلىدۇ، بەزى ماتېرىياللاردا «چوقتا رەشت» يەنە بەزى ماتېرىياللاردا «چوقتارەشت» ۋە يەنە بەزى ماتېرىياللاردا «توقتىرىشىت» دېيىلىدۇ. نوپۇزلۇق ئىسلام مەنبەلىرىدە دېيىلگىنى «چوقتا رەشت» دۇر. زامانىمىزدا يېزىلغان بەزى خەنزۇچە كىتابلاردا كۆرسىتىلىشىچە، خوتەننىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر پادىشاھى ۋىسا سامگراما (Visa samgrama) ئىسلام تارىخلىرىدا قەيت قىلىنغان چىكالو خالغالنىڭ ئۆزى بولۇپ، ئۇ تەختتىكى ۋاقتىدا (مىلادىيە 983 ـ 1006) قاراخانىيلارنىڭ پادىشاھى يۇسۇپ قىدىرخان خوتەننى فەتھى قىلغان. چىكالو خالغال (ۋىسا سامگراما) شۇ قېتىمدا ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ قالدۇق قىسىملىرى ئۇنىڭ چوقتا رەشت (楚克塔拉失德) ۋە نوقتا رەشت (诺克塔拉失德) دېگەن سانغۇنلىرىنىڭ باشچىلىقىدا شەرققە ـ كۈئېنلۇن تاغلىرىغا چېكىنگەن.③

«بۇغراخانلار تەزكىرىسى»دە، يۇسۇپ قىدىرخان خوتەن بۇددىستلىرى بىلەن 24 يىل ئۇرۇش قىلىپ ئاخىرى چىكالۇ خالغالنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، نۇرغۇن ئولجىلار بىلەن قەشقەرگە قايتتى، دېيىلىدۇ. بەزى ئارخېئولوگلار، چوقتا رەشت ۋە نوقتا رەشت دېگەن بۇ ئىسىملار سانسكرتچە بوداراكشتا دېگەن خاس ئىسىمدىكى ئەۋلىيا مەنىسىدە كەلگەن راكشتا (Raksita) كەلىمىسىدىن ئۆزگەرگەن بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، ئۇ زامانىسىدا خوتەن، كۇچا قاتارلىق جايلاردا ئۆتكەن ئاتاقلىق بۇددا ئالىملىرى ئىچىدە راكشتا (Raksita) فامىلىلىكلەر ناھايىتى كۆپ ئىدى. نوقتا رەشت ۋە چوقتا رەشت دېگەن بۇ ئىسىملار ئەسلىدە «نوكتا راكشتا»، «چوقتا راكشتا» دېگەن خاس ئىسىمنىڭ بۇزۇلۇپ ئىسلام قىياپىتىگە كىرگۈزۈلگەن شەكلى بولسا كېرەك، دەيدۇ.④ بۇ مېنىڭچە توغرا يەكۈندۇر.

ئەلقىسسە، بۇ ۋاقىتتىكى ئۇدۇن (خوتەن) خانلىقى ئەنئەنىۋى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان دۆلەت بولۇپ، ئۇنىڭ چېگرىسى شەرقتە چەرچەنگىچە، غەربتە يەكەنگىچە باراتتى. شىمالدىكى پاسىلى ئاقسۇ، كۇچارغىچە بولۇپ، ئۇزۇنىسى ـ توغرىسى بولۇپ نەچچە مىڭ چاقىرىملىق زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. تۇرپاننى پايتەخت قىلغان ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى (قارا قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى) مۇ بۇددا دىنىدا ئىدى. ئۇنىڭ شەرقى ھۇدۇدى قۇمۇل، غەربىي ھۇدۇدى ئىلى، جەنۇبىي ھۇدۇدى كۇچا، ئاقسۇغىچە باراتتى. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان قەشقەر خانىۋى قەدىمى شەھىرى شۇ چاغدىكى قەشقەر خانلىقى (سۇلى بەگلىكى) نىڭ مەركىزى بولۇپ، ئۇنىڭمۇ چېگرا ـ پاسىللىرى شەرقتە بارچۇق (مارالبېشى)، شىمالدا ئاقسۇغا تۇتىشاتتى. ئاقسۇ بۈگۈنكى كۈندە شەرقىي ۋە شىمالىي تەڭرىتاغ رايونلىرى بىلەن جەنۇبىي تەڭرىتاغ رايونلىرىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان مۇھىم قاتناش تۈگۈنى بولغانغا ئوخشاش شۇ

① نىزامىدىن توختى: «خوتەندىكى قەدىمىي ئىزلار»، 10 ـ 11 ـ بەتلەر، 2002 ـ يىل ئۈرۈمچى نەشرى.
② «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 166 ـ بەت، 1990 ـ يىل ئۈرۈمچى نەشرى.
③ «جۇڭگو شىنجاڭ ئىسلام دىنى تارىخى»، 1 ـ توم 97 ـ 98 ـ بەتلەر، خەنزۇچە. لى جىڭشىن: «شىنجاڭدىكى ئىسلام خاندانلىقلىرى تارىخىدىن بايان»، 19 ـ 20 ـ بەتلەر، خەنزۇچە.
④ ئابدۇقەييۇم خوجا قاتارلىقلار: «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ‹مايترى سىمىت›، بۈگۈنكى بۆلۈمى ئۈستىدە تەتقىقات» نىڭ 139 ـ ئىزاھاتىغا قارالسۇن. «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى 1985 ـ يىل 1 ـ سان 95 ـ بەت، ئۈرۈمچى.

زاماندىمۇ ھەرقايسى ئەل ۋە بەگلىكلەر تالىشىدىغان مۇھىم بىر ئىستراتېگىيىلىك جاي ئىدى. بىز بۇ ماقالىمىزدە ئۇنىڭ قەشقەر ۋە تۇرپانلار بىلەن بولغان قاتناش ئالاقە يوللىرىنى ۋاقتىنچە قويۇپ تۇرۇپ، ئۇدۇن (خوتەن) خانلىقى بىلەنلا بولغان مۇساپىسىنى كىتابخانلارنىڭ سەمىگە سالىمىز.

قەيتلەرگە كۆرە، قەدىمدە ئاقسۇدىن خوتەنگە بارىدىغان يول مۇشكۇل بولۇشىغا قارىماي ئاۋات ئىدى. تاڭ دەۋرىدىكى ئوردا ۋەزىرى، جۇغراپىيون جياداننىڭ «چېگرا جايلاردىكى يات قەۋملەرنىڭ يول ئەھۋالىدىن خاتىرە» سىدە بارماندىن خوتەنگىچە بولغان يول مۇساپىسى خاتىرىلەنگەن. ئۇنىڭغا كۆرە، بارمان (ئاقسۇ) بىلەن خوتەننىڭ ئارىلىقى 930 چاقىرىم كېلىدۇ. سۇڭ دەۋرىدە ياشىغان ئەدىب يۆشىننىڭ «ئاسايىشلىق ئالەم» دېگەن كىتابىدا بارمان بىلەن ئۇدۇننىڭ ئارىلىقىنىڭ مىڭ چاقىرىم بولۇپ، 15 كۈنلۈك مۇساپە ئىكەنلىكى سۆزلىنىدۇ. يەنە سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يېزىلغان «جەنۇبقا بارىدىغان يول ئەھۋالى» دېگەن كىتابتا «قۇمدىن 10 كۈندە ئۇدۇنغا بارغىلى بولىدۇ» غانلىقى قەيت قىلىنىدۇ.[1] بۇلار قەدىمكى زاماندىكى ئەھۋال. بۈگۈنكى كۈندىمۇ خوتەندىن ئاقسۇغا، ئاقسۇدىن خوتەنگە بارىدىغان ئۇلاغلىق يول بار. كىشىلەر ھازىرمۇ بېرىپ كېلىدۇ. «شىنجاڭنىڭ قەدىمكى كارۋان يوللىرى» دېگەن كىتابتا يېزىلىشىچە، خوتەندىن يېڭىئېرىققا 50 يول، ماياقلىققا 86 يول، يامانبۆككە 148 يول، شىپاڭغا 186 يول، ئاقچالغا 196 يول، قوشلاشقا 246 يول كېلىدۇ. قاراقاش ۋە يۈرۈڭقاش دەريالىرى قوشلاشتا قوشۇلۇپ خوتەن دەرياسىنى ھاسىل قىلىدۇ. قوشلاشتىن چىقىپ، بۆكسۇمنى بېسىپ مازار تاغقا كېلىدۇ. خوتەندىن مازار تاغقا 390 يول كېلىدۇ. خوتەندىن باسقۇرياغا 534 يول، قۇم جەينەككە 606 يول، ئاقسۇ ئاۋات چېگرىسىغا 624 يول كېلىدۇ. ئاندىن جىنلىق كەپەدىن ئۆتۈپ يالغۇزغا بارىدۇ. يالغۇزغا 684 يول، پىچانلىقتا 732 يول كېلىدۇ. پىچانلىقتىن ماتانغا 88 يول، غورۇچۆلگە 112 يول، ئاۋات بازىرىغا 160 يول كېلىدۇ. خوتەندىن ئاۋاتقا 892 يول كېلىدۇ، ئاۋاتتىن تام توغراققا 11 يول، ئۈجمىگە 40 يول، يەكلىگە 72 يول، لەڭگەرگە 84 يول، ئايكۆلگە 101 يول كېلىدۇ.[2]

ماقالىمىزنىڭ ئالدىنقى بىر ماۋزۇسىدا ئايكۆلدىكى خاڭگۈكتا خوتەنچە ئىسىم قويۇدىغان ئادەملەرنىڭ كۆپلىكىگە قاراپ بەزىلەرنىڭ «خاڭگۈك» نامىنى خوتەندىكى «ھاڭگۈي» دىن ئۆزگەرگەن بولۇشى مۇمكىن، دېگەن كۆز قاراشنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئىدۇق. بۇ قىياس ۋە پەرەزلەرنىڭ ئىلمىي ئاساسىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىدىن قەتئىينەزەر، بىز بۇ يەردە گېپىنى قىلماقچى بولغان «خەنگۈك» نىڭ بۇددىزم زامانىسىدىكى ئۇدۇن (خوتەن) بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق. پىكرىمىزچە، ئاقسۇ دەرياسى مىلادىيىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ھازىرقى «ئەشمە» نىڭ ئورنىدىكى چاغدا دەريا ياقىسىدىكى بوستانلىقلاردا ياشايدىغان خەلقلەر بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. ئۇ چاغدا ئاقسۇ جۇملىدىن، ئايكۆل «خەنگۈك» خېلى تەرەققىي قىلغان بۇددا مەدەنىيەت رايونلىرى ئىدى. بۇ پىكرىمىزنىڭ دەلىلى ئۈچۈن تۈركىيىلىك پروفېسسور م. شاكىر ئۈلكۈتاشىرنىڭ شۇ زاماندا «ئاقسۇدا تەرەققىي قىلغان تۈركلەر ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، خەلقى قەدىم زامانلاردىن تارتىپ بۇددىست ئىدى»[3] دېگەن ھۆكۈمى يېتەرلىكتۇر. «قاراخانىيلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» دا ئېيتىلىشىچە، قاراخانىيلار خوتەننى

---

① يىن چىڭ: «تەكلىماكان قۇملۇقىدىكى قەدىمكى ئۆت يول»، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقات ژۇرنىلى 1992 ـ يىللىق 3 ـ سان، 100 ـ 101 ـ بەتلەر، ئۇيغۇرچە.

② نىياز كېرىمى: «شىنجاڭنىڭ قەدىمكى كارۋان يوللىرى»، 246 ـ 247 ـ بەتلەر، ئۇيغۇرچە نەشرى.

③ م. شاكىر ئۈلكۈتاشىر: «بۈيۈك تىلچى مەھمۇد كاشغەرى»، 187 ـ بەت، 2000 ـ يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى.

ئىسلام دىنىغا كىرگۈزۈشنى چىڭ تۇتۇش بىلەن بىللە يەنە ئاقسۇ ۋە كۇچارنى ئىسلامىيەتكە كىرگۈزۈشنىمۇ چىڭ تۇتقان، ئاقسۇ، يەكەنلەر ئىسلام دىنىغا كىرگەن، ئەمما كۇچار ئاھالى-سىنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان بولمىغان، بۇ جايدىكى ئادەملەرنىڭ كۆپ قىسمى يەنىلا بۇددا دىنىدا قالغان.[1] بەزىلەر ئايكۆل «خەنگۇلىڭ» قەدىمىي شەھىرى - غەربىي يۇرتتىكى قەدىمكى بۇددا دىنى بىلەن ئىسلام دىنى ئوتتۇرىسىدا مۇشۇ چاغدا بولغان دىنى، ھەربىي توقۇنۇشلارغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، «چوقتا» - خوتەن بۇددىستلىرىنىڭ ھەربىي قوماندانى چوقتا رەشت تەرىپىدىن ياسالغان بۇددا مۇنارى ياكى ئۇنىڭ چېگرانى ساقلىغۇچى چېرىكلىرى تۇرىدىغان قاراۋۇلخانىسى بولسا كېرەك، دېيىشىدۇ. بۇ گەپنىڭ ئازراقمۇ ئىلمىي ئاساسى يوق دېگىلى بولمايدۇ. بەزىلەر قاراخانىيلارنىڭ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىگە قاراتقان ھەربىي ھەرىكىتىدە كۇچار بىلەن ئاقسۇ ناھايىتى تېزلا تۇرپانغا قارام بولۇشتىن قېپقالغان، دەيدۇ. بۇ «ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ چېگرىسى كۇچار، ئاقسۇغىچە بولۇپ، خانلىق قوچۇ ئۇيغۇرلىرى بىلەن كۆسەن (كۇچار) ئۇيغۇرلىرىدىن ئىبارەت ئىككى قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئاقسۇ شۇ چاغدا كۇچارغا قارايتتى» دېگۈچىلەرنىڭ پىكرىدۇر.

قاراخانىيلارنىڭ ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى ھەققىدە ماتېرىيال كەمچىل، ئەمما «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە بەزى ئەھۋاللار خاتىرىلەنگەن . مەھمۇد كاشغەرى قاراخانىيلار تەۋەسىدىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي قەبىلىلەرنى «ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغان تۈركىي خەلقلەر» دەپ ئاتايدۇ. قوچۇ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بۇددىست ئۇيغۇرلارنى بولسا «مۇسۇلمان بولمىغان تۈركىي خەلقلەر» ياكى «ئۇيغۇر كاپىرلىرى» دەپ ئاتايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە، ئۇيغۇرلارنىڭ شەرقى قىسمى بىلەن بولغان سىياسى ۋە دىنى مۇجادىلەلەرگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ئۈستىدە توختالغاندا «ئەشەددى كاپىرلار» ، «تاتلار» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى ئىشلىتىدۇ. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە ئەنە شۇ ئۇيغۇر-لارغا قارشى قىلىنغان جەڭلەر تەسۋىرلەنگەن بېيىتلار ناھايىتى كۆپ. زامانىمىزدا يېزىلغان «شىنجاڭدىكى ئىسلام خاندانلىقلىرى تارىخىدىن بايان» ۋە «جۇڭگو شىنجاڭ ئىسلام تارىخى» دېگەن كىتابلاردا قاراخانىيلارنىڭ ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ئۈستىگە قىلغان ئۇرۇشلىرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» دىن ستاتا كەلتۈرۈلۈپ بايان قىلىنىدۇ. بەزى مەنبەلەردە، قاراخانىيلارنىڭ ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ئۈستىگە قىلغان ھەربىي يۈرۈشىگە ئىراق پايتەختى باغداتتىن كەلگەن ئەرەب ئالىمى سەئىد جالالىددىننىڭ ئوغلى ئابدۇلفەتتاھنىڭ قوماندانلىق قىلغانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇشتا شېھىت بولۇپ شاھادەتكە يەتكەنلىكى، قەبرىسىنىڭ ھازىر بۈگدا تېغىدا «ئەلپەتتا غوجام» ، «توپ ئاتار مازارغوجام» ناملىرى بىلەن مەشھۇر ئىكەنلىكى[2] سۆزلەنسە، يەنە بەزى تارىخىي كىتابلاردا، قاراخانىيلارنىڭ ئىسلام دىنىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن، قوچۇ ئۇيغۇر-لىرى بىلەن بېشبالىقتا ئېلىپ بارغان بىر قېتىملىق شىددەتلىك جەڭدە ئەبۇ ناسىر سامانىنىڭ ئوغلى ئابدۇلفەتتاھ باتۇرلۇق بىلەن خىزمەت كۆرسىتىپ قازا قىلدى. مۇسا ئارسلان بۇغرا قاراخان ئۇنىڭ قەھرىمانلىقىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئالپ تېكىن (قەھرىمان شاھزادە) ئۇنۋانىنى بەردى، ئالپ تېكىن ئۇرۇمچىنىڭ جەنۇبىدىكى تاغدا دەپنە قىلىندى، ھازىرمۇ خەلقلەر بۇ مازارنى «ئەلپەتتا غوجام مازىرى» دەپ ئاتايدۇ، دېيىلىدۇ.[3]

---

[1] ھاجى نۇرھاجى: «قاراخانىيلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىل 7 - ئاي نەشرى، 71 - بەت.
[2] شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 1981 - يىل 1 - سان، 17 - بەت.
[3] ھاجى نۇرھاجى: «قاراخانىيلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» ، 74 - 75 - بەتلەر. «قەدىمكى ئۇيغۇرلار ۋە قاراخانىيلار» ، 244 - بەت.

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

تارىخچى رەھمەتلىك ھاجى نۇرھاجى (1929 ـ 2001) يازغان «قەدىمكى ئۇيغۇرلار ۋە قاراخانىيلار» دېگەن كىتابتا قەيت قىلىنىشىچە، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان خوتەن بودددىست ئۇيغۇرلىرىنى بويسۇندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن كۇچارغا يۈرۈش قىلغان، قەدىمدىن بېرى خوتەندىن قالسىلا بۇددا دىنىنىڭ مەركىزى بولغان كۇچار ئىسلامىيەتكە تەرسالىق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئاخىرى سۇتۇق بۇغراخانغا باش ئەگكەن. شۇ قېتىمقى سەپەردە سۇتۇق بۇغراخان خوتەن، كۇچارلارنى بويسۇندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنى بويسۇندۇرۇش تاكتىكىسىدا ئاۋۋال شىمال تەرەپتىن ئىلىغا، جەنۇب تەرەپ-تىن قارا شەھەرگە قوشۇن ماڭدۇرغان. بۇ ئۇرۇشقا ئەبۇ ناسىر سامانىنىڭ ئوغلى ئابدۇلفەتتاھ قوماندانلىق قىلغان. مىلادىيە 950 ـ يىللىرى ئەتراپىدا ئابدۇلفەتتاھ قوماندانلىقىدىكى قاراخانىيلار قوشۇنى ھەشەمەتلىك بايراق، داقا ـ دۇمباق ئەلەملىرىنى كۆتۈرۈپ، سۈر ھەيۋەتلىك زور قوشۇن بىلەن شەرققە يۈرۈش قىلغان، قوشۇنلار كۇچار، كورلا، قاراشەھەر قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلىپ توقسۇن يولى بىلەن تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى بېشبالىق شەھىرىگە ھۇجۇم قىلغان. ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى بېشبالىق ۋە قاراغوجا شەھەرلىرىدىن قوشۇن يۆتكەپ كېلىپ تەڭرىتاغ ئېغىزىدا ئابدۇلفەتتاھ قوشۇنلىرىغا قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتكەن. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قاراخانىنىڭ چوڭ ئوغلى مۇسا تېكىن (بايتاش) نىڭ قوماندانلىقىدا ۋاقتىنچە قارا شەھەرگە چېكىنگەن ۋە ئۇ يەردە قوشۇنلىرىنى تەرتىپكە سالغان. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ناھايىتى زور چىقىمغا ئۇچرىغان ۋە بۇددا دىنىدا قېلىش شەرتى بىلەن قاراخانىيلار خانلىقىغا بويسۇندىغانلىقىنى بىلدۈرگەن، سۇتۇق بۇغراخان كۇچارنى قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ شەرقى چېگرىسى قىلىپ بېكىتكەن.①

يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان ئەلپەتتاھ غوجام مازىرى ھازىر تۇرپان شەھىرى ئاستانە يېزىسى-دا. تۇرپان خەلقى ئارىسىدىكى رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، تۇرپانلىقلار ئىسلام دىنىغا كىرىشتىن بۇرۇن، قاراخانىيلار قوشۇن باشلاپ كېلىپ، يەرلىك خەلقنى ئىسلام دىنىغا كىرىشكە مەجبۇرلىغان، خەلق ئۇنۇمسىزلىقتىن ئوتتۇرىدا ئۇرۇش پارتلىغان. ئۇرۇشتا قاراخانىيلار ئىدىقۇت شەھىرىگە بىر نەچچە قېتىم ھۇجۇم قىلىپ بۇددىست ئۇيغۇرلارنى زور تالاپەتكە ئۇچراتقان. شەھەر سېپىلىنىڭ سىرتىدىكى خەلق ئەلپەتتاھ غوجامنىڭ كارامەت باتۇرلۇقىغا قايىل بولۇپ، ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغان. ئەلپەتتاھ غوجام شېھىت بولغاندىن كېيىن، تۇرپانلىقلار بىر مەزگىل بۇددا دىنىغا يېنىۋالغان، ئارىدىن نەچچە يۈز يىل ئۆتۈپ، مىلادىيە 1397 ـ يىلى خىزىر خوجا تەرىپىدىن ئۇزۇل ـ كېسىل ۋەيران قىلىنغاندا، ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغان. شۇ چاغدا خىزىر خوجا ئەلپەتتاھ غوجامنىڭ قەبرىسىنى تەڭرىتاغلىرى ئارىسىدىن تاپتۇرۇپ كېلىپ ھازىرقى ئورنىغا يۆتكىگەن. ھازىر بۇ مازارنىڭ ئىچىدە ئەلپەتتاھ غوجام تۇتقان دەپ قارالغان، ئۈستىگە بسم الله الرحمن الرحيم دېگەن ئايەت يېزىلغان تۇغ ئايەت تاختىسى ئېسىپ قويۇلغان. ئاستانىدىكى خەلق تارىخچىسى ئابدۇراھمان ئابدۇللا②نىڭ ئېيتىشىچە، ئەلپەتتا دېگەن ئىسىم ئەسلى ئۇبۇل پەتتاھ بولۇپ، كېيىن ئابدۇل پەتتاھقا ئۆزگەرگەن، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەلپەتتاھ بولغان. ئۇ سۇلتان سۇتۇق بۇغراخانغا دەرس بەرگەن ئەبۇنەسر سامانىنىڭ ئوغلى ئەلپەتتاھ غوجام مىلادىيە 970 ـ 980 ـ يىللىرى ئۆپچۆرىسىدە

---

① ھاجى نۇرھاجى: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار ۋە قاراخانىيلار» 240 ـ 241 ـ بەتلەر، 2001 ـ يىل ئۈرۈمچى نەشرى.

② ئابدۇراھمان ئابدۇللا 1943 ـ يىلى تۇرپان شەھرىنىڭ ئاستانە يېزىسىدا تۇغۇلغان، 1960 ـ يىلىدىن باشلاپ يېزىقچىلىققا كىرىشكەن. ئۇنىڭ تارىخى تېمىدىكى «ھەزرىتى ئەلپەتتاھ غوجام»، «ئىسلام دىنىنىڭ تۇرپان رايونىغا تارقىلىشى»، «ياللۇنتاغ ياقىرىدىكى يانغىن» قاتارلىق ئىلمىي ماقالە ۋە تارىخىي ئوچېركلىرى بار. بۇ ھەقتە ئۇنىڭ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 2002 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «تاشكەنتچىلەر» ناملىق كىتابىغا يېزىلغان نەشرىيات سۆزىگە قارالسۇن.

قەشقەرگە ئىسلام ئاچقىلى كەلگەن، ئاقسۇ ، كۇچار، قاراشەھەر، تۇرپان قاتارلىق جايلاردا بۇددىستلار بىلەن قاتتىق جەڭ قىلغان. ئىدىقۇت خانى ئارسلانخان بېشبالىقتا چېكىنگەندە، ئۇ كەينىدىن قوغلاپ تاغ ئىچىگە كىرگەن، ئۇلار تاغ ئىچىدىكى بىر جىلغىدا قاتتىق ئۇرۇش-قان، جەڭدە ئەلپەتتاغوجام يېڭىلگەن ۋە ئەلپەتتاغوجامنىڭ جەسىتى بۇغدا چوققىسى ئەتراپىدى-كى بىر يەرگە قويۇلغان. 14 ـ 15 ـ ئەسىرلەردە تۇرپان ئۇيغۇرلىرى رەسمىي ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىن، ئۇنى ئۇلۇغلاپ جەسىدىنى مۇشۇ ھازىرقى يەرگە يۆتكەپ مازار بىنا قىلغان. تۇرپان رايونى تەۋەسىدە ئەلپەتتا غوجامغا مۇناسىۋەتلىك ئاتلاش غوجام (ئوقۇرخوجام دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ۋە سىنچىلاق مازار دېگەن جايلار بار. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئاتلاش خوجام ـ ئەلپەتتا غوجامنىڭ ئېتىنى باغلىغان يەر ئىمىش. سىنچىلاپ مازار ھەققىدىمۇ ئىككى رىۋايەت بار. ئۇنىڭ بىرىدە ئېيتىلىشىچە، ئەلپەتتا خوجام ئۇرۇش قىلىۋاتقاندا سىنچىلاق قولىغا ئوق (قىلىچ ياكى پالتا) تېگىپ قول شۇ يەرگە دەپنە قىلىنغانىكەن. يەنە بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشى-چە، ئەلپەتتاھ خوجام ئالەمدىن ئۆتۈپ لەشكەرلەر ئۇنىڭ جەسىدىنى ئېلىپ قاراغوجادىكى ئۇلۇغ يول بىلەن كېلىۋاتقاندا ئەلپەتتاھ غوجامنىڭ سىنچىلاق قولى شۇ يەرگە چۈشۈپ قالغان، شۇنىڭ بىلەن بۇ يەر سىنچىلاق مازار دەپ ئاتالغان.①

بۇ رىۋايەتنىڭ چىنلىقىدا گەپ يوق. بۈگۈنكى كۈندە تۇرپاندىن بېشبالىق (بۈگۈنكى جىمسار) غا بارىدىغان بىر تاغ يولى بولۇپ، ئۇ «تات يولى» دېيىلىدۇ، مەھمۇد كاشغەرىنىڭ ئىزاھلىشىچە، «تات» بەزى تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ تىلىدا مۇسۇلمان بولمىغان (كاپىر) ئۇيغۇرلاردۇر②. تارىخىي مەنبەلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ قىشلىق پايتەختى ھازىرقى تۇرپان، يازلىق پايتەختى بېشبالىق (ھازىرقى جىمسار) بولغان، پەممىز-چە، شۇ چاغدا ئەلپەتتاھ خوجام ئەنە شۇ «تات يولى» بىلەن مېڭىپ يازلىق پايتەختى بېشبالىقتا چېكىنگەن ئىدىقۇت پادىشاھى ئارسلانخاننى قوغلىغان ۋە شۇ تاغ ئىچىدە شېھىت بولغان.③

ئەلقىسسە، ئەلپەتتاھ غوجامنىڭ قەشقەردىن تۇرپانغا قىلغان غازىتىدا ئىسلام لەشكەرلى-رى قىزىل دەرياسىنى بويلاپ بارچۇق (مارالبېشى) تىكى توققۇز ساراي قەدىمىي شەھىرىدە ماكان تۇتقان بۇددىستلارنى يوقىتىپ بولغاندىن كېيىن داۋاملىق شەرققە ئىلگىرىلىگەن، ئاندىن كېيىن كەلپىنگە كېلىپ بۇ يەردىكى بۇددىستلار بىلەن جەڭ قىلغان. بۈگۈنكى كەلپىن ناھىيىسىنىڭ يۇرچى دېگەن يېزىسىدا توققۇز گۈمبەز دەيدىغان بىر مازار بار. ئۇ ناھىيە بويىچە تارىخى ئۇزۇن، تەسىرى چوڭ مازار ھېسابلىنىدۇ. بۇ مازارنىڭ بەرپا قىلىنىشى توغرىسىدا ئەل ئىچىدە تۈرلۈك رىۋايەتلەر تارقالغان. شۇ رىۋايەتلەرنىڭ بىرىدە ئېيتىلىشىچە، ئىسلام دىنى شىددەت بىلەن شەرققە قاراپ كېڭەيتىلگەن چاغلاردا، سامانىيلار (895 ـ 1005) ئېلىدىن ئابدۇلفەتتاھ سامانى ئىسىملىك بىر زات ئىسلام دىنىنى تەرغىپ قىلىش ئۈچۈن لەشكەر باشلاپ كەلپىنگە كەلگەن. ئۇلار يەرلىك بۇتپەرەستلەر بىلەن قاتتىق جەڭ قىلغان. جەڭدە ئابدۇلفەتتاھ باشچىلىقىدىكى توققۇز سەركەردە شېھىت بولغان. جەڭدە شېھىت

① راھىلە داۋۇت: «ئۇيغۇر مازارلىرى»، 229 ـ بەت «ئەلپەتتاھ خوجام مازىرى» غا قاراڭ. 2001 ـ يىل ئۈرۈمچى نەشرى.

② مەھمۇد كاشغەرى: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، 1 ـ توم 51 ـ بەت، ئۈرۈمچى نەشرى.

③ 1996 ـ يىلى 9 ـ ئايدا تۇرپان شەھىرىدە، تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى ۋە تۇرپان بىلەن جىمسار ئارىلىقىدىكى «تات يولى» نى دەلىللەش ۋە شۇ يول بىلەن پىيادە، يۈرۈپ بېشبالىق قەدىمىي شەھىرىنى تەكشۈرۈش نىشانلاندى. مەن پىيادىلەر گۇرۇپپىسى بىلەن «تات يولى» دا مېڭىشنى تاللىدىم. ئەمما پروفېسسور شەرىپىدىن ئۆمەر (1932 ـ 2000) قاتارلىقلارنىڭ مېنى ئۆزلىرى بىلەن بىللە مېڭىشقا دەۋەت قىلىشىدا چىڭ تۇرۇۋېلىشى بىلەن ئالىيم قىيۇم باشچىلىقىدىكى ماشىنىلىق گۇرۇپپىغا قوشۇلۇپ، پىچان، تاز بۇلاق، مۇرىي، كۆچۈگلار ئارقىلىق جىمسارغا كېلىپ، ئەتىسى بېشبالىق قەدىمىي شەھىرى خارابىسىنى تەكشۈرۈشكە قاتناشتىم. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتىدىن دوتسېنت ئەنۋەر ئابلىمىت قاتناشقان بىر گۇرۇپپا ئادەم «تات يولى» بىلەن پىيادە، بۇغدا تېغىنى توغرا كېسىپ ئۆتۈپ بېشبالىق قەدىمىي شەھىرىنى تەكشۈردى. مەن شۇ چاغدا پىيادىلەر بىلەن بىللە «تات يولى» دا ماڭمىغىنىمغا ھازىرغىچە پۇشايمان قىلىمەن — ئاپتور.

www.uyghurkitap.com



بولغان توققۇز سەركەردىنى ئۇلارنىڭ سەپداشلىرى هازىرقى كەلپىن ناھىيىسىنىڭ يۇرچى يېزىسىغا دەپنە قىلغان ھەمدە ئۇلارغا ئاتاپ توققۇز گۇمبەز ياساتقان. شۇنىڭدىن تارتىپ بۇ جاي توققۇز گۇمبەز مازىرى دېيىلىدۇ①. بۇ مەنبەدە تىلغا ئېلىنغان ئابدۇلفەتتاھ سامانى دېگەن كىشى يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان تۇرپان غازىتىدا شېھىت بولغان ئەلپەتتاھ غوجامنىڭ ئۆزى بولۇپ، كەلپىندىكى شۇ نامىلىق مازارغا كەلسەك، بۇ يەردە ياتقان شېھىتلەر ئېھتىمال ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى سەركەردىلەر بولۇشى مۇمكىن.

قاراخانىيلار ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ئۈستىگە غازاتقا ئاتلانغاندا، ئۇنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىۋاتقان ئەلپەتتاھ غوجام باشچىلىقىدىكى كەلپىندىكى مۇجاھىدلىرى كەلپىندىكى ئۆرۈشتىن كېيىن دەسلەپىدە چىلان قەدىمىي شەھىرىدە، ئاندىن كېيىن ئايكۆل خەنگۇڭ قەدىمىي شەھىرى بىلەن «چوقتا» قورغىنىدا خوتەن بۇددىستلىرى ياكى يەرلىك بۇددىستلار بىلەن ئۇچراشقان. ھازىرقى كونا خەنگۇڭ بىلەن يېڭى خەنگۇڭ ئارىلىقىدىكى شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى تەخمىنەن 3 كىلومېتىر، شىمالدىن جەنۇبقا ئۇزۇنلۇقى 10 كىلومېتىر كېلىدىغان «قۇراملىق» دېگەن تۈزلەڭلىك شۇ چاغدىكى جەڭگاھ بولۇپ، قاراخانىيلار قوشۇنىنىڭ قوماندانى ئەلپەتتا غوجام مۇشۇ قېتىمقى ھەربىي يۈرۈشتە ئۆزىنىڭ بەش ئوتاغ، سەككىز ئوتاغ، توققۇز ئوتاغ ۋە ئونبەش ئوتاغ قوشۇنلىرىنى بىز بۇ يەردە كېيىنى قىلىۋاتقان خەنگۇڭ ( 汗宫 ) قەدىمىي شەھىرى بىلەن ئاۋات بېشىرىق «قالماق قەدىمىي شەھىرى» خارابىسى فەتىھسىگە ئورۇنلاشتۇرغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ جايلاردا ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان ئەشۇ ناملار، شۈبھىسىزكى شۇ زاماندىن قېپقالغاندۇر.

يۇقىرىدا خەنگۇڭ قەدىمكى مەدەنىيەت رايونىدا ئۇچرىغان «قۇراملىق»، «چۇشۇرگە» ۋە «قاق» لار ھەققىدە توختالدۇق. بۇلار قورام تاشلىق تاغ، كىچىكرەك سۇنىڭ دەرياغا قوشۇلغان يېرى ۋە قۇرىغان كۆل دېگەن مەنىلەردە بولۇپ، مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» كىتابىدا ئۇچرايدۇ.② مەھمۇد كاشغەرى بۇ سۆزلەرنى بۇ تۈرك يۇرتلىرىنى ئارىلاپ يۈرگەن زامانلاردا يەرلىك ئاھالىلارنىڭ تىلىدىن قوبۇل قىلغان. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە يەنە مۇنداق بايانلار بار: «ازك (ئۆزۈك) ئۇيۇلۇپ كېتىپ كۆل بولۇپ قالغان يەر. دەريالاردىن بۆلۈنۈپ چىققان قولتۇقلارمۇ ازك سوۋ (ئۆزۈك سۇ) دېيىلىدۇ».③ بۇ قەيتلەر بىزنى خەنگۇڭ قەدىمىي شەھىرىنىڭ ئەۋۋەلىسى مىلادىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى دەۋرلەرگە، ئاخىرىسى قاراخانىيلار دەۋرلىرىگە ئائىت ئىكەنلىكى ھەققىدىكى مۇمكىنچىلىكلەرگە بىگۇمان ئىشەندۈرىدۇ. چۈنكى، «قۇراملىق» تۈزلەڭلىكىنىڭ شىمالىدا بۈگۈنكى كۈنگىچە ئاۋۋالقى ھالىتىنى يوقاتمىغان نۇرغۇن ئۆزۈك سۇلار بار. بۇ ئۆزۈك سۇلار شۈبھىسىزكى، ئاقسۇ دەرياسىدىن بۆلۈنۈپ چىققان قولتۇقلاردۇر. كەمىنە قەلەم ئىگىسى كىچىك ۋاقىتلىرىمدا رەھمەتلىك دادام بىلەن ئەنە شۇ ئۆزۈك سۇلار ۋە ئۇنىڭغا سېلىنغان ئاددىي تاختا كۆۋرۈكلەردىن ئۆتۈپ ئايكۆل ۋە ئاقسۇلارغىچە بارغان. بۇ ئۆزۈك سۇلار ۋە ئۇنى بويلاپ ھاسىل بولغان هارۋا يولى مېنى ناھايىتى قەدىمىيلىكى بىلەن ئۇزاق قەدىمىي زامانغا ئېلىپ كېتىپ، بۇ بىپايان كەڭ كەتكەن قۇراملىق تۈزلەڭلىكىدە ئۇ قانداق پەيدا بولۇپ قالغاندۇ؟ بۇ قەدىمىي ياغاچ كۆۋرۈكلەرنى كىملەر، قاچان ياسىغاندۇ؟ دېگەن ئويلارغا سالغان ئىدى. سەبى چاغلىرىمدا كاللامدا پەيدا بولغان بۇ خىياللار تاكى بۈگۈنۈمگە قەدەر داۋاملاشتى ۋە

① راھىلە داۋۇت: «ئۇيغۇر مازارلىرى»، 183 - بەت، 2001 - يىل ئۈرۈمچى نەشرى.
② مەھمۇد كاشغەرى: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، I توم 649 - ۋە 637 - بەت، I توم 411 - بەت.
③ مەھمۇد كاشغەرى: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، I توم 97 - بەت.

داۋاملاشماقتا.

ئايكۆل بازىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن تەخمىنەن 9 كىلومېتىر يىراقلىقتا سايرىق دېگەن بىر مەھەللە بار. ئۇ يەرنىڭ ھازىرقى ئاھالىسى 433 تۈتۈن، نوپۇسى 2166 نەپەر بولۇپ، ئايكۆل «ئەشمە» سىنىڭ غەربىدە، يېقىنقى يىللاردىن بېرى نەشر قىلىنغان بەزى خەنزۇچە يەر ناملىرى، تەزكىرە كىتابلىرىدا 黄渠 شەكلىدە قەيت قىلىنىپ، «سايدىكى ئېرىق» دەپ ئىزاھلانغان. بۇ مېنىڭچە ئۇنىڭ ئەسلى تەگ تەۋەلىكىگە بېرىلگەن يېتەرلىك ھەم توغرا چۈشەنچە ئەمەس. «شەجەرەئى تۈرك» تە: «ئېقىپ تۇرغان ئۇلۇغ سۇنى تۈركىي تىلدا ساي دەيدۇ» دېيىلگەن.[1] بۇنىڭدىن قارىغاندا، بۇ يەرنىڭ «سايرىق» دەپ ئاتىلىشى قانداقتۇر يېقىنقى زاماندىكى 黄 (خۇاڭ) فامىلىلىك بىرسىنىڭ «ئۆستەڭ چېپىپ سۇ باشلىغانلىقى» غا مۇناسىۋەتلىك بولماستىن، بەلكى ئاقسۇ دەرياسىنىڭ مىلادىنىڭ ئالدى - كەينىدە مۇشۇ يەردىن ئېقىپ ئۆتۈدىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە: «سايىرق - تەڭگىلىك ساۋۇت» دېگەن بىر مەلۇمات بار.[2] بۇ — «تەڭگىلىك ساۋۇت» قاراخانىيلار دەۋرىدە «ساي يارىق» دېيىلەتتى، دېگەنلىك. بىز قاراخانىيلارغا ئائىت تارىخلاردىن بىلىمىزكى، تەڭگىلىك ساۋۇت — قەدىمكى زاماندا قاراخانىيلار قوشۇنى تەرىپىدىن ئىشلىتىلگەن، نەيزە، قىلىچ ئۆتمەيدىغان بىر تۆمۈر كىيىمنىڭ نامى. پەرىزىمىزچە، ئەينى زاماندا قاراخانىيلار قوشۇنى بۇ جايغا چۈشكۈن بولغان چاغدا، قوشۇندا شۇنىڭغا ئالاقىدار بىرەر ھادىسە ياكى ۋەقە بولغان بولسا، بۇ جاينىڭ ئىسمى شۇنىڭ نامىدا «ساي يارىق» دەپ ئاتالغان بولۇشى، كېيىنچە بارا - بارا زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۈگۈنكىدەك «سايرىق» قا ئۆزگىرىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن، بۇ خۇددى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە قەيت قىلىنغان «ئالتۇن قان» دېگەن ئىسىمنىڭ تەگ تەۋەلىكىگە بىر تۈرك ئەسكىرىنىڭ زۇلقەرنەيىن ئەسكەرلىرىدىن بىرىنى قىلىچ بىلەن چېپىپ كىندىگىچە ئىككى پارە قىلىۋەتكەنلىكى، بۇنىڭ بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن ئەسكەرنىڭ بېلىگە ئېسىۋالغان تىللا قاچىلانغان ھەمىيىنىڭ قانغا مىلىنىپ كەتكەنلىكى[3] سەۋەب بولغاندەكلا بىر ئىش.

ئاۋات ناھىيىسى بېشئېرىق بازىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا، بازارلىق ھۆكۈمەتتىن 9 كىلومېتىر يىراقلىقتا، ئاقسۇ كونا دەرياسى بىلەن يېڭى دەريا ئارىلىقدىكى ئىمام پاشا دېگەن يەردە ئىمام بەتتالى غازى دېگەن بىر مازار بار. بۇ مازار تارىخچى موللا مۇسا سايرامىينىڭ «تارىخى ھەمىدى» دېگەن كىتابىدا قەيت قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدا: «ئاقسۇدا ئىمام بەتتالى غازى نامىلىق بىر بۈزرۈكۋارنىڭ ئالىي مەقاملىق بىر زىيارەتگاھى بار. بۇ زاتنىڭ ئىسمى شېرىفلىرىنى ئىمام ئابدۇلرەخمان ئەلەۋى، يەنى ئەلى كەررەمەللاھۇ ۋەجھەھۇنىڭ ئوغلى ئىمام مۇھەممەد ھەنىپە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تۆتىنچى نەۋرىسى دەيدىكەن. بۇنىڭ ماھىيىتى خۇداۋەندە ئالىمەيانىنىڭ ئۆزىگە مەلۇم» دېيىلگەن.[4] كەلتۈرۈلۈشىچە، مۇسۇلمانلار بۇ مەۋزەئى بۈزرۈكنى ئىمام پاشا، ئىمام پاشايىم، ئىماملىرىم، ئىمام بەتتالىم دېگەندەك ناملار بىلەن ئۇلۇغلايدۇ.

بۇ مەۋزەئى بۈزرۈك ياقۇپبەگ ئاتالىق غازى زامانىسىدا (1863 - 1877) ئۈچ يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ ياسالغان چوڭ بىر جامە بولۇپ، ئۇ ئۈچ پەشتاقلىق ئىدى، تاشقىرىقى پەشتاق 15 مېتىر ئېگىزلىكتە، ئارا پەشتاق 10 مېتىر ئېگىزلىكتە، ئىچكىرىكى پەشتاق

① ئەبۇلغازى باھادىرخان: «شەجەرەئى تۈرك»، 2002 - يىلى ئۈرۈمچى نەشرى، 38 - بەت، ئۇيغۇرچە.
② مەھمۇد كاشغەرى: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، II توم 217 - بەت، ئۇيغۇرچە.
③ مەھمۇد كاشغەرى: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، I توم 123 - بەت، ئۇيغۇرچە.
④ موللا مۇسا سايرامى: «تارىخى ھەمىدى»، 649 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

7 مېتىر ئېگىزلىكتە بولۇپ، پىششىق خىش بىلەن قوپۇرۇلغان. تۆپىسى كونگىرىيىلىك، ئىچى يۇمۇلاق گۇمبەز شەكلىدە بولۇپ، قورۇلۇش لېيىغا پۈتۈنلەي خام گەج ئىشلىتىلگەن. قوۋۇقلىرى ياغاچتىن ياسالغان. تاشقىرىقى پەشتاق بىلەن ئارا پەشتاق ئوتتۇرىسىدا 4 مو ئەتراپىدا بىر مەيدان ۋە ناھايىتى چوڭ ئىككى تۈپ سىبدە بار. ئارا پەشتاقتىن ئىچكىرىكى پەشتاققا بارغۇچە يەنە 4 مو ئەتراپىدا كېلىدىغان مەيدان بار. ئىچكەركى پەشتاقنىڭ جەنۇبىدىن 5 مېتىر يىراقلىقتا بىر تۈپ قېرى تېرەك بار، بەزىدە ئۇنى «خىزىر تېرەك»، بەزىدە «بوغاز تېرەك» دەيدۇ. ئۈچ پەشتاق ئارىلىقلىرىدىكى مەيدانغا مەسجىد، ئېتىكاپخانا، تاۋاپخانا، چىللىخانا، بوچىخانىلار ئورۇنلاشتۇرۇلغان، 1940 ـ يىللاردىن بۇرۇن ھەر يىلى بارات ئېيىدا 20 كۈن ئەتراپىدا كىشىلەر ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن، كورلا قاتارلىق جايلاردىن تاۋاپ قىلغىلى كېلەتتى. بۇ چاغلاردا پۈتۈن كەنتنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى ئادەم دېڭىزىغا ئايلىناتتى. ئاقسۇ قارا تال، بەشتوگمەن يېزىسىنىڭ يېڭىباغ، يېڭىئۆستەڭ دېگەن يەرلىرى ئىمام پاشا مازىرىنىڭ ۋەخپىسى ئىدى. ئازاتلىقتىن كېيىن بۇ مازارنىڭ دەل ـ دەرەخلىرى كېسىپ تۈگىتىلدى، مەسجىد، جامەنىڭ پەشتاقلىرى، چىللىخانا، ئېتىكاپخانا، بوچىخانىلار «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دا بۇزۇۋېتىلدى. مەخپىزاتلىقنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئىمام پاشا مازىرىنىڭ ئەسلى قىياپىتى ئىزسىز يوقالدى، ھازىر ئۇنىڭ ئورنىدا 1988 ـ يىلى ياسالغان بىر مەسجىد بار، مۇسۇلمانلار شۇ يەردە ناماز ئۆتەيدۇ.[1]

«مەۋلانە ئەرشىددىن ۋەلى تەزكىرىسى»دە، ھەزرىتى خاجە ئىسھاق ۋەلىنىڭ ئايكۆلدە ھەزرىتى مەۋلانە جالالىددىن كىتتىك بۇزرۇكۋارنى زىيارەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئايكۆل دەرياسىدىن كېمە بىلەن ئۆتۈپ ئاۋات بېشىرىققا كېلىپ 10 يىل تۇرغانلىقى ۋە بۇ جەرياندا ھەزرىتى ئىمام پەتتالى غازىنى ئاشكارە قىلغانلىقى قەيت قىلىنىدۇ.[2] «تەزكىرەئى ئۇۋەيسىيە» ۋە كاتىپ موللا يۈسۈپ تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن «سۇتۇق بۇغراخان تەزكىرىسى»دە، «ئەبۇناسىر سامانىنىڭ ئوغلى ئوبۇلپەتتاھ توغرىسىدا» دېگەن بىر ماۋزۇ بار. ئۇنىڭغا كۆرە، ئوبۇلپەتتاھ سۇتۇق بۇغراخاننىڭ دىنى مەشغۇلاتتا ئۆز ئورنىدا قالدۇرغان خەلىپىسى، شۇنداقلا ھەربىي قوماندانى ئىدى. دىنى كارامەتتە سۇتۇق بۇغراخانغا تەڭداشلىقى بار ئۈچۈن، سۇتۇق بۇغراخان ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ بۈيۈك ئىسمىدىن نىسبەت بېرىپ، «ئوبۇلپەتتاھ بۇغرام» دەيتتى. ئۇنىڭغا باتۇرلۇقتا سۇتۇق بۇغراخاندىن باشقا كىشى تەڭ بولالمايتتى. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان تۇرپانغا لەشكەر تارتىپ بېرىپ غازات ئېچىپ قەشقەرگە قايتىپ ۋاپات بولغاندا سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ۋەسىيىتى بويىچە، ئۇ شەيخ نەجمىددىن بىلەن بىللە ئۇنى يۇيۇپ يەرلىكىدە قويغان ئىدى.[3] يۇقىرىدا كۆرگىنىمىزدەك، بەزىلەر خوجائەلپەتتاھ (ئەلپەتتاغوجام) نى سەئد جالالىددىن باغدادىنىڭ ئوغلى دېسە، بەزىلەر ئەبۇناسىر سامانىنىڭ ئوغلى، دېيىشىدۇ. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، خوجا ئەلپەتتاھ (ئىمام پەتتالى غازى) غوجامنىڭ قەشقەردىن چىقىپ تۇرپانغا غازات ئاچقانلىقى، ھازىرقى بۇغدا تېغى ئەتراپىدا كافىر ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى تەرىپىدىن شاھادەتكە يەتكۈزۈلگەنلىكى، قەبرىسىنىڭ تۇرپاندا ئىكەنلىكى، شۇنداقلا قەشقەردىن تۇرپانغا بارغۇچە كەلپىن، ئايكۆل خەنگۈك، ئاۋات بېشىرىقلاردا بۇددىستلار بىلەن مەيدان جەڭلىرى قىلغانلىقى، قول ئاستىدىكى بەزى سەركەردىلەرنىڭ كەلپىن، ئاۋات

---

① ئابدۇرېشىت ئابدۇللا: «ئىمام پاشا مازىرى توغرىسىدا ئەسلىمە». بۇ ھەقتە «ئاۋات تارىخى ماتېرىياللىرى»، 3 ـ توپلام 234 ـ 252 ـ بەتلەرگىچە قارالسۇن.

② «قەدىمكى كىتابلار تەتقىقاتى»، 1986 ـ يىلى 2 ـ سان، 128 ـ ۋە 131 ـ بەتلەر.

③ «شىنجاڭ ئىسلام تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار»، 1 ـ توپلام، 22 ـ ۋە 52 ـ بەتلەر، ئۇيغۇرچە، 1988 ـ يىل ئۈرۈمچى نەشرى.

بېشىرىقلاردا شۈبھىسىز بولغانلىقى ئېنىق. شۇ مەنىدىن ئاۋات بېشىرىقتىكى ئىمام بەتتالى غازى دېگەن مازار ئەنە شۇ ئەلپەتتاھ غوجام سەركەردىلىرىدىن بىرىنىڭ مازىرىدۇر. بىز بۇ يەردە شۇنى قەتئىي كېسىپ ئېيتىمىزكى، خاجە ئىسھاق ۋەلىنىڭ بېشىرىقتا 10 يىل تۇرۇپ، ئىمام پەتتالى غازىنى ئاشكارە قىلىشى، ياقۇپبەگ ئاتالىق غازىنىڭ ئۇنىڭغا ئاتاپ بۇ مەۋزەگە بۇزرۇكنى قايتا ياسىتىشى، تارىخچى موللا مۇسا سايرامىنىڭ ئۇنى «ئالىي مەقاملىق زىيارەتگاھ» دەپ ئالاھىدە تىلغا ئېلىشى ھەرگىز ھۆججەتسىز ئەمەس.

مەلۇم بولۇشىچە، ئەلپەتتاھ نامىدىكى مازار يالغۇز تۇرپان، ئاۋات، كەلپىندىكىسى بىلەن چەكلەنمەيدۇ. يەنە خوتەندە بىر قانچىسى بار دېيىلىدۇ، قەشقەر يېڭىشەھەر خانئېرىقتا بىرى بار، تۈركىيىنىڭ ئەسكى شەھەر دېگەن يېرىدە مىلادىيە 13 ـ ئەسىردە ياسالغان سەيت بەتتالى غازى ئاتلىق بىر مەسجىد بار. پىكىرىمىزچە، ئەلپەتتاھ دېگەن بۇ ئىسىم ئادەم ئىسمى بولۇشتىن كۆپرەك بىراۋنىڭ ھۆرمەت نامى بولۇشقا يېقىن. شۇڭا ئىسلام فۇتۇھاتى مەزگىلىدىكى نۇرغۇن جايلاردا شۇ نام بىلەن ئاتالغان مازاراتلار ئۇچرايدۇ. «تەزكىرەئى ئۇۋەيسىيە»دىلا، ئۇ خەلىپە ئابدۇپەتتاھ، خوجا ئابدۇپەتتاھ دەپ ئىككى خىل تىلغا ئېلىنسا، «سۇتۇق بۇغراخان تەزكىرىسى»دە، ئوبۇلپەتتاھ دەپ زىكىر قىلىنىدۇ. مەيلى نېمە دېيىلىشىدىن قەتئىينەزەر، «پەتتاھ» سۆزىنىڭ ئەسلى شەكلى «فەتتاھ» دۇر. «بەتتال» بولغاندا، مەنىسى باتۇر، قەھرىمان، دېگەنلىك بولىدۇ. «فەتتاھ» بولغاندا، ئاچقۇچى، بەند ئىشىكلىرىنى ئاچقۇچى، مۇشكۈل ئىشلارنى ئاسان قىلغۇچى، دېگەن بولىدۇ.① ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، بۇ ۋەقەلەر توغرىسىدا قەدىمدە يېزىلغان تارىخلارنىڭ يوقالغانلىقى، كېيىنكىلەرنىڭ يازغان تارىخلىرىنىڭ چىنلىقىغا ئانچە ئەھمىيەت بېرىپ كەتمىگەنلىكى ياكى ھېچ بولمىغاندا، تارىختىكى ۋەقەلەرنى بىز ئىنچىكىلەپ تەتقىق قىلغاندەك تەتقىق قىلىپ دەلىللەشنىڭ يېتەرسىزلىكى تۈپەيلىدىن، «بەتتال» بىلەن «فەتتاھ» ئارىلىشىپ كەتكەن ھالدا ئۇچرايدۇ.

«خەنگۇلۇڭ» قەدىمى شەھىرى مەدەنىيەت رايونىدا يەنە «ھاسا» ۋە «تاشتا» دېگەن يۇرتلار بار. «ھاسا» نىڭ خەرىتىدىكى ئورنى شەرقىي مېردىيان 80°01′، شىمالىي پاراللېل 40°50′، ئايكۆل بازىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 16 كىلومېتىر كېلىدۇ. «تاشتا» نىڭ خەرىتىدىكى ئورنى شەرقى مېردىئان 80°01′، شىمالىي پاراللېل 40°50′، ئايكۆل بازىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 15 كىلومېتىر كېلىدۇ. «خەنگۇلۇڭ» قەدىمكى مەدەنىيەت رايونىدىكى قارا دۆڭ، ھاسا، تاشتا دېگەن جايلار بىر ـ بىرىگە ناھايىتى يېقىن بولۇپ، «خەنگۇلۇڭ» بىلەن «ھاسا» شىمال ـ جەنۇب يۆنىلىشىدە بىر تۈز سىزىق ئۈستىدە، «قارا دۆڭ »، «ھاسا»، «تاشتا» لار شەرق ـ غەرب يۆنىلىشىدە بىر تۈز سىزىق ئۈستىدە تۇرىدۇ. مەلۇمكى، «ھاسا» نىڭ ئەسلى شەكلى ئەرەبچە «ھىسار» بولۇپ، «قەلئە» نى بىلدۈرىدۇ. «ھاسا» ئىسلامىيەتكە (قاراخانىيلارغا)، «تاشتا» بولسا بۇددىزىمغا (ئۇدۇنلارغا) مۇناسىۋەتلىك. بەزىلەر «تاشتا» نى تۈركچىدىكى «تاش» كەلىمىسى بىلەن «مۇنار» مەنىسىدىكى بۇدداچە « 塔 » نىڭ قوشۇلىشىدىن ياسالغان ئىسىم بولۇشى مۇمكىن، دەيدۇ. ئۇ خەنزۇچە 塔什塔 دەپ يېزىلىدۇ. ئەگەر شۇنداق بولۇدىغان بولسا، ئۇ «تاشتۇر» (تاش مۇنار) دېگەنلىك بولىدۇ. ئەمما ئۇ يەرنى ھازىر ھېچكىم ئۇنداق دەپ ئاتىمايدۇ. پىكىرىمىزچە، ئۇ، «تاشتام» نىڭ بۇزۇپ ئىستېمال قىلىنغان شەكلى بولسا كېرەك. تارىخى قەيتلەرگە كۆرە، قاراخانىيلار جامائىتى قەلئەلەرنىڭ مۇنارىسىنى «ئۆكەك»

① «چاغاتاي تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، 83 ـ ۋە 426 ـ بەتلەر، 2002 ـ يىل ئۈرۈمچى نەشرى.

ۋە بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ مۇنارلىق سېپىللارنى «ئۇ كەكلىگ تام» دەپ ئاتىشاتتى.① «تام» سۆزى شۇ دەۋردىكى قاراخانىيلار ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلىدا سېپىل، قەلئە، تام مەنىلىرىدە ئىدى.② هازىرقى ئۇيغۇر تۇركلىرىمۇ توپىدىن خاڭداپ ياسالغان ئۆيلەرنى «توپاتام»، سېرىق سۆگەتنىڭ بادىرىسىدىن قورما قىلىپ ئارىلىقلىرىغا لاي ئۇرۇپ ياسىغان لاي - ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆيلەرنى «قورما تام» ياكى «ژىرىنداتام»، خام كېسەكتىن سالغان ئۆينى «كېسەكتام»، پىششىق خىشتىن سالغان ئۆينى «خىشتام»، ئاق توپىدىن خاڭداپ ياسىغان ئۆينى «ئاقتام» (ئاقسېپىل)، قىزىل توپىدىن ياسىغاننى «قىزىل تام»، مال - چارۋا بېقىش ئۈچۈن ياسىغان ئۆيلەرنى «ئېغىلتام»، لاينى بەلچە بىلەن ئېتىپ ئۈستى - ئۈستىلەپ قوپۇرۇپ چىقىلغان ئۆينى «سوقما تام»، باغ - ۋاران، هويلا - ئارامىلارنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن ياسالغان تاملارنى «قوروتام» ياكى «غوروتام»، شەھەر ياكى قەسەبەلەرنى دۈشمەننىڭ هۇجۇمىدىن ساقلاش ئۈچۈن ياسالغان تاملارنى «قورغانتام»، تاشتىن ياسالغانلىرىنى «تاشتام» دەيدۇ. بۈگۈنكى «تاشتا» ئەينى زاماندا تاشتىن ياسالغان تاش قەلئە بولۇپ، شۇ زامان كىشىلىرى تەرىپىدىن «تاشتام» دەپ ئاتالغان بولسا، كېيىنچە ئىستېمالدا «م» ھەرىپى چۈشۈپ قېلىپ «تاشتا» بولۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە «تاشتا» تاغقا يېقىن، شىمالىدا قاراتېكە تاغلىرى بار، تاش ئەكەلمەكمۇ ئاسان. كەمىنە قەلەم ئىگىسى كىچىك ۋاقتىلىرىمدا كۆرگەنمەنكىم، يۇرتىمىز يېڭى خەنگۈگدا سىدىق تاش دەيدىغان بىر ئادەم بار ئىدى. ئۇ قاراتېكە تاغلىرىدىن تاش كېسىپ كېلىپ تۈگمەن تېشى، ياغۇنچاق تېشى ۋە خامان تېپىدىغان تۇلۇقتاشلارنى ياسايتتى. بۇنداق ئىش تېخى يېقىنقى زامانلارغىچە داۋاملاشتى. بۇنىڭدىن بۇنداق «تاشچى» لارنىڭ قەدىمكى زاماندىمۇ بۇ يۇرتتا ناھايىتى كۆپ بولۇپ، سىدىق تاش دېگەن بۇ ئادەمنىڭ شۇ تاشچىلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئەۋلاتلىرى ئىكەنلىكىگە پەم قىلماق تەس ئەمەس.

تارىخىي كىتابلاردا، قاراخانىيلار دەۋرىدە «تاشچى» لارنىڭ تۆمۈرچى، موزدوز، ياغاچچى، ساداقچى، بوياقچى، باپكار، گىلەمچى، سىرچى، رەسسام، كىگىزچىلەرگە ئوخشاشلا تېخنىكا سەنئىتىنىڭ ناھايىتى يۇقىرى ئىكەنلىكى سۆزلىنىدۇ.③ تاڭ دەۋرىدە ئۆتكەن جىيادەننىڭ «يۇرت - ئايماقلار» دېگەن كىتابىدا بۈگۈنكى ئاقسۇ ئەتراپىدا «تاشبالىق» ياكى «تاش قەلئە» سى دېگەن بىر قەدىمىي قەسەبە (شەھەرچە) نىڭ نامى تىلغا ئېلىنىدۇ. ئۇنىڭغا كۆرە، بۇ شەھەر «چوڭ تاشبالىق» (大石城) ۋە «كىچىك تاشبالىق» (小石城) دەپ ئىككىگە بۆلۈنەتتى. ئۇنىڭ چوڭ تاشبالىق دېگىنى بۈگۈنكى ئۇچتۇرپانغا، كىچىك تاشبالىق دېگىنى بىز گېپىنى قىلىۋاتقان «تاشتا» غا توغرا كېلىدۇ.

«يۇسۇپ قادىرخان غازى تەزكىرىسى» دە، مەدايىندىن④ كەلگەن ھەزرىتى ئىماملارنىڭ چوقتا رەشت، نوقتا رەشت قوشۇنلىرىنى قوغلاپ يۈرۈپ، نۇرغۇن مەنزىللەردىن كېيىن بىر ئېقىن سۇ بويىغا كەلگەنلىكى، سۇنىڭ قارشى تەرىپىگە كاپىرلارنىڭ تاشتىن سېپىل ياساپ قەلئە بىنا قىلغانلىقى، ھەزرىتى ئىماملارنىڭ كېلىشى بىلەن تەڭ بۇ يەردىكى بۇددىست كاپىرلارنىڭ قەلئەنى تاشلاپ قاچقانلىقى قاتارلىق ۋەقەلەر سۆزلىنىدۇ. «تەزكىرە» دىكى بۇ ۋەقەگە «تاش قەلئەسى» دەپ ماۋزۇ قويۇلغان. پەمىمىزچە، بۇ «تاش قەلئەسى» بىز گېپىنى

① مەھمۇد كاشغەرى: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» I توم 107 - ۋە 207 - بەتلەر. 1980 - يىل ئۈرۈمچى نەشرى.
② رىشات گەنج: «قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى»، 412 - بەت. 1990 - يىل ئۈرۈمچى نەشرى.
③ «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 191 - بەت، ئۈرۈمچى نەشرى.
④ مەدايىن — ئىراقنىڭ پايتەختى باغدادنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا ماھىل قەدىمكى كېتېسفون شەھىرى.

قىلىنىۋاتقان «تاشتام» (تاشتا) نىڭ ئۆزى بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، «تاشتا» نىڭ جەنۇبىدا «ئەشمە» دېگەن بىر چوڭ سۇ بار، سۇنىڭ شىمالىدا «تاشتا» بار.

قاراخانىيلار تارىخىدىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇ چاغلاردا مەركەز قەشقەردىن يىراق جايلاردىكى ئىلىك خان ۋە مۇستەقىل يەرلىك خانلار، جۈملىدىن ئاقسۇدىكى يەرلىك بەگلەر ئوتتۇرىسىدا چاپارمەنلەر مېڭىپ يۈرەتتى. «قارغۇي» ياكى «قارغۇ» دەپ ئاتالغان گۈزەتخانىلاردا تۇرغان قاراۋۇللار كېچىسى ئوت يېقىش، كۈندۈزى بايراق چىقىرىش بىلەن مەركەزگە ئالاقە يوللايتتى. بۇنداق «قارغۇي» ۋە «قارغۇ» دەپ ئاتىلىدىغان تۇرلارنىڭ خارابىسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ھەرقايسى جايلاردا ھېلىمۇ ساقلانماقتا.[1] پەمىمىزچە، خەنگۈلڭ قەدىمىي شەھىرى ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكى «چوقتا»، «تاشتا» لار ئەنە شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ، توغرىراق قىلىپ ئېيتقاندا، بۇددىستلارنىڭ قولىدىن قاراخانىيلارغا ئۆلجىغا چۈشۈپ، كېيىن ئىسلامىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلغان ھەربىي قورغانلاردۇر. پروفېسسور، دوكتور رىشات گەنجىنىڭ قەيتلىرىگە كۆرە، بۇ چاغدا «قاراخانىيلارنىڭ ھۆكۈمدارلىرى غازات ۋە جىھاد (دىن ئۈچۈن بولغان ئۇرۇش) لارنى قىلغان ۋە ئىسلام دىنىنى قوغداش، تارقىتىش ئۈچۈن بولغان ئۇرۇشلاردا شېھىت بولۇپ، غازى، مۇجاھىد سۈپەتلىرىنى ئالغان.»[2] شۇنى ئېيتىش مۇمكىنكى تارىخنىڭ بەكمۇ ئۇزۇن مۇساپىنى بېسىپ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، شېھىتلىك شەربىتىنى ئىچكەن غازى، مۇجاھىدلار بىلەن بۇددا يولىدا ساداقەتمەنلىك كۆرسىتىپ ئۆلگەن مۇخلىسلارنىڭ جەسەتلىرى بۇ جايدا تۇپراققا ئايلىنىپ «قورامىلىق» تىكى قارا دۆڭلەرنى ھاسىل قىلغان.

بىز بۇ يەردە قاراخانىيلار تارىخى ۋە بۇددىزىم تارىخىغا ئائىت ئەينى زاماندا يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ ئىنتايىن يوق دېيەرلىك ھالدا بولغانلىقى سەۋەبلىك، ھازىرقى زامان تەتقىقات نەتىجىلىرى ئاساسىدىلا گەپ قىلىۋاتقان بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، شۇ زامان ھەققىدىكى قىياس ۋە پەرەزلىرىمىزنىلا ئوتتۇرىغا قويالايمىزكى، ھەرگىزمۇ بۇ جايغا ئائىت 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر بايان قىلىنغان. قولىمىزدا بار بەزى تارىخىي كىتابلاردىكىدەك ئېنىق پاكىتلارنى ئوتتۇرىغا قويالمايمىز.

ئەلقىسسە، گەپنى تۈگەتلىسەك، «كۇچار بىلەن ئاقسۇ قاراخانىيلار خاندانلىقى بىلەن ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىنىڭ چېگرىسى بولغانلىقتىن، ئۇزاق مۇددەت ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكىگە ئۇچراپ بىر مەھەل خارابىلىشىپ كەتكەن ئىدى.»[3] موڭغۇل ئىستېلاسى دەۋرىگە كەلگەندە ئاقسۇ جەنۇبىي تەڭرىتاغ رايونىدىكى مۇھىم مەركەزگە ئايلاندى. بۇ چاغدا ئاقسۇ دەريا ۋادىسىدا يېڭى جام ـ ئۆتەڭ ـ رابات ۋە مەھەللىلەر مەيدانغا كەلدى. «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» دىكى مەلۇماتلارغا كۆرە، چىڭگىزخاننىڭ ئورنىغا چىققان ئۆگدەيخان ئۆزىنىڭ چاناي ۋە بولقادار دېگەن ئىككى مەسلىھەتچىسىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن «خەلقنى زارلاتماسلىق ئۈچۈن خەلققە يەر بۆلۈپ بېرىپ، ئۆي ـ ماكانغا ئىگە قىلىش، چۆل ـ باياۋانلاردا قۇدۇق قازدۇرۇپ، ئەل ـ يۇرتنى يېتەرلىك سۇ بىلەن تەمىنلەش» ۋە «مىڭ تۇتۇنلەردىن جامچى (jamchin)، ئۇلاغچىلارنى تەيىنلەپ، جايلارغا جام ـ ئۆتەڭلەرنى تەسىس قىلىش» سىياسىتىنى تۈزۈپ چىقتى. نەتىجىدە، چاناي بىلەن ئۇيغۇر تاي «نۇنتۇغچى (يۇرت بېشى) لىققا تەيىنلىنىپ، چۆللەردە قۇدۇق قازدۇرۇپ، ئەل ـ يۇرتنى سۇ بىلەن تەمىنلەشكە، ئاراچەن بىلەن توقۇچار جام ـ

① ھاجى نۇرھاجى: «قاراخانىيلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 96 ـ بەت، 1983 ـ يىل ئۈرۈمچى نەشرى. رىشات گەنج: «قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى»، 413 ـ ـ 414 ـ بەتلەر. 1990 ـ يىل ئۈرۈمچى نەشرى.

② رىشات گەنج: «قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى»، 447 ـ بەت. 1990 ـ يىل ئۈرۈمچى نەشرى.

③ لىيۇمېزشىياڭ: «ئۇيغۇر تارىخى»، 1 ـ توم، 1 ـ كىتاب، 435 ـ بەت. 1987 ـ يىلى بېيجىڭ نەشرى، ئۇيغۇرچە.

ئۆتەڭلەرنى بەرپا قىلىشقا مەسئۇل قىلىپ بەلگىلىگەنىدى.»[1]بۇنىڭ، ملك تۇتۇنى ئاساس قىلغان ئۆتەڭلەردىن تەركىب تاپقان سۇغۇرۇش ـ قاتناش ئالاقە سىستېمىسى بولۇپ، ئىمپېرىيە تەۋەسىدىكى چۆل ـ جەزىرىلەرنى ئىچىپ كۆكەرتىش، شۇنداقلا سودا ئالاقىلىرىنى راۋاجلاشتۇرۇشتا رولى ناھايىتى چوڭ بولغانىدى. جام ـ ئۆتەڭلەرنىڭ ۋەزىپىسى ئەلچىلەرگە قولايلىق يارىتىش، خەت ـ ئالاقىلەرنى يەتكۈزۈش، يولۇچى ۋە سودىگەرلەرنى نازارەت قىلىش ئىدى. يەنە «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» غا كۆرە، جام ـ ئۆتەڭلەر ھەربىر ملك تۇتۇن ئاھالىسى بار جايغا بىردىن تەسىس قىلىنغان ئىدى. جام ـ ئۆتەڭلەرنى باشقۇرغۇچىلار «جامچى» يەنى «ئۆتەڭچى» دەپ ئاتىلاتتى، بىر «جام» غا يىگىرمە «ئۇلاغچى» (جام ـ ئۆتەڭلەرنىڭ ئات ـ ئۇلاغلىرىنى باشقۇرغۇچى) قويۇلاتتى. بۇ قاراخانىيلار دۆلىتى ۋاقتىدا يولغا قويۇلغان «رابات» تۈزۈمىنىڭ موڭغۇللار دەۋرىدىكى داۋامى ئىدى.

يۈەن سۇلالىسى پادىشاھى يۈەن ۋېنزۇڭنىڭ جىرشۇن 2 ـ يىلى، يەنى مىلادىيە 1331 ـ يىلى تۈزۈلگەن 880 جىلدلىق «خانلىق ئوردا ئەھكاملىرى قامۇسى» (皇朝经世大典) نىڭ «جامچى» ماددىسى بىلەن ملك سۇلالىسى پادىشاھى ملك جىڭزۇنىڭ يۇڭلې يىلىدا (مىلادىيە 1403 ـ يىلدىن 1424 ـ يىلغىچە) تۈزۈلگەن «يۇڭلې يىللىرىدىكى خانلىق ئوردا ئەھكاملىرى قامۇسى» (永乐大典) نىڭ 19416 ـ جىلدىدا يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە 1500 يەردە جام ـ ئۆتەڭ بەرپا قىلىنغانلىقى خاتىرىلەنگەن. «موڭغۇللار دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى» دېگەن كىتابتا بۇ ساننىڭ غەربىي يۇرتتىكى جام ـ ئۆتەڭلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدىغانلىقى[2]ئەسكەرتىلسە، «ئۇيغۇر تارىخى» دېگەن كىتابتا، جەنۇبىي تەڭرىتاغ رايونىدىكى تارىم ۋادىسىدا شۇ چاغدا 19 ئورۇندا جام ـ ئۆتەڭ ياسالغانلىقى قەيت قىلىنىدۇ.[3]موللا مۇسا سايرامىنىڭ «تارىخى ئەمنىيە» دېگەن كىتابىدىكى قەيتلەرگە كۆرە، چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئاخىرلىرىدا يەنى مىرزا ئابابەكرى زامانىسىدا جەنۇبىي تەڭرىتاغ رايونىنىڭ ئىقتىسادى ئارقا ـ ئارقىدىن خاراپلاشتى. بۇنىڭ بىلەن ئاقسۇ 16 يىل چۆل قىلىپ ئاھالىلىرى سەرسان بولۇپ ياقا يۇرتلارغا چىقىپ كەتتى، ھەممىلا يەردە ۋابا كېسىلى تارالدى. سۇلتان سەئىدخان پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ھەرقايسى شەھەرلەرگە كۆچۈپ كەتكەن ئاقسۇلۇقلارنى ۋە ئاقسۇدا ئولتۇراقلىشىشنى خالىغان كىشىلەرنى كۆچۈرۈپ كېلىپ بۇ يەرنى يەنە ئاۋات قىلدى.[4]بۇ ھەقتە ئايكۆللۈك شائىر موللا شاكىرنىڭ «زەفەرنامە» دېگەن داستانىدا ئاقسۇ ھاكىمى ئىلياسخاننىڭ خەلق ئىشىغا كۆڭۈل بۆلمەي، كەيپ ـ ساپا، ئەيش ـ ئىشرەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، بۇزۇق يولغا كىرگەنلىكى، بۇنىڭ كاساپىتىدىن ئاقسۇ خاراپچىلىققا يۈز تۇتقانلىقى، خەلق ئارىسىدا ۋابا تارقالغانلىقى، كېيىنكى چاغلاردا خىزىرخان قوشۇنلىرى ئاقسۇنى قايتىدىن ئاۋات قىلغانلىقى سۆزلىنىدۇ.[5]پىكرىمىزچە ئارخېئولوگ خۇاڭ ۋېنبى ئەينەدى تەكشۈرگەن ۋە كۆرگەن خەنگۈلۈك قەدىمىي شەھەر خارابىسى، تۆگە قوتان قەدىمىي شەھەر خارابىسى، شۇنداقلا «چوقتا» بىلەن تۆگە قوتان قەدىمىي شەھىرى ئارىلىقىدىكى تاشلاندۇق قۇدۇق ۋە غەربتىن شىمالغا سوزۇلۇپ «ئاقتاما لايداڭلىقتا بىر ـ بىرىگە تۇتۇشۇپ كەتكەن ئېتىز ـ ئېرىقلار» ئەنە شۇ يوقىرىقى بۇددىزم دەۋرى بىلەن قاراخانىيلاردىن باشلانغان بىرقانچە

---

① «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى»، 280 ـ 284 ـ بەتلەر، ئۇيغۇرچە، 1999 ـ يىل ئۈرۈمچى نەشرى.
② تيەنۋېيجاڭ: «موڭغۇللار دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى»، 13 ـ بەت، خەنزۇچە. 1995 ـ يىل، ئۈرۈمچى نەشرى.
③ ليۇجېڭشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى»، 1 ـ قىسىم 1 ـ كىتاب 481 ـ بەت، ئۇيغۇرچە. 1987 ـ يىل بېيجىڭ نەشرى.
④ موللامۇساسايرامى: «تارىخى ئەمنىيە»، 16 ـ بەت، 1988 ـ يىل ئۈرۈمچى نەشرى.
⑤ موللا شاكىر: «زەفەرنامە»، بۇ ھەقتە «بۇلاق» مەجمۇئەسى 1980 ـ يىل 2 ـ سان 313 ـ بەتكە قارالسۇن.

دەۋرلەردىكى گۈللىنىش ۋە خارابلىشىش جەريانىنىڭ مەھسۇلى بولۇشى مۇمكىن.

ئەلقىسسە، بىز كېيىنكى قىلىۋاتقان ئايكۆل خەنگۈك قەدىمىي شەھىرى ئەتراپىدا يېقىنقى زامانلاردا نۇرغۇن دىنىي ئۇرۇشلار يۈز بەردى. ھىجرىيە 1241 - يىلى (مىلادىيە 1826 - يىلى) 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى چىڭ سۇلالىسىنىڭ 36 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكىرى ئاقسۇغا توپلاندى. بۇ چاغدا جاھانگىر خوجا قوشۇنلىرى ئايكۆل خەنگۈك قەدىمكى شەھىرىدىن ئۆتۈپ ئاقسۇنىڭ 80 چاقىرىم جەنۇبىدىكى قۇمباش دەرياسىغا قىستاپ كەلدى. جاھانگىر خوجا ئالتە مىڭدىن ئارتۇق لەشكىرى بىلەن 9 - ئاينىڭ 16 -، 17 -، 18 - كۈنلىرى قۇمباش دەرياسىدىن ئۆتۈشكە تەمشەلدى. ئەمما چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقى نەتىجىسىدە دەريادىن ئۆتۈشكە كۆزى يەتمىگەچ بىر قىسىم قوشۇنلىرى بىلەن ئۇچتۇرپانغا ھۇجۇم قىلدى. 9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى جاھانگىر خوجا قوشۇنلىرى 4 كە بۆلۈنۈپ قۇمباش دەرياسىدىن ئۆتمەكچى بولدى. چىڭ قوشۇنلىرى ئىككى كېچە - كۈندۈزگىچە قارشىلىق كۆرسىتىپ، جاھانگىر خوجىنىڭ مىڭدىن ئارتۇق ئەسكىرىنى يوقاتتى. جاھانگىر خوجىنىڭ ئۇچتۇرپانغا يۈرۈش قىلغان قوشۇنلىرىمۇ يېڭىلدى. 11 - ئايدا چىڭ قوشۇنلىرى قەشقەرگە كېتىۋېتىپ كەلپىندىن ئۆتكەن چاغدا كەلپىن ئەتراپىدا جاھانگىر خوجا ئەسكەرلىرىدىن يەنە 3 مىڭدىن ئارتۇقىنى يوقاتتى. ياندۇرقى يىلى، يەنى 1827 - يىلى 3 - ئاينىڭ 3 - كۈنى يەنە بىر تۈركۈم چىڭ قوشۇنلىرى ئاقسۇدىن چىقىپ يېڭىئېرىق، تۆگە قوتان، خەنگۈك، شور قۇدۇق، قىزىلتام، يايدى قاتارلىق يەرلەر ئارقىلىق قەشقەرگە ھۇجۇم قىلدى.[1] ھىجرىيە 1284 - يىلى (مىلادىيە 1877 - يىلى) بەدۆلەت (ياقۇپبەگ) نىڭ چوڭ ئوغلى بېكقۇلبەگنىڭ 5000 كىشىلىك قوشۇنى ئىنىسى ھەققۇلبەگنىڭ ۋاقىتلىق ئورۇنباسارى ھېكىمخان تۆرە (بۈزرۈكخان تۆرەنىڭ ئوغلى) نىڭ 4000 كىشىلىك قوشۇنى بىلەن خەنگۈك قەدىمىي شەھىرىنىڭ غەربىگە ئانچە يىراق بولمىغان يايدى دېگەن يەردە ئۇچرىشىپ ئۆزئارا قىرغىنچىلىق قىلدى. دەسلەپكى جەڭدە بېكقۇلبەگنىڭ قوشۇنلىرى تالاپەت يىدى. ھېكىمخان تۆرە باشچىلىقىدىكى ئاقسۇ قوشۇنى بېكقۇلبەگ باشچىلىقىدىكى قەشقەر قوشۇنىنى شور قۇدۇق دېگەن يەرگىچە قوغلاپ كەلدى. ئۈچ كۈندىن كېيىن تىرە - پىرەن بولۇپ كەتكەن بېكقۇلبەگ قوشۇنى شور قۇدۇقتا توپلاندى. بۇ چاغدا ھېكىمخان تۆرەنىڭ ئاساسلىق قوشۇنى يايدىدا تۇراتتى. ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا 5 سائەتكە سوزۇلغان ھەل قىلغۇچ جەڭ بولدى. ھېكىمخان تۆرە يېڭىلىپ قاچتى. ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى بېكقۇلبەگكە تەسلىم بولدى. 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى بېكقۇلبەگ غەلىبىلىك ھالدا ئاقسۇغا كىردى. بۇ ياقۇپبەگ ئاتالىق غازىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىنكى ئىش ئىدى.[2] تارىخچى موللا مۇسا سايرامىنىڭ «تارىخى ئەمنىيە» دېگەن كىتابىدىكى بايانلىرىغا قارىغاندا، بېكقۇلبەگنىڭ 15 مىڭ كىشىلىك قوشۇنى بۇ چاغدا چۆل قۇدۇقتا ئورۇنلاشقان. ھېكىمخان تۆرەنىڭ 25 مىڭ كىشىلىك قوشۇنى چۆل قۇدۇقنىڭ ئاياق تەرىپىدىكى خۇاڭ ۋېنبىي ماڭغان يول بىلەن مېڭىپ ئاقسۇدىن بەش مەنزىل (ئاقسۇ - قۇمباش - يېڭىئېرىق - تۆگە قوتان - قىزىل تام) يىراقلىقتىكى يايدىغا ئورۇنلاشقانىدى. ئۇنىڭغا كۆرە، دەسلەپتە ئىككى قوشۇننىڭ چىغاۋۇللىرى ئۇچراشقان، ئارقىدىن چوڭ قوشۇن ئۇرۇشقان. ئىككى تەرەپتىن 1500 چە لەشكەر چىقىم بولغان. «تارىخى ئەمنىيە» دە بۇ ئۇرۇش ھىجرىيەنىڭ 1294 - يىلى جامادىيەل ئاخىرىنىڭ 18 - كۈنى (مىلادىيە 1877 - يىلى) بولغان،

① «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 1 - توم 504 - 505 - بەتلەر، ئۇيغۇرچە.
② ئا. ن. كوروپاتكىن: «قەشقەرىيە»، 407 - 408 - بەتلەر، ئۇيغۇرچە.

دېيىلىدۇ. ھېكىمخان تۆرە بۇ ئۇرۇشتىن كېيىن تۆگە قوتان ۋە خەنگۇلۇك قەدىمىي شەھەرلىرىدىن ئۆتۈپ دەسلەپتە ئايكۆلگە چېكىنگەن، كېيىن ئارال، ئۈچتۇرپان، بەدەلئارت ئارقىلىق ئىسسىق كۆلگە بارغان، ئاندىن پەرغانىگە كەلگەن ۋە ئۇ يەردىمۇ تۇرماي، ئابا - ئەجدادىنىڭ مەرغىلاندىكى «ئەسكە» دېگەن قەدىمىي مەھەللىسىگە بېرىپ ئورۇنلاشقان. ھېكقۇلبەگ بولسا ئەركان دۆلەتلىرى بىلەن يايدىدىن چىقىپ، تۆگە قوتان، خەنگۇلۇك قەدىمىي شەھەرلىرىدىن ئۆتۈپ، يېڭىئېرىق ئارقىلىق ئاقسۇ، كۇچار، ئۈچتۇرپانلارنى قولغا كىرگۈزۈپ، ئاقسۇدا تەختكە چىققان ۋە ئۇ يەردە بىر ئايدەك تۇرۇپ، يەنە شۇ كەلگەن يولى بىلەن پايتەخت قەشقەرگە قايتقان.① ئەنگلىيىلىك چارلىز. بولگېرنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا، بۇ بىر قېتىملىق ماجرا خاراكتېرلىك ئۇرۇش بولۇپ، ئۇ قەشقەرنىڭ كېيىنكى ھۆكۈمرانىغا قالغان ئازغىنا يايلىقىنىمۇ خورىتىپ تۈگەتتى.②

ئۇرغۇن بايان ۋە مۇتالىئەلەردىن كېيىن شۇنى دېيىش ھاجەتكى، تارىختا يۈز بەرگەن ئاجايىپ - غارايىپ ۋەقەلەرنىڭ شاھىدى بولمىش بۇ يەر ھەققىدە يۇقىرىدا كۆپ قېتىم مۇبارەك نامى زىكر قىلىنغان «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نىڭ مۇئەللىپى مەشھۇر تۈركشۇناس مەھمۇد كاشغەرى بىلەن «تارىم ۋادىسىدا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خاتىرىسى» نىڭ يازغۇچىسى ئارخېئولوگ خۇاڭ ۋېنبىي ئەپەندىدىن باشقا ھېچكىم ھېچبىر زاماندا ھېچنېمە يازمىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي مىلادىيە 1991 - يىلىغا كەلگەندە «ئاقسۇ شەھىرى تەزكىرىسى» يېزىلىپ، ئۇنىڭدا ئايكۆلدىكى قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرى ھەققىدە مەلۇماتلار بېرىلدى. ئەپسۇس، بۇ مەلۇماتلار بۇ يەرنىڭ يىراق قارائغۇ تارىخىنى يورۇتۇپ بېرىشتە يېتەرلىك بولمىغانىنىڭ ئۈستىگە، يازغۇچىلىرى ئىچىدە يەرلىك خەلقتىن چىققان تارىخچىلار ئورۇن ئالمىغانلىقى ھەم يەر ناملىرىنى دەلىللەشنىڭ ئوبدان بولمىغانلىقى سەۋەبلىك بەزى خاتالىق ۋە سەۋەنلىكلەرگە يول قويۇلدى. مەسىلەن، خۇاڭ ۋېنبىي ئەپەندى تىلغا ئالغان تۇلكە دۆڭ قەلئەسى «ئاقسۇ شەھىرى تەزكىرىسى» دە 图鲁克旦木 شەكلىدە قەيت قىلىنىپ «ئايكۆل يېزىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا تەخمىنەن 20 كىلومېتىر كېلىدىغان بىر تاشلاندۇق ئۆستەڭنىڭ بويىدا» دېيىلسە،③ «ئاقسۇ شەھىرىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە، ئۇ ناھايىتى بىمەنىلىك بىلەن Turugudam (تۇرۇغۇدەم) دەپ خاتا تەلەپپۇز قىلىنغان ھەمدە «ئايكۆل بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي شىمالىدىن تەخمىنەن 25 كىلومېتىر كېلىدىغان بىر تاشلاندۇق ئۆستەڭنىڭ بويىدا» دېيىلگەن.④ تۇلكى دۆڭ (تۇركى دۆڭ) قەلئەسى ئەينى زاماندىمۇ، ھازىرمۇ ئاۋاتنىڭ بېشىرىق دېگەن يېرىدە. ئاقسۇ ئايكۆلنىڭ شەرقىي شىمالىدا ئۇنداق نام بىلەن ئاتالغان ھېچبىر يەر يوق. يەنە شۇ «تەزكىرە» دە خۇاڭ ۋېنبىي ئەپەندى تەكشۈرگەن «تۆگە قوتان» ( 图地和旦 ) قەدىمىي شەھىرى خەنزۇچە 图地旦木 (تۇدى دەنمۇ) شەكلىدە قەيت قىلىنىپ، ئۇيغۇرچە «تۇردىتام» (Turditam) دەپ خاتا تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.⑤ ئەمەلىيەتتە ئۇ يەردە «تۇردىتام» دېگەن يەر يوق. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ «تەزكىرە» نى پۈتكۈچىلەرنىڭ خۇاڭ ۋېنبىينىڭ كىتابىدىن ستاتا ئېلىپ يازغان بۇ جايلارنىڭ دائىرىسى ھەققىدە بەرگەن مەلۇماتلىرىدىمۇ خۇددى ئۇ جايلارنىڭ ناملىرىنى خاتا تەلەپپۇز قىلغان ياكى خالىغانچە سۈيئىستېمال قىلغىنىغا ئوخشاشلا خاتالىقلار كۆپ. خۇاڭ ۋېنبىي ئەپەندى قالماق قەدىمى شەھىرى

---

① موللامۇسا سايرامى: «تارىخى ئەمىنىيە»، 330 - 334 - بەتلەر. 1988 - يىل ئۈرۈمچى نەشرى.
② چارلىز. بولگېر: «ياقۇپبەگنىڭ تەرجىمھالى»، 374 - بەت، 1988 - يىل، ئۈرۈمچى نەشرى.
③ «ئاقسۇ شەھىرى تەزكىرىسى»، 700 - بەت، خەنزۇچە.
④ «ئاقسۇ شەھىرىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، 290 - ۋە 417 - بەتلەر، خەنزۇچە.
⑤ يۇقىرىقى كىتاب، 290 - بەت، خەنزۇچە.

خارابىسىنىڭ ئايلانمىسىنى 720 مېتىر كېلىدۇ، دېسە، «ئاقسۇ شەھىرى تەزكىرىسى»نى پۈتكۈچىلەر 500 مېتىر كېلىدۇ، دەيدۇ.[1] «ئاقسۇ شەھىرىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى»نى پۈتكۈچىلەر بولسا 5000 مېتىر كېلىدۇ، دەيدۇ[2]. خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى تۈگە قوتان قەدىمىي شەھىرى خارابىسىنىڭ ئايلانمىسىنى 162 مېتىر كېلىدۇ، دېسە، «ئاقسۇ شەھىرىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى»نى پۈتكۈچىلەر 1620 مېتىر كېلىدۇ، دەيدۇ.[3] خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى خەنگۇڭ قەدىمىي شەھىرى ئىزىنى «يېقىنقى زاماندىكى قۇرۇلۇش ئەمەس» دېگەن ئالاھىدە ئالدىنقى شەرت بىلەن «خان سارىيى»، «خان ئوردىسى»، «خانئۆيى» دېگەن مەنانى بىلدۈرىدىغان 汗宫 دېگەن خەت بىلەن پۈتسە، «ئاقسۇ شەھىرى تەزكىرىسى»نى پۈتكۈچىلەر ئۇنى ئۆزگەرتىپ 黄宫 دېگەن خەت بىلەن يازىدۇ (بۇ ئۇيغۇرچە خۇاڭنىڭ ئوردىسى، خۇاڭنىڭ سارىيى دېگەنلىك بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ يەردە ئەزەلدىن خۇاڭنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان ئۇنداق ئوردا ياكى ساراي يوق)، ئەكسىچە، «ئاقسۇ شەھىرىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى»نى پۈتكۈچىلەر خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندىنىڭ مەشھۇر كىتابىدا تىلغا ئېلىنغان «ئايلانمىسى 426 مېتىر»لىق خەنگۇڭ قەدىمىي شەھىرى ئىزىنى كىتابىغا كىرگۈزمەيدۇ ياكى چىقىرىپ تاشلايدۇ. شۇڭا، بىز بۇ ماقالىمىزدە ھېچبىر تارىخىي ئاساسى بولمىغان، ئەپسانە تۈسىنى ئالغان «خۇاڭ گوڭ» (جانلىق تىلدا خاڭگوڭ)نى ئەمەس، بەلكى تارىخىي چىنلىقتا ھۆرمەت قىلىپ تىلغا ئېلىنغان «خەنگوڭ» (خان ئۆي)نى ئىلمىيلىككە ئىگە دەپ قاراپ ھۆرمەت بىلەن قوبۇل قىلىمىز.

مەلۇمكى، خەنزۇچىدىكى 汗 كەلىمىسى ئەزەلدىن تۈركىي خەلقلەر، بولۇپمۇ بىز گېپىنى قىلىۋاتقان مۇشۇ يەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر تۈركلىرىنىڭ تىلىدا «خان»نى كۆرسىتىدۇ. تىلشۇناس ئالىم مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» دىكى قەيتلىرىگە كۆرە، «خان — تۈركلەرنىڭ ئەڭ چوڭ پادىشاھى بولۇپ، ئافراسىياپنىڭ ئوغۇللىرىمۇ ‹خان› دېيىلىدۇ.»[4] فرانسىيىلىك شەرقشۇناس پائۇل. پېللىئوت: «خاقان (可汗) نامىنى ھەممىدىن ئاۋال تۇيغۇنلار بىلەن ئاۋارلار ئۆزىنىڭ پادىشاھلىرىغا بەرگەن، كېيىن ئۇ نام ‹خان›غا ئۆزگەرگەن ۋە تۈركلەر بىلەن موڭغۇللار قوللانغان» دەيدۇ.[5] «ئويرات موڭغۇللىرىنىڭ قىسقىچە تارىخى» دىكى قەيتلەرگە ئاساسلانغاندا، «چىڭگىزخاننىڭ ئالتۇن ئورۇقىدىكىلەرمۇ ‹خان›، دېيىلىدۇ».[6] ئۇنىڭدىن باشقا 1971 — يىلى نەشر قىلىنغان «شىنخۇا لۇغىتى»نىڭ 234 — بېتىدە 汗 نىڭ ۋارىيانتى بولغان 可汗 گە «قەدىمكى سىيانپى، تۈرك، ئۇيغۇر ۋە موڭغۇل پادىشاھلىرىنىڭ نامى» دەپ تەبىر بېرىلگەن. ئۇنداقتا، بۇ يەرنىڭ نامى خاڭگوڭ ئەپسانىسىگە ئاساسەن «خاڭگوڭ» بولۇش كېرەكمۇ ياكى ئارخېئولوگىيىلىك ئىلمىي تەكشۈرۈشلەرنىڭ نەتىجىسىگە ئاساسەن چىقىرىلغان ھۆكۈم بويىچە «خەنگوڭ» بولۇش كېرەكمۇ؟ بۇنىڭغا بىزنىڭ بېرىدىغان كەسكىن جاۋابىمىز شۇكى، بۇ يەرنىڭ نامى ھازىر قوللىنىۋاتقان 黄宫 شەكلىدە ئەمەس، ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى زامان داڭلىق ئارخېئولوگى ۋە غەربىي شىمال تارىخى مۇتەخەسسىسى خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندىنىڭ بېكىتىپ بەرگىنى بويىچە 汗宫 شەكلىدە قوبۇل قىلىنىشى، ئۇيغۇرچىسىدا بولسا «خاڭگوڭ» دېيىلمەي، قەدىمكى نامى بويىچە

① «ئاقسۇ شەھىرى تەزكىرىسى»، 699 — بەت، خەنزۇچە.
② «ئاقسۇ شەھىرىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، 290 — بەت، خەنزۇچە.
③ يۇقىرىقىغا ئوخشاش.
④ مەھمۇد كاشغەرى: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، I توم، 215 — بەت، ئۇيغۇرچە.
⑤ پائۇل. پېللىئوت: «غەربىي رايون ئېكسپېدىتسىيە خاتىرىلىرى»، 2001 — يىل، كۇنمىڭ نەشرى، 113 — بەت، خەنزۇچە.
⑥ «ئويرات موڭغۇللىرىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 275 — بەت، خەنزۇچە. 1992 — يىل ئۈرۈمچى نەشرى.

«ئون بەش ئوتاق» دېيىلىشى ياكى خۇالىڭ ۋېنبىي ئەپەندى تەلەپپۇزىنىڭ ئۇيغۇرچە مەنىسى بويىچە «خانئۆي» دەپ ئاتىلىشى كېرەك . شۇ چاغدىلا بۇ يەر تارىختا ھۆرمەت قىلىنغان ھالدا ئۆز مەنىسى بويىچە چۈشەندۈرۈلگەن بولىدۇ.

※ ※ ※ ※

تارىخ بىزگە ئېيتىپ بەردىكى، زامان ـ زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئىنسانلارنىڭ ئىلگىرى كۆرگەن، بىلگەن نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنتۇلىدۇ. شۇنۇڭچىلاپ كىچىك چاغلىرىمدا مەن كۆرگەن ۋە تام ـ سېپىللىرىغا يامىشىپ چىقىپ ئوينىغان تۆگە قوتان قەدىمىي شەھىرى، «چوقتا» ۋە خەنگۈك قەدىمىي شەھىرى خارابىلىرى مانا كۆز ئالدىمدىن تېخى ھازىرقىدەك كەتمىگىنى بىلەن ساۋاتسىزلىق، نادانلىق، تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى ۋە مۇھتاجلىق دۇنياسىدا تېڭىرقاپ يۈرگەن بەزى ئىنسانلارنىڭ ئېسىدىن ئاللىقاچان كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. پەقەت شۇنىلا ئېيتالايمىزكى، يەر ناملىرىنىڭ يىلتىزىدا ئۇزاق قەدىمكى دەۋرنىڭ ھىدى بولغان ساك، ھۇن، تۈرك ۋە موڭغۇل قېنى قېتىپ قالدى. ئەنگلىيىنىڭ ھازىرقى زامان ئىنسانشۇناس ئالىمى گراخام. خانكوك (Graham Hancock) «تەڭرىنىڭ بارماق ئىزى» دېگەن ئىككى توملۇق مەشھۇر ئەسىرىدە: «ئىنسانىيەت تارىخىدىكى نۇرغۇنلىغان مەدەنىي يادىكارلىق، خاتىرە، ئابىدە، شەھەر ـ قەسەبە، ساراي ـ قەسىرلەر زامانلارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ۋەيران بولۇپ ھېچنەرسىسى قالمىدى، ئەمما ئىلاستىكىلىقى ئەڭ كۈچلۈك بولغان دىنى ئەنئەنە قەتئىي يوقالماي ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلدى»[1] دېسە، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشھۇر ئالىمى، پروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن «قەدىمكى مەركىزى ئاسىيا» دېگەن كىتابىدا: «مەركىزى ئاسىيا ئىپتىدائىي شەھەر ـ قەلئەلىرى ئاساسى تارىخى قىممىتى بويىچە بېكىنمىچىلىك ئىستىھكاملىرى بولۇپ مەيدانغا چىقمىدى ........ ئۇلار ئەسلا چوڭ دۆلەت سېپىللىرى سالمىدى، قەلئە ـ سېپىل ـ ئىستىھكاملىرىغا سەددىچىندەك ،تاقاق، (گۈەن 关) نامىدا ئىشىك ـ قاپقا قويمىدى» دەيدۇ.[2] دەرۋەقە شۇنداق، بۈگۈنكى كۈندە «شىنجاڭ» دەپ ئاتىلىۋاتقان بۇ يۇرتىمىزنىڭ تارىخى بۇ ئىككى ئالىمنىڭ ئېيتقىنىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىماقتا. ئۇ بىزگە قەدىمكى زاماندا تەكلىماكان ۋادىسىدا ناھايىتى نۇرغۇن شەھەر ـ قەسەبىلەرنىڭ بەرپا قىلىنىپ، كېيىنچە بىر ـ بىرلەپ زېمىندىن يوقالغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. ناۋادا قىلىنىۋاتقان گېپىمىز زامان ئەھلى تەرىپىدىن بىدئەت ھېسابلانماي قوبۇل قىلىنىدىغان بولسا، قەتئىي ئېيتىمىزكى، بۈگۈنكى ئاۋاتلاشقان شەھەر ـ قەلئەلىرىمىزنىڭ بەزىلىرى كەلگۈسىدە بولۇدىغان ھەرخىل ئۆزگىرىشلەر تۈپەيلى ئىلگىرىكى شەھەر ـ قەسەبەلەرنىڭ يوقالغىنىغا ئوخشاشلا زېمىندىن يوقىلىدۇ. شۇنداق كۈنلەر كەلسە، شۇ كۈن ئىنسانلىرىنىڭ قىلىدىغان ئىشى بۈگۈنكى تارىخچى ۋە تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن پۈتۈلگەن پۈتۈك ۋە يازمىلارغا خۇددى بىزنىڭ ئورقۇن پۈتۈكلىرىگە مۇراجىئەت قىلغىنىمىزدەك مۇراجىئەت قىلىش، بۈگۈنكى تارىخچى ۋە ئارخېئولوگلىرىمىزغا ئوخشاش تارىخىمىزنىڭ توپا ئاستىدا كۆمۈلگەن قىسمىنى ئېچىش، ئېچىلىپ قالغان قىسمىنى پەرۋىش قىلىپ پارقىرىتىش، بۇرمىلانغان قىسمىنى تۈزىتىش بوپقالىدۇ.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى سىياسەت تەتقىقات ئىشخانىسى ئۇنىۋېرسال كاتىبات باشقارمىسىنىڭ باشلىقى)

---

① گىراخام. خانكوك (ئەنگلىيە): «تەڭرىنىڭ بارماق ئىزى»، 1 ـ توم، 55 ـ بەت ، 1999 ـ يىلى بېيجىڭ 2 ـ نەشرى، خەنزۇچە.

② ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «قەدىمكى مەركىزى ئاسىيا»، 295 ـ بەت، 2002 ـ يىل، ئۈرۈمچى نەشرى.

# «ھاياتلىق دەرىخى» ھەققىدە

## تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى

دىن ئومۇمەن مەدەنىيەت بەرپا قىلغۇچى ئامىللارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.① شۇنداقلا مەدەنىيەتمۇ دىنغا تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدۇ.②

مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ھاياتلىق مۇساپىسىدە توتېمغا ئېتىقاد قىلغان، تەبىئەت ھادىسىلىرىگە، دەل - دەرەخلەرگە تېۋىنغان. تاغ، سۇ، ئاسمان ۋە ئوتقا چوقۇنغان. شامان دىنى، بۇددا دىنى، مانى دىنى ۋە ئىسلام دىنلىرىغا ئېتىقاد قىلغان (بەزى مەنبەلەردە ئاتەشپەرەستلىك، نېستورىيان دىنى ۋە تەرىقەت دىنلىرىغىمۇ ئېتىقاد قىلغانلىقى ھەققىدە مەلۇماتلار بېرىلگەن). مانا مۇشۇنداق ئېتىقاد، چوقۇنۇش، تېۋىنىشتىكى كۆپ خىللىق ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ كۆپ خىللىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئۇيغۇرلار قايسى دىنغا ئېتىقاد قىلغان بولسا، شۇ دىنىنىڭ ئالاھىدىلىكى بويىچە مەدەنىيەتلەرنى ياراتقان. زامانلارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، بىر خىل ئېتىقادنىڭ ئورنىنى يەنە بىر خىل ئېتىقادنىڭ ئېلىشى بىلەن، بىر خىل ئېتىقاد شارائىتىدا بارلىققا كەلگەن مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنىڭ ئورنىنى يەنە بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىلىرى ئىگىلىگەن. بەزى مەدەنىيەت ھادىسىلىرى ئاستا - ئاستا تارىختا ئايلىنىپ كەتكەن بولۇپ، بۈنى پەقەت ئەينى دەۋرگە تەئەللۇق بولغان يازما مەنبەلەردىن كۆرگىلى بولىدىغان بولۇپ قالغان. ئالايلۇق، شامان دىنى شارائىتىدا بارلىققا كەلگەن، ئۆز قوۋمىدىن بىرەر ئادەم ئۆلسە، ئۇنىڭغا ماتەم تۇتقۇچىلار مېيىتنى چېدىر ئىچىگە ياتقۇزۇپ قويۇپ، چېدىرنى بىرنەچچە قېتىم ئايلىنىپ، ئاخىرىدا ئۆزلىرىنىڭ چاچلىرىنى يۇلۇپ ياكى كېسىپ، يۈزلىرىنى ياكى قۇلاقلىرىنى پىچاق قاتارلىق ئۆتكۈر تىغلار بىلەن تىلىپ يارا قىلىش ئادەتلىرى خېلى كەڭ دائىرىدە، خېلى ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ خىل ئادەتنى ھازىرقى دەۋر ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىدە، ئۇيغۇرلار قەدىمدە چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان بولغاچقا، ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يەپ، سۈتىنى ئىچىپ، تېرىسىنى ۋە يۇڭىنى پىششىقلاپ ئىشلەپ، كىيىم - كېچەك كىيگەن. بۆگۈقاغان مانى دىنى راھىبلىرىنى چاڭئەندىن ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا ئېلىپ بېرىپ، ئەسلىدە ئېتىقاد قىلىۋاتقان دىنىنىڭ ئورنىغا مانى دىنىنى دەسسەتكەن. مانى دىنىنىڭ ئەقىدىسى بويىچە ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا قان تۆكۈشكە بولمىغاچقا، بۇ خىل ئەقىدە ئەزەلدىن گۆش يەپ ھايات كەچۈرۈشكە ئادەتلەنگەن ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە ناھايىتى زور بېسىملارنى ئېلىپ كەلگەن، يەنى قوي، ئات، كالا قاتارلىق ھايۋانلارنى بوغۇزلاپ قان چىقىرىپ ئۆلتۈرۈشتىن، ئارغامچا بىلەن بوغۇپ ئۆلتۈرۈش ياكى قول بىلەن بوغۇپ ئۆلتۈرۈشكە ئۆتكەن. بۇ خىل تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ ئۆزگىرىشى نەتىجىسىدە، ئۇزاق زامانلاردىن بېرى شۇغۇللىنىپ، تۇرمۇشنى قامداپ كېلىۋاتقان چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق ئىگىلىكىدىن ۋاز كېچىپ، دېھقانچىلىق ۋە باغ - ئورمانچىلىق ئىگىلىكىگە ئۆتۈشكە مەجبۇر بولغان.

بەزى مەدەنىيەت ھادىسىلىرى زامان ۋە ماكانىنىڭ چەكلىمىلىرى ھەم سىناقلىرىدىن ئۆتۈپ، دەۋرىمىزگە قەدەر يېتىپ كېلەلىگەن، شۇنداقلا دۇنياۋى مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغان. ئالايلۇق، داپ، دۇمباق ۋە ناغرىلار ئەنە شۇ خىل مەدەنىيەت ھادىسىلىرى ئىچىدىكى بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلار بۇددا دىنى ۋە مانى دىنىنى قوبۇل قىلغاندا، بۇ دىنلارنى شۇنچىلىك ۋايىغا يەتكۈزۈپ راۋاجلاندۇرغانكى، ئۇلار ئىستىقامەت قىلىش ئۈچۈن قېزىپ بېزىگەن بۇددا مىڭ

www.uyghurkitap.com



ئۆيلىرى ھەم ئۇلاردىكى رەڭدار رەسىملەر ھېلىھەم دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى ئۇلۇغ مەرۋايىتقا ئوخشاش جۇلالىنىپ تۇرىدۇ. مانى دىنىنى ئالساق، مانى دىنى پەيدا بولغان پىرسىيىدە ھازىرغا قەدەر ئۇنىڭدىن ئىزنا قالمىغان، قالدى دېيىلگەندىمۇ سان جەھەتتىن ئىنتايىن ئاز بولغان، ھەجىم جەھەتتىن ئىنتايىن كىچىك بولغان تولۇقسىز يازما يادىكارلىقلارغا قالغان.

تۇرپاندىن بولسا، مانى دىنى ئىبادەتخانىلىرى، مانى دىنىغا ئائىت تام رەسىملىرى، مانى دىنى راھىبلىرىنىڭ تۆۋە ـ ئىستىغپارلىرى، ھەتتا ئۇيغۇر مانى شېئىرلىرىنىڭ بىر قەدەر تولۇق بولغان تېكىستلىرىمۇ تېپىلغان. مەن توختالماقچى بولغان «ھاياتلىق دەرىخى» ئەنە شۇلار جۈملىسىگە كىرىدۇ.

«ھاياتلىق دەرىخى» دېگەن نېمە؟ بۇ ھەقتە توختىلىشتىن ئىلگىرى، مانى دىنى مۇخلىسلىرىنىڭ قىياپىتى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتەيلى.

«بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ ئومۇمىي 10 ـ سانىدا مۇنداق مەلۇمات بار: «مانى دىنىنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسەرلىرى يەتتە كىتاب (يەنى يەتتى ئاغىلىق نوم) دىن ئىبارەت. بۇ دىنىنىڭ مۇخلىسلىرى ئاق كېيىم كېيىدۇ. بۆكلىرى ئاق، قارا ۋە بىنەپشە رەڭلەردە بولىدۇ. باش مۇخلىسىنىڭ بۆكى بىنەپشە رەڭدە بولىدۇ.» [3]

«ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق كىتابتا مۇنداق دېيىلگەن: «مانى دىنى راھىبلىرى گۆش يېمەيدۇ. ئۆلگەندە ئۇچىسىغا ھېچقانداق نەرسە كىيگۈزمەيدۇ. ئادەتتە راھىبلار ئاق كېيىم، قارا بۆك كىيىدۇ. باش مۇخلىس بىنەپشە بۆك، كەڭ كېيىم كىيىدۇ. ئايال راھىبلار قارا بۆك، ئاق كېيىم كىيىدۇ.» [4] يۇقىرىدىكى ئىككى مەلۇماتتىن مانى دىنى مۇخلىسلىرىنىڭ قىياپىتىنى كۆرۈپ ئالدۇق. ئەمما، تۇرپاندىن تېپىلغان، ئەينى دەۋردە كىتاب ئۇچۇن ئىستۇرما قىلىنغان رەسىمدە بولسا مانى دىنى راھىبلىرى ئاق بۆك، ئاق كېيىم كىيگەن ھالەتتە ئولتۇرۇشقان. [5]





يۇقىرىدىكى رەسىمگە ئاساسلانغاندا، مانى دىنىنىڭ ئەر راھىبلىرى (ئەرمۇخلىسلىرى) ئاق بۆك، ئاق كىيىم كىيىدىكەن.

ياپونىيىلىك تارىخشۇناس خانىدا تورو ئۆزىنىڭ «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى» ناملىق ئەسىرىگە غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى جايلاردىن تېپىلغان، ھەرقايسى دىن ۋە مەدەنىيەتلەرگە تەۋە بولغان رەسىملەر بىلەن يېزىق ئۆرنەكلىرىنى بەرگەن. شۇ قاتاردا مانى دىنىغا تەۋە بولغان ئىككى پارچە رەسىمنى قوشۇمچە قىلغان بولۇپ، رەسىملەرنىڭ ئاستىغا چۈشەندۈرۈشلەرنىمۇ بەرگەن. ئۇ رەسىملەر ئىچىدىكى بىرى تۆۋەندىكىچە:



بۇ رەسىمنىڭ چۈشەندۈرۈشى تۆۋەندىكىچە:

«مانى دىنى ۋە راھىبلار؛ ئىدىقۇتتىكى مانى دىنى ئىبادەتخانىسىنىڭ خارابىلىقىدىن تېپىلغان تام رەسىمى. ئالدى تەرەپتىكى چوڭراق كەلگەن رەسىمدىكى دىن ئاساسچىسى (دىنىنىڭ پىرى) مانى، ئارقا تەرەپتىكىلىرى راھىبلار. راھىبلار ئاق كىيىم، ئاق بۆك كىيگەن.» ⑥

بىز يۇقىرىدىكى ئىككى پارچە رەسىم ئارقىلىق مانى دىنى راھىبلىرىنىڭ كىيىنىش ئادەتلىرىنى كۆرۈپ ئالدۇق. 1 ـ رەسىم ئۈستىدە گېرمانىيىلىك ئالىم ئا. ۋون. لىكوك ئىنچىكىلىك بىلەن تەتقىقات ئېلىپ بارغان. بىز بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتنى كۆرۈپ باقايلى:

«بۇ بېغىشلىمىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئاستى ـ ئۈستى ئىككى قاتار مانى دىنى مۇخلىسلىرى-نىڭ رەسىمى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئۇلار ئۈستىگە بۇ دىنىنىڭ مەلۇم دەرىجىسىنى بىلدۈرىدىغان (دىنىي دەرىجىنى) كىيىم كىيىۋالغان، قارا چاچلىرىنى ئوخشاش شەكىلدە تارىۋالغان، ساقال - بۇرۇتلىرىنىڭ شەكلىدە بەزى ئوخشاشماسلىقلار بار. ئالتە نەپەر دىنىي مۇخلىس ناھايىتى پاكار يېزىق ئۈستەللى ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان، يېزىق ئۈستەللىگە رەخلىك داستىخان سېلىنغان، ئۈستىگە بىر دانە ئالتۇن رەخلىك رەيىل (قەغەز قىستۇرغۇچ) قويۇلغان، رەيلدە

uyghurkitap.com



بىر ۋاراق ئاق قەغەز بولۇپ، قەغەزگە تىك يۆنىلىشتە كاتەكچىلەر سىزىلغان. بىر نەچچە مۇخلىس سول قولىدا قەلەم تۇتقان. ھەتتا بىرەيلەن (ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرسى) ئىككىلا قولىدا قەلەم تۇتۇۋالغان، قالغانلىرى قەلەم تۇتمىغان. بىراق، مۇشتۇمىنى تۈگۈپ، قەغەزنىڭ چېتىگە قويۇۋالغان. ئۈستۈنكى رەت ئوتتۇرىدىكى ئادەمنىڭ ئوڭ - سول ئىككى تەرىپىدە چاتالغان كىچىك دەرەخلەر بار، دەرەخ شاخلىرى ئىنتايىن ئىنچىكە بولۇپ، ئەسلىدە ئالتۇن ياپراق چاپلانغان. دەرەخنىڭ ئۇچى مەزكۇر رەسىمنىڭ ئەڭ ئۈستۈنكى قىسمىغىچە چۈشكەن بولۇپ، ئۈستىدە ناھايىتى يوغان بىر گۈلى بار. چوڭ بىر ساپاق قىزىل ئۈزۈم بېغىشلىمىنىڭ چۆرىسىگىچە ساڭگىلاپ چۈشكەن. ئۇنىڭ غول - شاخلىرى بولسا يوپۇرماقلار ئارىسىغا يوشۇرۇنغان». ⑦

بىز ئا. ۋون. لىكوكنىڭ يۇقىرىدىكى 1 - رەسىم ئۈستىدىكى تەتقىقاتىغا دىققەت بىلەن قارىساق، ئۇنىڭدا: «ئۈستىدە ناھايىتى يوغان بىر گۈلى بار چوڭ بىر ساپاق قىزىل ئۈزۈم بېغىشلىمىنىڭ چۆرىسىگىچە چۈشكەن» دېگەن مەزمۇنلار ئۇچرايدۇ. رەسىمدىكى گۈل بىلەن ئۈزۈمنى ئۆزىمىزمۇ پەرقلەندۈرەلەيمىز.

يۇقىرىدىكى رەسىمدىن باشقا يەنە تۇرپان بېزەكلىك مىڭئۆيىنىڭ چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيەچىلىرى تەرىپىدىن 25 - دەپ نومۇر قويۇلغان، تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى يېڭىۋاشتىن 38 - دەپ نومۇر قويغان ئۆيىدىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان تام رەسىمى بار. سېلىشتۇرۇش ۋە تەتقىقاتقا ياردىمى بولسۇن ئۈچۈن ئۇ رەسىمنىڭ ئۈچ خىل نۇسخىسىنى كۆرسىتىپ ئۆتمەكچىمەن.



بۇ رەسىم 1936 ـ يىلى تارتىلغان بولۇپ، موريياسۇ تاكائۇ تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلانغان، 1991 ـ يىلى 8 ـ ئايدا نەشر قىلىنغان، ياپونىيە «ئوساكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 31 ـ، 32 ـ قوشما سانىدىن ئېلىندى.



بۇ رەسىم 3 ـ رەسىمنىڭ هازىرقى هالىتى (يۇقىرىدىكى مەنبەدىن ئېلىنغان). بۇنىڭدىن بۇ تام رەسىمنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراش ئەھۋالىنىڭ يامانلىقىنى كۆرۈپ ئالغىلى بولىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



يۇقىرىدىكى رەسىمنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن ھالىتى (مەنبە يۇقىرىدىكى بىلەن ئوخشاش).

بۇ تام رەسىمى ھەققىدە تەتقىقاتچى موريياسۇ تاكائو توختىلىپ: «ئابىدىلەر ھەققىدىكى تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىش ۋە ئۇلارنى چۈشىنىش بىر يەرگە بېرىپ قالغان پەيتتە، قايتىدىن 25 - ئۆيدىكى مانى دىنى تام رەسىملىرى ئارىسىدىكى مەركىزىي ئۇدۇل تامغا جايلاشقان تام رەسىمى ھەققىدىكى ئاساسىي تېمىغا كېلەيلى. مەركىزىي قىسىمدا ئۈچ تۈپ دەرەخ غولى بولۇپ، ئۇ يوپۇرماق، گۈل ۋە مېۋىسى رەسىم ئۈستىدىكى قىسىمنى تولۇق قاپلىغان دەرەخنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقى ھەممە ئادەمنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولىدۇ. چوڭ بەرگىلەر بىلەن ئورالغان يوغان گۈل ئۇرۇقنىڭ ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. ئەينى دەۋردە ھايات تۇرۇۋاتقان مانى دىنى مۇخلىسلىرى چوقۇنۇش ئوبيېكتى قىلغان دەرەخنى ‹ ھاياتلىق دەرىخى › دەپ ئاتاشقا بولىدۇ... بىز سىزىلغان رەسىمگە قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭ مېۋىسىنىڭ ئۈزۈم شەكلىدە، يوپۇرمىقى بىلەن شاخ - شۇمبىلىرىنىڭ ئۈزۈم يوپۇرمىقىغا ۋە ئۈزۈم شۈكىگە ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىنى كۆرۈپ ئالالايمىز» ⑧ دەيدۇ. ئۇ يەنە «ھاياتلىق دەرىخىنىڭ كۆرۈنۈشى ئۈزۈم شۈكىگە ئوخشاش بولۇپ، ئۇنىڭ يوپۇرمىقى گۈلى ۋە ئۇرۇقىنى يېسە، ئۇنىڭدىن ئىشلەنگەن ۋاين (ئۈزۈم ھارىقى) نى ئىچسە، ئىنسانلارنىڭ سالامەتلىكى ئەسلىگە كېلىپ، كۈچ - قۇۋۋىتى ئۇرغۇيدۇ.» ⑨ دەيدۇ. بىز يۇقىرىدا تەتقىقاتچى موريىيا سۇتاكائونىڭ تەتقىقاتى ئارقىلىق ئۈزۈم تېلىنىڭ «ھاياتلىق دەرىخى» دېيىلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ ئالدۇق. شۇنداق بولغاندا، يۇقىرىدىكى گېرمانىيىلىك ئالىم ئا. ۋون. لىكوك تەتقىقات ئېلىپ بارغان «ئىككى قاتار مانى دىنى مۇخلىسلىرى ئولتۇرغان، ئۈستىدە يوغان گۈلى بولغان، چوڭ ساپاقلىق قىزىل ئۈزۈملەر ساڭگىلاپ تۇرغان» 1 - رەسىمنىمۇ «ھاياتلىق دەرىخى ئاستىدا مۇتالىئە قىلىۋاتقان مانى دىنى مۇخلىسلىرى» دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن ھەممىمىزنىڭ دىققىتىمىزنى تارتىۋاتقان رەسىملەر سىزىلىۋاتقان ۋاقىتلاردا ياكى ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا تۇرپان رايونىدا مەخسۇس قىزىل سايىۋا ئۈزۈم ئۆستۈرۈلىدىغان، كۆلەملەشكەن باغلارنىڭ بولغانلىقىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا، ئۈزۈم ھارىقى ئىشلەش ئىمكانىيىتى بولمىغان بولاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا ئۈزۈم ھارىقىنىڭ تەركىبىنى ۋە ئۇنىڭ ئادەم ئورگانىزمىغا بولغان پايدىلىق تەرەپلىرىنى ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكىسىغا تايىنىپ ئاندىن بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالىدۇق. ئۈزۈمنىڭ ئۇرۇقى بىلەن يوپۇرمىقى ھەققىدە ساۋاتقا ئىگە ئەمەسمىز، ئىگە بولدۇق دېيىلگەندىمۇ، ئىنسانلارنىڭ سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، كۈچ - قۇۋۋىتىنى ئۇرغۇتىدىغانلىقىنى بىلىپ يېتىش دەرىجىسىدە ئەمەسمىز. بۇلاردىن ئەينى دەۋردە تۇرپان رايونىدا كىمياگەرلىك بىلەن تېبابەتچىلىكنىڭ خېلى تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرۈپ ئالغىلى بولىدۇ.

يۇقىرىدا، مانى دىنىنىڭ «ھاياتلىق دەرىخى» ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان تام رەسىملىرىنى، بۇ ھەقتىكى چۈشەنچىلەرنى ھەم «ھاياتلىق دەرىخى» دېيىلىدىغان دەرەخنىڭ قىزىل سايىۋا ئۈزۈم تېلى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۆتتۇق. تۆۋەندە «ھاياتلىق دەرىخى» ھەققىدىكى باشقا مەلۇماتلارنى كۆرۈپ باقايلى:

«خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە دىن لۇغىتى» دە: « 生命树 (خىرىستىئان دىنىدا) ئۆمۈر دەرىخى، ھاياتلىق دەرىخى» ⑩ دېيىلگەن.

«دىن لۇغىتى» بىلەن «قىسقىچە برىتانىيە ئېنسىكلوپېدىيىسى» دا: «ھاياتلىق دەرىخى - يەھۇدى دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى ‹ تەۋرات › تا، خىرىستىئان دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى ‹ ئىنجىل › دا تىلغا ئېلىنىدىغان ئېدىن جەننەتتىكى بىر تۈپ دەرەخ. ئادەم ئۇنىڭ مېۋىسىدىن يېسە ئۆلمەيدىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ‹ ئالەمنىڭ بەرپا قىلىنىشى › دا خاتىرىلىنىشىچە، خۇدا ئادەم بىلەن ھەۋۋانى ئېدىن جەننەتكە ئورۇنلاشتۇرغاندا، ياخشى - يامانلىقنى بىلدۈرۈش

دەرىخى (مەلۇمات دەرىخى) نىڭ مېۋىسىدىن باشقا مېۋىلەرنى يېيىشكە رۇخسەت قىلغان ئىكەن. كېيىن ئادەم بىلەن ھەۋۋا مەنئى قىلىش بۇيرۇقىغا خىلاپ ھالدا، مەنئى قىلىنغان مېۋىنى ئوغرىلىقچە يەپ سالغان. خۇدا ئۇلارنىڭ ھاياتلىق دەرىخىنىڭ مېۋىسىدىن يەپ سېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇلارنى ئېدەن جەننەتتىن قوغلاپ چىقارغان ئىكەن.»⑪

بىز يۇقىرىدا مانى دىنى، يەھۇدى دىنى ۋە خرىستىيان دىنلىرىدىكى «ھاياتلىق دەرىخى» ھەققىدىكى بايانلارنى كۆرۈپ ئۆتتۇق. بۇلارغا دىققەت بىلەن قارايدىغان بولساق، مانى دىنىدىكى «ھاياتلىق دەرىخى» ھەققىدىكى بايانلار بىلەن يەھۇدى دىنى ۋە خرىستىيان دىنىدىكى «ھاياتلىق دەرىخى» ھەققىدىكى بايانلاردا پەرق بارلىقىنى كۆرۈپ ئالالايمىز. شۇنداق بولغاندا، مانى دىنى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا، بولۇپمۇ تۇرپان رايونىغا تارقالغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلار مانى دىنىنى ۋە بۇ ھەقتىكى چۈشەنچىلەرنى ئۆز يېرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ماسلاشتۇرۇپ قوبۇل قىلىپ، راۋاجلاندۇرغانمۇ ـ قانداق؟ بۇنى زامان ـ ماكان نۇقتىسىدىن تۇرۇپ تەھلىل قىلىدىغان بولساق، بۇنىڭدا نۇرغۇن مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ ئالالايمىز.

**ئىزاھاتلار:**

① ② غ. ئابدۇللىن تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلانغان، 1918 ـ يىلى قازان «قۇرۇلتاي» نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «تارىخي ئەديان» ناملىق كىتابنىڭ 7 ـ ۋە 9 ـ بەتلىرىگە قارالسۇن.

③ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1983 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 10 ـ سان 6 ـ بېتىگە قارالسۇن.

④ ليۇيىتاڭ تۈزگەن، جىڭجۇڭ نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق كىتابنىڭ 451 ـ بېتىگە قارالسۇن.

⑤ «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 2002 ـ يىللىق 1 ـ سانىنىڭ مۇقاۋىسىغا قارالسۇن.

⑥ خاندا تورو تەرىپىدىن يېزىلغان، گېڭ شىمىن ئەپەندى تەرىپىدىن تەرجىمە قىلغان، 1984 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى» ناملىق كىتابقا قارالسۇن.

⑦ ئا. ۋون. لىكوك نەشرگە تەييارلىغان، «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 2003 ـ يىللىق 2 ـ سانىغا تەرجىمە قىلىپ بېسىلغان «ئىدىقۇتتىن تېپىلغان تۈرك يېزىقىدا بېغىشلىما يېزىلغان مانى دىنىغا ئائىت رەسىم پارچىسى» ناملىق ماقالىغا قارالسۇن.

⑧ ⑨ موريياسۇتاكائو نەشرگە تەييارلىغان، 1991 ـ يىلى 8 ـ ئايدا نەشر قىلىنغان، ياپونىيە «ئوساكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 31 ـ، 32 ـ قوشما سانىنىڭ 24 ـ بېتىدىن 27 ـ بېتىگىچە قارالسۇن.

⑩ شەمشىدىن ھاجى تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 2002 ـ يىلى 12 ـ ئايدا نەشر قىلىنغان «خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە دىن لۇغىتى» نىڭ 306 ـ بېتىگە قارالسۇن.

⑪ 1) دىن لۇغىتى تۈزۈش ھەيئىتى تۈزگەن، رېن جىيۇ باش مۇھەررىر بولغان، شاڭخەي قامۇس نەشرىياتى تەرىپىدىن 1984 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «دىن لۇغىتى» نىڭ 310 ـ بېتىگە، 2) جۇڭگو بۈيۈك قامۇس نەشرىياتى تەرىپىدىن 1986 ـ يىلى بېيجىڭ ـ شاڭخەيدە نەشر قىلىنغان «قىسقىچە برىتانىيە ئېنسىكلوپېدىيىسى» نىڭ 8 ـ توم 773 ـ بېتىگە قارالسۇن.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە، دوتسېنت)

www.uyghurkitap.com



بوغدا ئابدۇللا

# مىسرا ۋە كۇپلېت

مىسرا شېئىرنىڭ ئەڭ كىچىك بىرلىكى. ئۇ ئاددىي بولۇشى مۇمكىن، مۇرەككەپ بولۇشىمۇ مۇمكىن. مەيلى قانداق بولسا بولسۇن، شېئىرنىڭ باشلىنىشىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇ تولىمۇ ئەھمىيەتلىك، بىر شېئىرنىڭ تۇنجى مىسراسى شېئىرنىڭ كېيىنكى مەنزىلى ئۈچۈن ئېيتقاندا، مۇھىم بىر كۆزنەك. ئۇنىڭ قانداق بولۇشى ، ھەتتا بىر پۈتۈن شېئىرنىڭ تەقدىرىنىمۇ بەلگىلەيدۇ. مىسرالار يىغىلىپ كۇپلېتلارنى ھاسىل قىلىدۇ، شېئىرنىڭ باشلىنىش مىسرالىرى كۆڭۈلدىكىدەك چىقىشى كېرەك. ئەگەر شائىر بۇنىڭغا تەلەپ قويماي ئۇنىڭغا قول ئۇچىدىلا مۇئامىلە قىلسا، شېئىرنىڭ بىر پۈتۈن گۈزەللىكىگە ئىنتايىن زور تەسىر كۆرسىتىدۇ.

شېئىر مىسرالىرى ئىشلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. شائىر مۇكەممەل مىسرالار ئۈچۈن بىر قانچە ۋارىيانت يېزىپ بېقىشى مۇمكىن. مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققانلىرىنى سەگەكلىك بىلەن تاللاشقا توغرا كېلىدۇ. بەزى شېئىرلاردا مىسرالارغا ئاددىيلىق تەلىپى قويۇلىدۇ. لېكىن، مەزمۇن بەزىدە مۇرەككەپلىكنىمۇ تەلەپ قىلىدۇ. بۇنداق چاغلاردا ئادەتتىكى مىسرالار ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماي قالىدۇ. ھەربىر مىسرانىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى شائىرغا ئىلھامى دەپ بېرىدۇ. بۇنداق مىسرالار شېئىرىيەت تىلىدا يېتۈك مىسرالار دەپ ئاتىلىدۇ.

مىسرالار ھېسسىياتقا، پىكىرگە تويۇنۇشى كېرەك، بولمىسا ئۇ يىگىلەپ قالغان خەمەككە ئوخشاپ قالىدۇ، مۇكەممەل مىسرالار پىشقان قوغۇنغا ئوخشايدۇ، ئۆزگىچە بولىدۇ، تەمى ئېغىزدىن كەتمەيدۇ. شۇڭا، شائىر ئىلاجى بار مىسرالارنىڭ غورىگىل بوپ قېلىشىدىن ساقلىنىشى كېرەك. ئۇلۇغ شېئىرلارنى شېئىر قىلغان ئۇنىڭ مىسرالىرى بولىدۇ. شائىرنىڭ ھاياتى، ئەمەلىيەتتە، مىسرالارنىڭ ھاياتى بولۇشى كېرەك. مىسرالار چاقماق ئوتىغا ئوخشاش تولغىنىپ نۇر پەيدا قىلغان ۋاقىتتا، كىشى ۋۇجۇدىدا زىلزىلە پەيدا قىلالايدۇ. ئاشۇ نۇر ئىككىنچىلەپ قايتىلانمىغىنىدەك، مىسرالارمۇ قايتىلىنىشنى بىلمەسلىكى كېرەك. ئۇ تۈز بايان ئۇسۇلى بىلەن ئىپادىلەنسە، سېھرىي كۈچكە ئىگە بولالماي قالىدۇ. ئۇنى ئەگىتىشنى بىلىشى كېرەك. بۇنىڭدىن باشقا خۇددى خېمىرنى ئەركىلىتىپ يۇغۇرغاندەك، ئۇنىمۇ ئەركىلىشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇ ئەۋرىشىملىك بىلەن قەتئىيلىكنىڭ بىرلىكى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىشى ۋە ئىپادىلىنىشى كېرەك.

كلاسسىك مىسرالار — كلاسسىك پىكىرلەرنىڭ جەۋھىرى. بىر زامان ئادەملىرى ئاشۇ تارىخىي رېئاللىقتا بولالمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ قىممىتىنى تارازىدا ئۆلچىيەلمەي قالىدۇ. ھازىرقى زامان مىسرالىرى پەقەت ھازىرقى زامانغا مەنسۇپ بولۇپ قالسا، ئەنئەنىۋى

مىسرالارنىڭ تۈزۈلۈشى، مەدىنىگە ئەھمىيەت بەرمىسە، ئۇنى تەتقىق قىلمىسا، ئۇ ھەربىر بىچارە نەرسە بولۇپ قالىدۇ. مىسرالىرىمىز كلاسسىك مىسرالارغا تەڭ كېلەلمىسىمۇ، خۇددى سەييارىلەرگە ئوخشاش يېقىنلاپ بېقىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، مۇناسىپ نۇرنى قوبۇل قىلالايدۇ ۋە ئۆزىدىن چىقىرالايدۇ.

بەزىدە مىسرالارغا خۇددى تەۋەككۈلچىلەردەك تەۋەككۈل قىلىشقىمۇ توغرا كېلىدۇ. بۇ چاغدا شائىر ئىبارىلەرنى ئۆز مەزمۇنىدىن ھالقىتىپ بايان قىلىشقا يۈزلىنىدۇ. سۆز فوكۇسلىرى مىسرالارغا رەڭدارلىق ئېلىپ كېلىدۇ.

ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە كۆپىنچە ھاللاردا كۇپلېت دۇنياۋى شېئىرلارغا ئوخشاش تۆت مىسرادىن تەركىب تاپىدۇ. ھەربىر كۇپلېت شېئىر بىر مۇكەممەل گەۋدە. لېكىن، ئۇ بىر - بىرىگە ياندىشىدۇ ۋە بىر - بىرىنى تولۇقلايدۇ. كۇپلېت شېئىرىيىتىمىزنىڭ قەسىدە، تۇرىدە، غەزەلگە ئوخشىمىغان ھالدا بارغانسېرى ئۆزگىرىپ بارىدۇ. لىرىك شېئىرلاردا شۇ شېئىرنى پەيدا قىلىۋاتقان ھېسسىيات كۈچلۈك بولغاندىن تاشقىرى، قىسقا بولۇشىغا قاراپ، قىسقىلىقىنى تەلەپ قىلىدۇ. سۇژېتلىق شېئىرلاردا داستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا، مەزمۇنغا ئەگىشىپ ئاخىرلىشىدۇ. چاچما شېئىرلاردا كۇپلېت تۆت مىسرادىن تەركىب تېپىشى مۇقىم تەلەپ قىلىنمايدۇ. بەزىدە ئۇ بىرقانچە مىسرا ياكى كۆپرەك بولۇشىمۇ مۇمكىن، بەزىدە بىر ئىملىق سۆزمۇ بىر مىسرانىڭ رولىنى ئوينىشى مۇمكىن. كۇپلېتنىڭ راۋانلىقى مىسرالارنىڭ راۋانلىقىدىن كېلىپ چىقىدۇ. بىر كۇپلېت ئاساسىي بىر مەنىنى ئىپادىلىشى كېرەك. كۆپىنچە ھاللاردا، ئالدىنقى ئىككى مىسرا بىلەن كېيىنكى ئىككى مىسرانىڭ مەزمۇن پەرقى گەۋدىلىك بولغاندا لوگىكىسىزلىق كېلىپ چىقىدۇ.

ئەمەلىيەتتە بىر كۇپلېت شېئىر بىر پۈتۈن لوگىكىلىق باغلىنىشقا ئىگە. شۇڭلاشقا، كۇپلېتلار تاققا - تۇققا يېزىلىپ قالسا بولمايدۇ.

تەبىئىي كۇپلېتلار تەبىئىي يوسۇندا ئىنسانىنى مەپتۇن قىلىدۇ. ھەرقانداق بىر كۇپلېت كىشىلەرنىڭ ئېسىدە قالىدىغان دەرىجىگە كېلىشى كېرەك. لىرىك شېئىرلارنىڭ كۇپلېتلىرى لىرىك ھېسسىياتنى ئاساس قىلىدۇ، سۇژېتلىق شېئىرلارنىڭ كۇپلېتلىرى ۋەقەلىكنى، رۇبائىينىڭ كۇپلېتلىرى بىر پۈتۈن پەلسەپىۋى مەزمۇننى ئاساس قىلىدۇ. خەلق قوشاقلىرى ئاساسەن بىر كۇپلېت، بىر كۇپلېت بولىدۇ. لېكىن، ئۇ پۈتۈن بىر شېئىر ئوينىيالمايدىغان رولنى ئوينىيالايدۇ. ئۇنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىدە نۇرغۇن تارىخىي كەچمىش، شەخس، ۋەقەلەر بولغان بولىدۇ، مۇشۇ جەھەتتىن ئېيتقاندا ئۇ پرېسلانغان پېچىنىگە ئوخشايدۇ. بۇنىڭ مەزمۇننى پەقەت شېئىرخانلار ئوقۇپ ھوزۇرلانغان چېغىدا ئىچكى جەھەتتە، خۇددى بىپايان كائىناتقا كىرگەندەك ، يەنە كونكرېت سەييارىلەرنى كۆزەتكەندەك، ئۇلار چىقىرىۋاتقان نۇر ۋە ئۇلارنىڭ ئوربىتا ئىچىدە چىقارغان ئەڭ تۆۋەن ھالەتتىكى تاۋۇش ئاھاڭلىرىدىن ھوزۇرلانغاندەك بولىدۇ.

ئادەتتىكى كۇپلېتلار خەلق قوشاقلىرىنىڭ كۇپلېتلىرىغا ئوخشاش، ئېتنىك ۋە تارىخىي رولنى ئوينىيالىشى ناتايىن. بۇنىڭ ئۈچۈن پەقەت گىگانت كۇپلېتلار كېرەك بولىدۇ. بەزىدە پۈتۈن بىر شېئىر مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقىشى مۇمكىن، بەزىدە شائىر تۇيمىغان ھالدا بۇنىڭ ئىچىدىكى ئايرىم كۇپلېتلارمۇ كلاسسىك كۇپلېتلارغا ئوخشاپ قېلىشى مۇمكىن. دېمەك، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەينى ۋاقىتتا رېئال، ئەينى ۋاقىتتا يەنە تاسادىپىيلىقتىنمۇ كېلىپ چىقىدۇ.

كۇپلېتلار گۈزەللىكى شائىرنىڭ بەدىئىي دۇنياسىنىڭ گۈزەللىكىدۇر.

uyghurkitap.com



# قۇمۇل، لوپنۇر، دولان قوشاقلىرى توغرىسىدا

جەلپ قىلىش نۇقتىسىدىن قارىغاندا، قوشاقلاردا ئاساسلىق ئىپادىلىگىنى ھەسرەت. ھەسرەت ـ ھەسرەتكە ئوخشايدۇ ۋە بىر ـ بىرىگە سىڭلىشتۇرما بولىدۇ.

ئەسلىدە قوشاق ئايرىم كىشىلەر تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنىپ، كېيىنچە ئۇنىڭغا ئاھاڭ باغلانغاندا، باشقىلارنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىدۇ. شۇڭا، قوشاقلارنىڭ ھاياتىي كۈچى سۆز ـ ئىبارە، قاپىيە، شەكىل قاتارلىقلاردىمۇ ئەمەس، بەلكى ئۇ ئىپادىلەۋاتقان تۇرمۇش، مەزمۇنىنىڭ چىنلىقىدا كۆرۈلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى توپلىنىپ ئاخىر كىشىلىك تەجرىبىنىڭ يىغىندىسى بولۇپ قالىدۇ.

ئۇنىڭدىكى تۇرمۇش پۇرىقى شېئىرىي مۇھىت، ئوبراز، پېرسوناژلاردىن مەلۇم بولىدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن مىسرالار ئىنسان ئاغزىدا، گېزى كەلگەندە ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا تەكرارلىنىپ تۇرىدۇ. ھاياجان بولسا ئىجادىيەتچىلەرنىڭ ھېسسىياتىنى ئۇرغۇتۇپ، ۋۇجۇدىدا زىلزىلە پەيدا قىلغاندىن كېيىن يۈرەك رېتىمى ئارقىلىق سىرتقا تېپىپ چىقىدۇ، مانا بۇ كونكرېت بىر ئاھاڭنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى.

ئاھاڭ تولىمۇ پاك نەرسە، پاك قەلب بولغاندىلا ئاندىن پاك ئاھاڭ يارىتىلىدۇ. مۇھىت خاراكتېرنى ياراتسا، مۇڭلۇق ھېسسىيات قوشاق ۋە ئاھاڭدا ئىپادىلىنىدۇ.

خەلق قوشاقلىرىدا ھەرخىل پاجىئەلەر، تارىخىي ۋەقەلەر، مىللەتنىڭ ئېغىر ھاياتلىق مۇساپىسى، ئارزۇ ـ ئارمانلار، ھەق ـ ناھەق، ئادالەت، جاپالىق تۇرمۇش، مۇھەببەت مەزمۇنلىرى ئەكس ئەتكەن بولىدۇ.

ئالايلۇق، قۇمۇل قوشاقلىرىنىڭ مەزمۇنىدا تاغلاردىكى سۆزلەپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان بۈيۈك روھ بار. قەھرىمانلاردىكى قەيسەرلىك، ئىرادە، ۋاپا، كۈچ بىر جەھەتتىن شۇنى مەنبە قىلغان. بۇ قوشاقلارنىڭ شەكلىدىن قارىغاندا، ئاساسەن تۆت مىسرالىق بولۇپ، ئارزۇ ۋەزىنىدىكىلىرىمۇ، چاچما شەكىلدىكىلىرىمۇ ئۇچرايدۇ. بۇ ئەلۋەتتە خەلقتىكى شېئىرىي تەسەۋۋۇرنىڭ موللۇقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. قۇمۇلدا لىرىك قوشاقلار كۆپ.

ئەمدى شەكىل جەھەتتە، لوپنۇر قوشاقلىرىغا دىققەت قىلساق، تۈزۈلۈشىدە يەنە بىر خىل ئۆزگىچىلىك كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، ئۇلاردا ئالتە مىسرالىق شەكىل بىر قەدەر ئومۇملاشقان.

مەسىلەن:

*لوپنۇر كۆلىدىن ئۆتتۈم،*
*كونا بىر تولۇم بىلەن.*
*مەن كۆلۈمدىن ئايرىلدىم،*
*ئازابلىق زۇلۇم بىلەن.*
*چۆل ـ باياۋان ئىچىدە،*
*يۈرىيدىمەن كىمم بىلەن.*

ناھايىتى روشەنكى، شېئىرىي پىكىر خەلق تەشنالىقىغا يەتكەندە، ئومۇ مۇقەررەر يوسۇندا ئۆزىگە ئاھاڭ تەلەپ قىلىدۇ، ئۇ ناخشىغا ئايلىنىپ جەمئىيەتكە تارقىلىشى بىلەن تەڭ ئومۇملىشىشقا قاراپ يۈزلىنىدۇ.

خەلقىمۇ، قوشاقمۇ ھېچنېمىنى يوشۇرمايدۇ، بەلكى ئاشكارا بايان قىلىپ تارقىتىدۇ،

قالدۇرىدۇ، لېكىن ئۇۋتىدە يوشۇرۇن روھمۇ بولىدۇ.
لىرىك قوشاقلارنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى پاجىئەلىك زىددىيەت، ئاچچىق ھەسرەتلەر، كۆز ياشلىرى ۋە مۇھەببەتنى ئاساس قىلىدۇ.

*مەن يامانىنى گۈي سۇيۇغۇلۇك،*
*نىمىدە دەيدۇ گۈي تويۇغۇلۇك،*
*بۇنىدىن كۆزگە تەيۇەسلۇك،*
*گۈي تويۇغۇلۇك ئايىلادۇ،*
*ئۇقاينىڭ باغ - جانلارى،*
*كۆزۈڭگە يايىلادۇ،*
*بۇنىڭ بىلەن گۈم يەتمەس،*
*ئەسكە يانىڭ كۈشانى،*
*قىلغان ۋەدىسى قېنى؟*

(مەن ساڭا يامان ئاتلىق بولۇپ تۇرۇپ، ئۆيۈڭنى سورىغۇچۇڭ، سېنىڭ ئۆي - تۇرالغۇڭ قەيەردە، بۇنىڭدىن كۆزلەك تەرەپكە تەۋرىسەڭ، ئۆي تۇرالغۇڭ ئايرىلىپ قالىدۇ، ئۇقاي دېگەن قۇشنىڭ بالىجانلىرى سېنىڭ كۆزۈڭ ئالدىدا يېيىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇنۇم يەتمەس بولىدۇ، كونا يار گېپىدە تۇرماس بولۇپ قالىدۇ).
بۇ لوپنۇر بويلىرىدىكى قارا قوشۇنلۇقلارنىڭ قەدىمكى قوشىقى، رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئۇلار كروران پالۋانلىرىنىڭ نەسلىدىن ئىكەن.
قوشاقلاردا مۇھەببەت - مەڭگۈلۈك تېمىلارنىڭ بىرى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بۇ ھەقتە كىم مەيلى قانداق قوشاق توقۇسۇن ۋاپا، ساداقەت مەزمۇنىدىن ھالقىپ كېتەلمەيدۇ ۋە ھەركىم يېڭى ئوخشىتىشلار ئارقىلىق مۇددىئاسىنى بايان قىلىدۇ.
دولان «باش باياۋان» مۇقامىنىڭ مۇقەددىمىسى مۇنداق باشلىنىدۇ:

*ياغاچ گۈي دەيدۇ مېنى،*
*يەتمىش مىلڭ گۈي دەيدۇ مېنى.*
*ياغاچ گۈيىنى قىلمىساڭ،*
*چىلبۆرىلەر يەيدۇ سېنى.*

بۇنىڭدا دولانىنىڭ يىراق ئېتنىك مەنبەسى ھەمدە جاپالىق تۇرمۇش شەكلى ئوبرازلىق خاتىرىلەنگەن. ئادەتتە دولانلىقلار ئۆزلىرىنى «ياغاچ ئۆيلۈك دولان»، «بارچۇق دولان»، «يەتمىش مىڭ ئۆيلۈك دولان»، «قارا دولان»، «تاسقىما دولان» قاتارلىق ناملار بىلەن ئاتايدۇ. «ياغاچ ئۆيلۈك دولان» دېگەندە شالغۇتلاشمىغان ساپ دولانلىقنى كۆزدە تۇتىدۇ.
دولان قوشاقلىرىدا كۆپ نەرسىلەر قەدىمكىگە باغلىنىپ تۇرىدۇ.

*بۇ راۋاب قانداق راۋاب،*
*پىرچەنكىدىن قالغان راۋاب.*
*مەن ئۇنى ئالسام قولۇمغا،*
*ۋاي قىلىمەن يۈزمىڭ تاۋاب.*

پىرچەڭگى رىۋايەتلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، چارۋىچى سازچىلارنىڭ پىرى ئىكەن. چول- پان ئانا ئېھتىمال يىراق تارىخىمىزدىكى ئانىلىرىمىزنىڭ بىرى بولسا كېرەك. دولانلىقلار

uyghurkitap.com



ھېلىمۇ ئەتىياز، كۈز پەسلىدە قوتانغا شام قاداپ، ياغ پۇرىتىپ ئۇلارنى خاتىرلەيدۇ ھەم بۇ خىل پائالىيەتنى «چىراغ ئۆتكۈزۈش» دەپ ئاتايدۇ.

*روھ چىۋىن بولسا كىشى،*
*قانات ياساپ ئۇچسا كىشى،*
*دۇنيانى بىر چۆرىلىپ،*
*ئۆز يارىنى تاپسا كىشى.*

دولان يېزىلىرىدا ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن روھ چىۋىن بولۇپ يوقلاپ كېلىدۇ، دېگەن قاراش ھېلىھەم مەۋجۇت. ئۇلاردا روھ چىۋىن ئۆيگە كىرسە ئۆلتۈرمەستىن، كېپەك بىلەن قوي يېغىدا ئىسرىق سېلىش ئادىتىمۇ داۋاملىشىپ كەلگەن. بۇ خىل قاراشنىڭ پەيدا بولۇش ۋە تارىخىي جەريانى ئەلۋەتتە مۇھىم تېما.

يەنە ماقال - تەمسىللەردە تىلغا ئېلىنىدىغان قاغا ئوبرازى لوپنۇر قوشاقلىرىدا مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ.

*قاغا بارسا قانىتىغا قاراڭلار،*
............
*قاغا بولۇپ كېچىلەردە غاقتاسام،*
............

ياكى:

*قاغا بارسا سالام دەڭلار يارىمغا،*
*مۇزنى تاڭىپ ياتادىمەن باغرىمغا.*
*خۇدايىتائالا كۆيدىك ئوتنى سالمىسۇن،*
*بۇ يىللىقتا كەلدى مېنىڭ بېشىمغا.*

دېمەك، ھەرقانداق ئوبرازنىڭ تاللىنىشى ۋە ئىپادىلىنىشىنى تەبىئىي شارائىتتىن ئايرىپ قاراش دۇرۇس ئەمەس. لوپنۇردا جاڭگالچىلار قاغىنى خەۋەرچى، ئۇ غاقىلداپ ئۆتسە خەۋەر كېلىدۇ، دەپ بىلىدۇ. مالچىلار يەنە قاغا غاقىلداپ كەتسە جاندارلاردىن چاتاق چىقتىمۇ دەپ ئىز - دېرىكىنى قىلىدۇ. شۇڭا، بەزى ئوبرازلارنى ياخشى، يامانلىقنىڭ بەلگىسى دەپ مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىشكە بولمايدۇ.

قوشاق پەردازنى بىلمەيدۇ، ۋەقەلىكنى توغرىدىن - توغرا بايان قىلىۋېرىدۇ.

قوشاقلاردا سۇژىت بولىدۇ. بەزىدە ئۇ بىلىنىپ - بىلىنمەي ئۆتۈپ كېتىدۇ. ناھايىتى چوڭ ۋەقەلىكلەرمۇ تۆت مىسرانىڭ ئىچىگە سىغىپ كېتىدۇ. بۇنىڭدىن قوشاقلارنىڭ سىغىمچانلىقىنىڭ چوڭلۇقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئەگەر ئۇنى نەسرىي يول بىلەن بايان قىلىشقا توغرا كەلسە نۇرغۇن نەرسە يېزىۋېتىش مۇمكىن. قوشاقلاردا يالغانچىلىق بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ تارىخنىڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ.

ھەق دادىغا يەتكۈزۈپ قوشاق توقۇشمۇ تەس، ئۇزۇن تارىخىي مۇساپىدە ئۇلارنىڭ نۇرغۇن ماھارەت سىناقلىرىنى ئېلىپ بارغانلىقى تەبىئىي. بۇنىڭدىن نۇر چاقنىتىپ تۇرىدىغان قوشاقلارنىڭ ئاسان مەيدانغا كەلمىگەنلىكىنى چۈشىنەلەيمىز.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدىن، پروفېسسور)

# ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا چاچ تەسۋىرى

ئابدۇغاپپار ئابدۇراخمان

ئۇيغۇر كلاسسىك دۇردانىلىرىمىزنى روياپقا چىقارغۇچى كلاسسىك قەلەمكەشلىرىمىز كۈچلۈك ھېسسىيات، يارقىن تەپەككۇر، دولقۇنلۇق ئىبارىلەر بىلەن تەسۋىرلەۋاتقان گۈزەل يار ئوبرازى ۋە ئۇنىڭ سىمۋول چېچى ئالەمدىكى بارلىق گۈزەللىكلەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەپ ئاياللار گۈزەللىكىنىڭ يۈكسەك پەللىسىنى ياراتتى. ئىنسان مۇھەببىتىنى تەسۋىرلەپ دۇنيا ئەدەبىيات يارىتىشقا زور ھەسسە قوشتى. كلاسسىكلىرىمىزدىن ئاتايى، سەككاكى، لۇتفى، نەۋائى، زەلىلى، نىزارى ۋە موللا بىلال قاتارلىق پېشۋالار ئەنە شۇ ئىدېئال يارنى كۈيلەش، ئۇنى ئۇلۇغلاش ۋە ئۇنىڭغا بولغان مۇناسىۋەتلىرى ئارقىلىق ئىنسانغا خاس پەزىلەتلەرنى مەدھىيىلىدى. ئىنسان گۈزەللىكىنىڭ تىپىك سىمۋولى بولغان «يار گۈزەللىكى»نى دۇنيادىكى بارلىق مەۋجۇداتلاردىن ئۈستۈن قويدى. چىن ئىنسانىي مۇھەببەت، ئىنسان گۈزەللىكى ۋە ئۇنىڭ ئۆلچىمى بولغان پاكلىق، ۋاپادارلىق، چىدام - غەيرەت، ساداقەتنى ئۆزىگە خاس شېئىرىي ئۇسلۇب، جۇشقۇن ھېسسىيات ۋە ئوبرازلىق تىل بىلەن ئەكس ئەتتۈردى. گۈزەل يار ئوبرازىنى تەشكىل قىلغۇچى يۈز، قاش، كۆز، كىرپىك، چاچ، چىش، لەۋ، خال، بەل، بوي - تۇرق قاتارلىق دېتاللار يار ئوبرازىنى سۈرەتلەشتە گۈزەللىك گارمونىيە ئۆلچىمى بويىچە بىر - بىرىنى تولۇقلاپ، بىر - بىرىنى جۇلالاندۇرۇپ، گۈزەللىكتە يۈكسەكلىككە، كامالەتكە ئىگە قىلدى. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا تەسۋىرلىنىۋاتقان ئەنە ئاشۇ نازىنىنلارنىڭ دەريا سۈيىدەك دولقۇنلۇق، مەجنۇنتالدەك تال - تال، ئەنبەردەك خۇشبۇي، مامۇقتەك يۇمشاق، قاپقارا، پارقىراق چاچ تەسۋىرلىرى توغرىسىدا توختىلىشتىن ئاۋۋال ئۆرۈمە چاچنىڭ ئېتنىك مەنبەسى، ئېستېتىك ئۆلچىمى ۋە ئۇيغۇرلاردىكى چاچ قارىشى توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمەن.

## ئۆرۈمە چاچنىڭ ئېتنىك مەنبەسى، ئېستېتىك ئۆلچىمى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ چاچ قارىشى

بۈيۈك مەدەنىيەت ئوچاقلىرىدىن بىرى بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆزىنىڭ ئەۋزەل ئىقلىمى، جۇغراپىيىۋى شارائىتى بىلەن ئەزەلدىن تۈركىي مىللەتلەرنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا ماكانى بولۇپ كەلگەن. ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيا ئىنسان تۈركۈملىرىدىن ھاسىل بولغان قەدىمكى مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرنىڭ بىرى. تارىخ چاقىنىڭ توختاۋسىز ئالغا قاراپ سىلجىشى، جەمئىيەتنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىياتى ۋە دەۋرلەرنىڭ نۆۋەت بىلەن ئالمىشىپ تۇرۇشقا ئەگىشىپ،

www.uyghurkitap.com


بۇ بىپايان زېمىندا ياشىغۇچى تۈركىي مىللەتلەر، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىما-
ئىي ئىگىلىك ۋە ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشى داۋامىدا ئۇزاق، مۇشكۇل تارىخ مۇساپىلىرىنى
بېسىپ ئۆتۈپ، سانسىز مەدەنىيەت مىراسلىرىنى بۇ گۆھەر زېمىنغا تارىخنىڭ شاھىتى
سۈپىتىدە قالدۇرۇپ كەتتى. تارىخ بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزلۈك
ئېڭىدا ئويغىنىش بولۇپ، تارىخ بەتلىرىدىن ئۆز ئۆتمۈشىنى قايتىدىن ۋاراقلاشقا، ئۆز تەكتى
ۋە ئۆتمۈشتىكى بۈيۈك مەدەنىيىتى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە مۇۋەپپەق بولدى. شۇنىڭ بىلەن
يىراق ئىپتىدائىي جەمئىيەتلەردىن تا يېقىنقى دەۋرلەرگىچە ئەجدادلىرىمىز قالدۇرۇپ كەتكەن
تارىخىي مىراسلار، مەدەنىيەت دۇردانىلىرى ئارخېئولوگىيە خادىملىرى، مۇتەخەسسىسلەر،
ئالىملار تەرىپىدىن يىمىرىلمەس پاكىت سۈپىتىدە ئۆزىنىڭ شاھىتلىق رولىنى جارى قىلدۇ-
رۇپ، كەينى - كەينىدىن ئۆزىنى ئاشكارىلىماقتا. ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە تەئەللۇق تارىخىي
شاھىتلار ئىچىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرۈمە چاچ قويۇشىغا ئالاقىدار ماتېرىياللار ئارخېئولوگىيە
خادىملىرى تەرىپىدىن قېزىپ ئېلىنىدى. مەسىلەن، كروران قەدىمىي شەھىرىدىن تېپىلغان
جەسەتلەردىكى ئۇزۇن چاچ ۋە باشقا قېزىلما بۇيۇملاردىكى ھەيكەللەرنىڭ ئۆرۈمە چاچلىرى،
گۇيياڭ، ھۇن دەۋرلىرىدە خاتىرىلەنگەن تارىخىي ھۆججەتلەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى
ئەجدادلىرى بولغان گۇيياڭ، ھۇن دەۋرلىرىدىن تارتىپلا ئۇيغۇرلاردا ئۇزۇن چاچ قويۇش
ئادىتىنىڭ بارلىقىنى دەلىللەپ تۇرۇپتۇ. «كونا تاڭنامە» 199 - جىلد «تىبلار
تەزكىرىسى» دە: «... ئۇيغۇرلار ئۆرۈمە چاچ قوياتتى ...»①، «......ئۇيغۇرلاردا ئۆرۈمە
چاچ قويۇش ئادىتى بولغان...»② دېگەن بايانلار بار. يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان ئاپتونوم
رايونىمىز تەۋەسىدە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر داۋامىدا نۇرغۇن
قېزىلمىلار بايقىلىپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە چاچ مەدەنىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ماتېرىياللار،
يەنى ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچلىق جەسەتلەر ۋە ئۇزۇن چاچ قويغان ئادەملەرنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈل-
گەن بۇيۇملار، تاش ھەيكەللەر تارىخىي شاھىت سۈپىتىدە ئىسپاتلاندى، «فون. لىكوك تۇرپان-
دىن 3 -، 4 - ئەسىرگە ئائىت ۋۇخۇ بېگى ۋە ئايالىنىڭ رەسىمى بىلەن تۇمارچە قىلىپ
كۆمۈلگەن ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا ‹ئالپ ئارسلان سادپسۇن› دەپ يېزىلغان خەتنى تاپقان.»③
، «لىكوك چاچ پاسونلىرى ھەققىدە بىزنى كۆپلىگەن ئەينى زامان رەسىملىرى بىلەن تەمىنلەي-
دۇ.»④ بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەينى دەۋر چاچ مەدەنىيىتىگە، يەنى چاچ پاسونلىرىغا ئائىت
ماتېرىياللاردىن «يۇمۇلاق تۇگۈنچەك، ئېگىز تۇرمە چاچ، ئارچا شەكىللىك تۇرمە، يان
ماڭلاي، چېكە ماڭلاي، قويۇۋەتكەن كەسمە چاچ، گىجەك (بۇدۇر) چاچ، ئۆرۈمە چاچ، ئەشمە
(سالغان) چاچ قاتارلىقلار بولغان. چاچلارغا قىسقۇ، گۈل قىسقۇ، پىستان تاراق، گۈل
قاداق، گۈللۈك تاج، نوھۇل تاج قادالغان ۋە ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچقا تەڭگە - تىللا ئاسقۇلار
ئېسىشقان.»⑤ سۈرەتلەر بار. 11 - ئەسىردە ئۆتكەن بۈيۈك ئالىم مەھمۇد كاشغەرى ئۆزىنىڭ
«تۈركىي تىللار دىۋانى» دا چاچ ھەققىدە بەزى مەلۇماتلارنى خاتىرىلەپ قالدۇرغان. ئۇنىڭدا
ئاياللارنىڭ ئۆرۈمە چېچىنى «ɵrquq» ئاياللارنىڭ ئۆچكە چۇپۇرىدىن قىلىنغان ياسالما چېچىد-
نى «ɵŋik»، شۇنىڭدەك ئاياللارنىڭ چاچ سىلىشىنى، يەنى ئۆچكە چۇپۇرىدىن ياسالغان
ماڭلاي چاچ تاقىۋېلىشىنى «ɵŋiklǝndi» دەپ يازغان بولسا، قىزلارنىڭ چېچىنىڭ ئۆرۈمگە
كىرىشىنى «ɵrguqlǝndi» دەپ خاتىرىلىگەن. ھەم ئۇلانما چاچنى «ɵŋik yɵrgǝyǝk» دەپ

يازغان. بۇلاردىن بىز شۇنى بىلەلەيمىزكى، ئۇيغۇرلار ناھايىتى ئۇزۇن تارىخىي دەۋرلەردىن باشلاپلا ئۇزۇن چاچ قويۇشنى بىر خىل ئۆرپ - ئادەت سۈپىتىدە تونۇغان ھەم چاچلىرىنى ئۇزۇن قويۇپ چىرايلىق ئۆرۈۋالغان ياكى ھەر خىل پاسونلاردا تۈگۈۋالغان. لېكىن بۇ خىل ئۆرۈمە چاچ قويۇش، ئۇنى ھەرخىل پاسونلاردا ئۇزۇن ئۆرۈۋېلىش ئادىتىنىڭ قانداق مەدەنىيەت ھادىسىسىنىڭ تەسىر كۆرسىتىشىدىن بولغانلىقى ياكى دىنىي ئېتىقاد ئادىتىنىڭ مىللىي ئەنئەنە تۈسىدىن بولغانلىقى بىزگە ھازىرچە نامەلۇم ھەم بۇ ھەقتە ھېچقانداق يازما ھۆججەت قالدۇرۇلمىغان. ئەمما بىز ماقالە تېمىسىنىڭ ئېھتىياجى يۈزىسىدىن ماقالىمىزدا بۇ خىل ئۆرپ - ئادەت ھادىسىسىنىڭ دىنىي ئېتىقاد تۈسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى مەلۇم بايانلار ئارقىلىق كۆرسىتىپ ئۆتمەكچى.

ئۇيغۇر خوتۇن - قىزلىرىدىكى ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچ قويۇش ئەنئەنىسىنىڭ ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىشى يىراق قەدىمكى دەۋر مەدەنىيىتىنىڭ ئىزچىل داۋامى بولۇپ، ئاياللار گۈزەللىكىنىڭ روشەن بەلگىسى ۋە گۈزەللىك ئۆلچىمى. بۇ خىل ئۆرپ - ئادەت ئېستېتىك قاراش، مىللىي ئاڭ، مىللىي ئەنئەنە ۋە مىللىي ئالاھىدىلىك ئارقىلىق ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت مەزمۇنىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن. چاچنى ئاياللار گۈزەللىكىنىڭ ئېستېتىك مەنبەسى نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلغىنىمىزدا، ئېستېتىك سەزگۈ پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئېستېتىك ئاڭ شەكلىنىڭ باشلانغۇچ شەكلى ھېسابلىنىدۇ. ئېستېتىك ئاڭ سان - ساناقسىز ئېستېتىك سەزگۈ تەجرىبىلىرىنىڭ تارىخىي راۋاجىدا مەيدانغا كەلگەن ئېستېتىك چۈشەنچىلەرنىڭ يىغىندىسىدىن ئىبارەت. ئۇ ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەت تەرىپىدىن يارىتىلغان ۋە بەلگىلىنىدىغان ئومۇمىي ئىجتىمائىي ئاڭنىڭ بىر خىل شەكلى بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئېستېتىك ھېسسىياتى، ئېستېتىك ئىدىيىسى، ئېستېتىك قاراشلىرى ۋە ئېستېتىك باھا ئۆلچەملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر ئىچىدىكى ئىنساننىڭ رېئاللىقنى ئېستېتىك جەھەتتىن ئىگىلەش جەريانىدا مەيدانغا كەلگەن ۋە رېئاللىققا ئېستېتىك باھا بېرىشكە تەسىر كۆرسىتىدىغان بەلگىلىك ئېستېتىك تۇيغۇ، ئىدىيىۋى ھېسسىيات ۋە ئېستېتىك كۆز قاراشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. شۇنداق بولغان ئىكەن، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئاياللار گۈزەللىكىگە قويىدىغان ئۆلچەم ۋە تەلەپلىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى گۈزەللىك قارىشى، گۈزەللىك ئۆلچەملىرى ئېستېتىك ئاڭ، مىللىي پسىخىكا ۋە مىللىي ئالاھىدىلىك جەھەتلەردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئېستېتىك ئاڭدا ھېسسىيات بىلەن ھەقىقەت، چىنلىق بىلەن ياخشىلىق، ھېسسىي بىلىش بىلەن ئەقلىي بىلىش، ئوبيېكتىپ گۈزەللىك بىلەن گۈزەللىك چۈشەنچىسى تارىخىي يوسۇندا بىرلەشكەن بولىدۇ. ئۇيغۇرلاردا ئاياللار گۈزەللىكىگە قويۇلىدىغان تەلەپلەر ئىچىدە چاچنىڭ تۇتقان ئورنى ھەقىقەتەن يۇقىرى. دىنىي ئېتىقاد نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلغىنىمىزدا، چاچنىڭ ئۇيغۇرلاردا گۈزەل ۋە خاسىيەتلىك دەپ قارىلىشى ئېھتىمال ئىپتىدائىي جەمئىيەت ئانىمىزمى ۋە شامانىزمى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. ئانىمىزم دەۋرىدە ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ تەكتىنى ئۆسۈملۈك دەپ بىلگەچكە، ئۆسۈملۈكلەرنى ئۇلۇغلىغان، شۇڭىمۇ ئاياللار گۈزەللىكىنى تەسۋىرلىگەندە چاچلىرىنى سۈمبۇلغا، يۈزلىرىنى سەۋسەن گۈلىگە، قەددىنى شەمشادقا، قاشلىرىنى قىياققا ئوخشىتىپ سۈپەتلەيدۇ. ئۆسۈملۈك ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ئىنسانلار تۇرمۇشىدىكى ئىنتايىن مۇھىم نەرسىلەرنىڭ بىرى بولغان.

ئۇ ئىنسانلارنى ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلەپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۇلارنى تۇرار جاي، پاناھلىنىش بىلەن تەمىنلەش رولىنىمۇ ئوينىغان. تەبىئەتكە بولغان ساددا ئانىمىزملىق قاراش ئىنسانلار مېڭىسىدە تەبىئەتتىكى بارلىق نەرسىلەردە بىر خىل ئىلاھىي كۈچ بار، بۇ كۈچ شۇ خىل نەرسىلەرنى باشقۇرۇپ تۇرىدۇ، دەيدىغان تونۇشنى پەيدا قىلغان. ئىنسانلار مانا مۇشۇ خىل ئانىمىزمنىڭ تەسىرىدە ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆزىگە ئەڭ يېقىن بىلىپ، ئۇلارنى خاسىيەت ۋە ئۇلۇغلۇق نىشانىسى قىلغان ھەم ئۆز تەكتىنى ئۆسۈملۈكتىن كەلگەن، دەپ بىلگەن. شۇنىڭدەك ئۆسۈملۈك ئىنسانىيەتكە بەخت ئاتا قىلغۇچى سېھرىي كۈچ سۈپىتىدە ئۇلۇغلانغان. ئۇيغۇر ئەپسانە، رىۋايەت ۋە چۆچەكلىرىدىن بۇ خىل قاراشلارغا ئائىت نۇرغۇن بايانلارنى ئۇچرىتىمىز. ئالايلى، «ئوغۇزنامە» دە ئوغۇزخاقاننىڭ ئىككى ئايالىنىڭ بىرى كۆل ئوتتۇرىسىدا ئۆسكەن دەرەخ كاۋىكىدىن تۆرەلگەن گۈزەل قىز. بۆگۈخاننىڭ دەرەختىن تۇغۇلۇشى ۋە ئۇيغۇر چۆچەكلىرىدىكى يېتىم، بىچارە قىزلارغا دەرەخ باشپاناھ بولۇپ ئۇلارنى ئۆز قوينىغا ئېلىشى قاتارلىقلار. بۇ خىل ئانىمىزم ۋە شامانىزمغا ئالاقىدار بولغان دىنىي ئېتىقاد ئادەتلىرى تارىخىي دەۋرلەردىن بىرى ئۆزىنىڭ ساقىندىلىرىنى ئىزچىل ساقلاپ كەلمەكتە. شۇڭىمۇ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قەدىمىي دەرەخلەر، يالغۇز دەرەخلەرگە تاۋاپ قىلىش، ئۇلارنىڭ ئاستىدا دۇئا - تىلاۋەت قىلىش، قالايمىقان كەسمەسلىك، ئۇلارنى سۇغۇرۇشنى چوڭ ساۋاپ دەپ بىلىش، ياغاچ ئۇششاقلىرىنى نان ئورنىدا كۆرۈپ دەسسىمەسلىك، ئۆسۈملۈك، مېۋىلىك دەرەخ تۆۋىگە يۇندا تۆكمەسلىك، چوڭ - كىچىك تەرەت قىلماسلىق ۋە ئۇنى چەكلەش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئانىمىزمنىڭ تەسىرى بولۇپ، بۈگۈنكى تۇرمۇشىمىزدىمۇ ئۇنىڭ ساقىندىلىرى ھېلىھەم ساقلىنىپ كەلمەكتە. بىزنىڭ بۇ يەردە بۇلارنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشىمىزدىكى سەۋەب، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى دىنىي ئېتىقادى بولغان ئانىمىزم، شامانىزم دەۋرلىرىدە ئۆسۈملۈكلەرنى ئۇلۇغلاش بىلەن بىرگە ئۇرۇقداشلىق دەۋرلىرىدە ئانىلارنىمۇ ئۇلۇغ، خاسىيەتلىك بىلگەن. كۆك تەڭرىسى بىلەن يەر تەڭرىسى ئوتتۇرىسىدا ياشىغۇچى بەخت - سائادەت ۋە خاسىيەتلىك نىشانىسى بولغان «ئوماي» دەل ئايال جىنسىنىڭ ئۇلۇغلىنىشىنىڭ دەلىلىدۇر. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىمۇ بۇ ھەقتە «ئەشكە (ئومايغا) تېۋىنسا، ئوغۇل تاپۇر» دېگەن ماقال بار. ئۇرۇقداشلىق دەۋرلىرىدە ئانىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشتا تۇتقان ئورنى ھەممىدىن مۇھىم ۋە ئالاھىدە بولغاچقا، ئاياللارنىڭ ئۇلۇغلۇقى، ئانىلاردىكى گۈزەللىك، خاسىيەت، لاتاپەت ئەپسانىلەشتۈرۈپ خەلق ئارىسىدا ھەرخىل ئەپسانە، رىۋايەت تۈسىنى ئالغان ھەم چۆچەكلەر پەيدا بولۇپ ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ تارقالغان. بۇ ئارقىلىق بىز ئۆسۈملۈك بىلەن ئانىلارنىڭ ئۇلۇغلىنىشى ئەمەلىيەتتە، ئانىمىزم ۋە شامانىزم دىنىي قارىشى بويىچە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئىنسانلارنى پەيدا قىلىشى، ئانىلارنىڭمۇ كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ بارلىققا كەلتۈرگۈچىسى ئىكەنلىكى بىلەن باغلاشقا ھەقلىقمىز. شۇ سەۋەبتىن ئاياللاردىكى لاتاپەت، گۈزەللىك، خاسىيەت ئۆسۈملۈكلەر بىلەن باغلانغان.

ئەنئەنىمىز بويىچە ئاياللارنىڭ چېچى ھەم ئۇزۇن، ھەم كۆپ بولىدۇ، چاچنىڭ توختاۋسىز ئۆسۈپ بېرىشى خۇددى ئۆسۈملۈكلەرگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بۇ تەبىئىي يوسۇندا كىشىلەرنى چاچنى ئۆسۈملۈكلەرنى ئۇلۇغلىغاندەك ئۇلۇغلاش، ئاسراش، خاسىيەتلىك دەپ بىلىشكە ئېلىپ بارغان. بۇ قاراشلارنى بىز ئىپتىدائىي جەمئىيەت ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقى-

رىشىنىڭ مەسۇلى بولغان ئەپسانە، رىۋايەت ۋە چۆچەكلەردىن كۆرۈۋپ ئالالايمىز. مەسىلەن: يازما ئەدەبىياتنىڭ سۆت ئانىسى بولغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئاق چاچلىق مومايلار، هۆر پەرىلەر مۇشكۇلات ۋە قىيىنچىلىقتا يولۇققان ئاق كۆڭۈل كىشىلەرگە، مەردانە يىگىتلەرگە ئۆز چېچىدىن بېرىپ، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنى مۇشكۇلات ۋە خەتەردىن قۇتۇلدۇرىدۇ. ئىپتىدائىي ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى ئايال جىنسىنىڭ ئۇلۇغلىنىشى، ئاياللارغا خاسىيەت، سېھرى كۈچ بېرىش نەتىجىسىدە ئۇلارنىڭ چاچلىرىمۇ خاسىيەت ۋە مۇقەددەس دەپ تونۇلغان. ئاياللاردا ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچ قويۇش، ئۇنى چىرايلىق قىلىپ هەرخىل شەكىللەردە ئۆرۈۋېلىش ئەنە شۇنداق ئۇزاق مەدەنىيەت ئەنئەنىسى تەسىرىدە، يەنى ئانىمىزم، شامانىزم ۋە تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى تەسىرىدە بارلىققا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. چاچنىڭ خاسىيەت، سېھرى كۈچكە ئىگە دەپ قارىلىشى ئۆز نۆۋىتىدە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا چاچقا نىسبەتەن «تابۇ» (پەرھىز) چۈشەنچىسىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن. شۇڭا ئۇلار (ئاياللار) ئۇزۇن چاچلىرىنى كېسىشنى ناهايىتىمۇ ئېغىر ئالىدۇ. ئەرلىرى چاچ چۈشۈرگەندە چاچلىرىنى قالايمىقان ئەخلەتلەرگە تاشلىماي كۆمۈپ قويىدۇ. ئاياللار باش يۇغاندا چۈشۈپ كەتكەن چاچلىرىنى تۈگۈنچەكلەپ دەسسەلمەيدىغان تام تۆشۈكلىرىگە تىقىپ قويىدۇ ياكى ئۆسۈملۈكلەر ئاستىغا كۆمۈپ قويىدۇ. چاچنى كۆيدۈرۈشنى چەكلەيدۇ. «چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكىدە چىن تۆمۈر باتۇر سەپەرگە چىقىش ئالدىدا سىڭلىسى مەختۇمسۇلاغا دەريا بويىدا چاچ يۇماسلىق توغرىسىدا بىرنەچچە تۈرلۈك پەرھىزنى تاپىلايدۇ. لېكىن مەختۇمسۇلا ئاكىسىنىڭ تاپىلىشىغا قۇلاق سالماي بۇ تابۇنى بۇزغانلىقتىن ئۇنىڭ دەرياغا چۈشكەن بىر تال چېچى ئۇنىڭغا مۇشكۇلاتلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى بۇ خىل «تابۇ» قارىشىنىڭ ساقىندىلىرى هېلىهەم تۇرمۇشىمىزدا ساقلانماقتا. قىسقىسى، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ چاچ هەققىدىكى قاراشلىرى، چاچ مەدەنىيىتى هەقىقەتەن ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردىكى ئانىمىزم، شامانىزم دەۋرلىرىدە باشلانغان بولۇپ، ئۆزگىچىلىككە ئىگە بىر خىل مەدەنىيەت هادىسىسىنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرىنىڭ گۈزەللىك قاراشلىرى ۋە تونۇشىدا چاچنىڭ رولى، گۈزەللىك ئۆلچەملىرىدە تۇتقان ئورنى ئىنتايىن يۇقىرى بولغان.

## ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا گۈزەل يار ئوبرازىنىڭ چاچ تەسۋىرى ئارقىلىق يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈلۈشى

بىز كلاسسىك مەدەنىيەت دۇردانىلىرىمىزنى ۋاراقلاپ كۆرىدىغان بولساق، ئۇنىڭدا تەسۋىرلىنىۋاتقان پەرىزاتلار، نازىنىنلار، ئومۇمەن گۈزەل يار ئوبرازى ئىنتايىن نەپىس تەسۋىرلەر ئارقىلىق يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈلىدۇ. بۇ نەپىس تەسۋىرلەر ئىچىدە، چاچ گۈزەل يار ئوبرازىنىڭ گۈزەللىكىنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈشتە، ئۇنىڭغا سېھرى كۈچ، خاسىيەت ئاتا قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. بۇ دەل ئىپتىدائىي ئېتىقاد ئادەتلىرىنىڭ كلاسسىك يازما ئەدەبىياتقا بولغان تەسىرى. ئىپتىدائىي دەۋرلەردە ئوبيېكتىپ ماددىي دۇنيادىكى گۈزەللىكنىڭ مەۋجۇتلۇقى، گۈزەللىكنىڭ ئومۇمىيلىقى ۋە ئۇنىڭ ئوبيېكتىپ ماهىيىتى هەممە كىشى تەرىپىدىن بىردەك ئېتىراپ قىلىنىپ كەتمىگەن. شۇڭىمۇ ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئۆز

سەزگۈسى ۋە ئۆز ئىچىدا ئۆزلىرى ئۈچۈن مەنپەئەت يەتكۈزۈۋاتقان نەرسىلەرنى گۈزەل، خاسىيەتلىك دەپ بىلگەچكە، ئۇنىڭدىن سۆيۈنۈش، ھوزۇرلىنىش ۋە ئۇنى ئۇلۇغلاش نۇقتىسىدىن گۈزەل دەپ تونىغان. ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئاشۇ ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردىكى مەدەنىيىتى ۋە دىنىي ئېتىقادلىرىدا چاچنىڭ خاسىيىتى، سېھرى كۈچى، ئۇلۇغلىنىشى تەدرىجى ھالدا ئېغىز ئەدەبىياتى ئارقىلىق يازما ئەدەبىياتقا كۆچۈپ، ئېستېتىك ئۆلچەملەرنى تەشكىل قىلغۇچى گارمونىيىنىڭ بىر چىشىغا ئايلانغان. قەدىمكى ئېپوس (ئوغۇزنامە) تا تەسۋىرلىنىۋاتقان ئوغۇزنىڭ ئىككى ئايالىنىڭ بىرى، يەنى كۆل ئوتتۇرىسىدىكى، دەرەخ كاۋىكىدىكى گۈزەل قىز، ئۇنىڭ دەريا سۈيىدەك سۇمبۇل چېچى ئوغۇزنىڭ ھوشىنى يوقىتىپ بىھوش قىلىدۇ، دەرەخ كاۋىكىدىكى گۈزەل قىز ۋە ئۇنىڭ دەريا سۈيىدەك سۇمبۇل چېچى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى بىزگە مەلۇم بولغان ئەڭ دەسلەپكى چاچ ھەققىدىكى گۈزەل، پاساھەتلىك تەسۋىر بولۇپ، چاچنىڭ ئاياللار گۈزەللىكىدە ھەقىقىي بىر گۈزەل ئۆلچەمگە كۆتۈرۈلگەنلىكىنىڭ روشەن ئىسپاتى. بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى يازما يادىكارلىقلاردا چاچ گۈزەللىكى، ئۇنىڭ سۈپەتلىرى توغرىسىدا ھېچقانداق مەلۇمات يوق، بىراق چاچنىڭ گۈزەللىك ئۆلچىمى قىلىنىپ رەسمىي يازمىلارغا ئېلىنىپ خاتىرىلەپ قويۇلغان ماتېرىياللاردىن بىزگە مەلۇم بولغىنى پەقەت «ئوغۇزنامە» دىن ئىبارەت، خالاس. ئۇنىڭدىن باشقا مىڭئۆي تام رەسىملىرىدىكى ئايال مەبۇدە ۋە باشقا رەسىملەردىكى چاچ پاسونلىرىدىن چاچنىڭ گۈزەللىك قاراشلىرىنىڭ ئۆلچىمى قىلىنىدىغانلىقىنى ھېس قىلالايمىز. ئېستېتىك ئاڭ تېخىمۇ كۆپ ئىجتىمائىيلىقتا، تارىخىيلىقتا، نىسبىيلىككە ۋە سۇبيېكتىپلىقتا ئىگە. ئۇ ئېستېتىك سەزگۈدىن پەرقلىق ھالدا بەلگىلىك دەۋر، سىنىپ ۋە گۇرۇھنىڭ تارىخىنى، مۇقەررەر تەلەپلىرىنى، ئېستېتىك روھىنى، دۇنيا قارىشىنى، ئىجتىمائىي مەنپەئىتىنى ۋە گۈزەللىك غايىسىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇ بىر تەرەپتىن، تارىخ ۋە رېئال شەيئى، ھادىسىلەردە ئىزچىل گەۋدىلەنگەن گۈزەللىكنىڭ ئوبيېكتىپ خاراكتېرىنى ئەكس ئەتتۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ھەرقايسى دەۋرلەر ۋە سىنىپلارنىڭ ئېستېتىك روھىنى، سۇبيېكتىپ كۆز قاراشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. كلاسسىك ئەسەرلىرىمىزدە ئەكس ئېتىۋاتقان چاچ گۈزەللىكى قانداقتۇر مۇنداقلا تەسۋىرلەپ قويۇلۇۋاتقان گۈزەللىك بولماستىن بەلگىلىك ئىجتىمائىي ئاساسقا ۋە تارىخىي باغلىنىشلارغا ئىگە. ئىجتىمائىي ئاساس — ئىپتىدائىي ئېتىقاد ئادەتلىرى بولسا، تارىخىي باغلىنىش — بوستان مەدەنىيىتى بىلەن يايلاق مەدەنىيىتى بىر گەۋدە قىلىنغان ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنى ياراتقان ئۇيغۇر ئەجدادلىرى بىلەن جۇغراپىيىۋى مۇھىتنىڭ ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش بىلەن تەسىرنى قوبۇل قىلىش مۇناسىۋىتىدىن ئايرىلمايدۇ، ئەلۋەتتە. شۇڭا، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەسەرلىرىگە نەزەر سالىدىغان بولساق ئاياللارنىڭ چاچ تەسۋىرلىرىدە «سۇمبۇل»، «بوستان» سۆزلىرى بىلەن سۈپەتلىنىشى ئەڭ كۆپ ۋە ئالاھىدە. بۇ بىزنى ئۇيغا سالىدۇ ھەم زادى نېمە ئۈچۈن ئاشۇ خىل سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىنىدىغانلىقى ئۈستىدە ئىزدىنىپ بېقىشقا ئۈندەيدۇ. «سۇمبۇل» ئەرەبچە سۆز بولۇپ، ئۇ بىر خىل خۇشبۇي قارا رەڭلىك ئۆسۈملۈك. «بوستان» پارسچە سۆز بولۇپ، «باغ»، «گۈلزار»، «چىمەن» دېگەن مەنىدە. دېمەك، بۇ چاچ تەسۋىرىدىكى بۇ خىل سۈپەتلەرنىڭ مۇئەييەن بىر خىل باغلىنىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. بىز ئۇيغۇر كلاسسىك ئەسەرلىرىدىكى چاچ ھەققىدىكى بايانلاردىن چاچنىڭ ئېتىقاد ۋە گۈزەللىك نۇقتىسىدا

ئۇتقان ئورنى، شۇنىڭدەك ئاياللار گۈزەللىكىنىڭ يۈكسەك ئۆلچىمى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەسەرلىرىدىكى چاچ تەسۋىرى ھەقىقەتەن بەلگىلىك بىر بەدىئىي سەۋىيە ياراتقان. بىز بۇ ئەسەرلەرنى بىرقانچە نۇقتىلار ئارقىلىق كۆرۈپ ئۆتىمىز.

## 1. چاچ — گۈزەل يار ئوبرازىنىڭ يۈكسەك پەللىسى

ئىنسان گۈزەللىككە مۇھتاج. ھاياتنىڭ ئۆزى گۈزەللىك. ئۇنداق ئىكەن، گۈزەللىكنى سۆيمەيدىغان ئىنسان مەۋجۇت ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئۇيغۇرلارنىڭ ئېستېتىك قارىشى شۈبھىسىزكى، ئېستېتىك چۈشەنچە، مىللىي ئاڭ ۋە مىللىي پسىخىكا بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئېستېتىك چۈشەنچە ئوبيېكتىپ گۈزەللىكنىڭ ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئىنسان ئېڭىدىكى ئىنكاسى. ئۇنىڭ قانداق مۇرەككەپ ۋە كۆپ خىل بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، يەنىلا گۈزەللىكنى جەزملەشتۈرىدۇ. ئىنساننىڭ رېئاللىق بىلەن بولغان ئېستېتىك مۇناسىۋىتىنىڭ ماھىيىتى ۋە تارىخىي راۋاجىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بوستان مەدەنىيىتى بىلەن يايلاق مەدەنىيىتى بىر گەۋدە قىلىنغان مۇنبەت تۇپراقلىق بۇ گۆھەر زېمىن ئۆزىنىڭ گۈزەل تاغ - دەريا، بوستانلىرى بىلەن ئەجدادلىرىمىز قەلبىگە گۈزەللىك تۇيغۇلىرى بىلەن رەڭ بەرگەن ھەم سۆيگۈ، مۇھەببەت، ۋاپا، ساداقەت ئۇرۇقىنى چاچقان. شۇڭا، ئەجدادلار نەزىرىدە سۆيگۈ ئوتىنى ياققۇچى يار ئەنە شۇ گۈزەل زېمىندا ئۆزلىرى ئەڭ گۈزەل، خاسىيەتلىك دەپ بىلگەن نەرسىلەر بىلەن سۈپەتلەنگەن. شۇڭا، سۇمبۇل چاچلىرى بىلەن يىگىتلەرنىڭ ھوشىنى ئېلىپ بىھوش قىلىدۇ. گۈل يۈزلۈك پەرىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئۇزۇن سۇمبۇل چاچلىرى بىلەن يىگىتلەرنى ئىشق ئوتىغا باغلايدۇ. ئىشق ئازابلىرىغا سۆرەپ كىرىپ ۋىسال ھىجرانلىرىدا ئۆرتەندۈرىدۇ. مەسىلەن:

*گۈل پەرى كويىدا مەن دىۋانەنى بەند ئەيلەگىنىز،*
*بەند - بەندىم زۇلفى زەنجىرىغە پەيۋەند ئەيلەگىنىز.⑥*

*زۇلفىدا زار كۆڭۈل رەنجى نېتالىڭ،⑦*
*خەستەغە كۆپرەك ئولۇر كېچە تەئەب.*

چاچ — گۈل چېھرىلەرنىڭ زىيالىقى، نازىنىن لاتاپىتىگە گۈزەللىك بەخش ئەتكۈچى، يار گۈزەللىكىنى كامالەتكە يەتكۈزگۈچى. ئۇنىڭ گۈزەللىكى، خۇشبۇيى ھىدى ئاشىق يىگىت ئالدىدا تەڭداشسىزدۇر. قىزىل گۈل، سەۋسەن گۈللىرىمۇ ئۇنىڭغا يېتەلمەيدۇ. مەسىلەن:

*لەبلەرىڭدۇر شەھدۇشەكەر، تىشلەرىڭ دۇررى خۇشاب،*
*ئىككى زۇلفۇڭ سايەسىغە ئاي يۈزۈڭدۇر ئافتاب.*
*بەزمىمە كىرگىل سەن، ئەي گۈلچېھرەئى ئالىي جەناب،*

كۆز ياشىمدىن بار شەرابىم، بار يۈرەكىمدىن كەباب،
ئاتلانۇر بولساڭ قىلاي كۆزۈم چەناقىنى رىكاب.⑧

گۈل بىلەن سەۋسەن كىرەكمەستۇر ماڭا، ئەي باغبان،
زۈلفى سۇمبۇل ئەتىرلىق رۇخسار گۈلفامىم كېرەك.⑨

چاچنىڭ ئەتىر، ئەنبەر پۇراقلىرىنى چېچىپ تۇرغان خۇشبۇيى ھىدى ئاشىقنى ئىختىيارسىز مەست قىلسا، مەجنۇنتالدەك تال - تال چاچلار ئۇنى ئىشق ئوتىدا ھەر كويلارغا سالىدۇ. سۇمبۇل چاچ ۋەسلىدە سەۋدالىقتا مەجنۇن بولىدۇ. مەسىلەن:

ساچىڭ رەڭگى ئېسىمدىنكىم دىماغىم بولدى ئاشۇفتە،
بۇ سەۋدادىنمۇ ئېرىكمەن، يوقسە گۇل نە ھىكمەتدىن ئېرىكىنمۇ؟⑩
يەنى نې قەد جىلۋە قىلدىڭكىم، دېمەكدىن لال مەن،
يەنە قايسى زۈلف ئاچىلدىڭكىم، پەرىشان ھالمەن.⑪

قوينىدا ئەففى، نې مۇمكىن كۆزگە ئۇيقۇ كىرگەلى،
گۈلكى ھەر كۈن ياد ئېتەر بىر زۈلفىنىڭ پېچۇخەمىن.⑫

گۈزەلنىڭ تولۇن ئايدەك گۈل چېھرىسى ئىشقىدا تولغىنىۋاتقان ئاشىق، يارنىڭ قاپقارا سۇمبۇل چاچلىرىنى بىر يېپىشى بىلەن يورۇق كۈنى قارا تۈنگە ئۆزگىرىدۇ. مەسىلەن:

يايىپ زۈلفىنى تاخۇيلۇغ ئۇزارىن ئەيلەدى پىنھان،
مەنى بىدىلغە تاڭ يوق ھەجر شامى بولسە ئەختەرسىز.⑬

گۆرۈم چاچلىرىنى يايغىنىدا ئاشىقنىڭ ئەقلى لال بولۇپ،
گۈزەلنىڭ چېچى ئارقان ياكى زۇننار يېپى ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلمەي
قالىدۇ.
مەسىلەن:
كەمەند زۈلفى ئاچىلغاچ، ئۇچتى ئىمانىم،
رەسەنمۇ، رىشتەگى زۇننارمۇ ئىكىن، ئايا؟ ⑭

گۈزەلنىڭ تال - تال چاچلىرى ۋەسلىدە ھەتتا سەۋدالىقتىن ئىمانىنىمۇ يوقىتىپ قويىدۇ.
مەسىلەن:
زاھىدى كىم كۆردى زۈلفۈڭ كۇفرىن ئىماندىن كېچىپ،
بويىندا تەسبىھىنى بىلىكە زۇننار ئەيلىدى.⑮

جاھان ئەھلى گۈل چېھرىلەرنىڭ چېچىنى كۆرگىنىدە ھالاك ـ تائىلىقتىن خۇددى يىلاننى كۆرگەن قۇشلاردەك چۇرقىراپ كېتىدۇ. مەسىلەن:

*كۆڭۈللەر ئالەسى زۇلفىڭ كەمەندىن ناگەھان كۆرگەچ،*
*كېبرۇر ئانداقكى قۇشلەر قىچقىرىشقايلا يىلان كۆرگەچ.⑯*

شامال يارنىڭ سۇمبۇل چاچلىرىنى يېنىك يەلپۈگەندە جاھان ئەھلى مەھلىيالىقتىن ئۆزىنى تارتالمايدۇ. مەسىلەن:

*ئانداق ئاچتى سۇمبۇلىن گۈل ئۈزرە يەلكىم، بولماغاي،*
*بىر كۆڭۈل ئالەمدە گۈل زۇلفى پەرىشاندىن خەلاس.⑰⑱*

كلاسسىكلىرىمىزنىڭ يۈكسەك ماھارەت، پىشقان قەلىمى بىلەن تەسۋىرلىنىۋاتقان گۈل يۈزلۈك پەرىلەرنىڭ سۇمبۇل چاچلىرى ئاياللار گۈزەللىكىنىڭ مۇجەسسەملىنىشى، مىللىي مەدەنىيەتتىكى ئېستېتىك ئاڭنىڭ روشەن ئىپادىسى، گۈزەللىكنىڭ يۈكسەك پەللىگە كۆتۈرۈلۈشى. مىللىي مەدەنىيەت كاتېگورىيىسىگە تەۋە بولغان چاچ ۋە ئۇنىڭ گۈزەللىك ئۆلچىمى، سۈپىتى مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزدا ئاجايىپ بىر گۈزەل بەدىئىي سەۋىيە ياراتقان ھەم بىر يېڭى سەھىپە ئاچقان. مىللىي خاسلىق، ئۆزگىچىلىك جۇلالىنىپ تۇرغان مەدەنىيەت ئاشۇ كلاسسىكلىرىمىز ئەسەرلىرىدە ھەقىقىي بىر گۈزەللىك سىماسىنى نامايەن قىلىدۇ. «ئوغۇزنامە» دىن تارتىپ يېقىنقى زامانلارغىچە بولغان تارىخىي دەۋر ئۆزىنىڭ بۈيۈك نامايەندىلىرى ئارقىلىق ئۆلمەس مەدەنىيەت دۇردانىلىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. ئۇلار مىللىي مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئالغا سىلجىتىپ، ئېستېتىك قاراشلاردا چوڭقۇرلاش، تاكامۇللىشىشنى ئالغا سۈردى. بۇ گۈزەل سەھىپە، گۈزەل تەسۋىرلەردىكى يار (مەھبۇب)، ئۇنىڭ ئايدەك جامالى، سۇمبۇل چېچى، ئەۋرىشىم، نازۇك بەللىرى ئاشىقنى مەجنۇنغا ئايلاندۇرىدۇ. پەرۋانە كەبى ئوتتا كۆيدۈرۈپ ھالاك قىلىدۇ. مانا بۇ ئېستېتىكىدىكى شەكىل گۈزەللىكى بىلەن مەزمۇن گۈزەللىكىنىڭ قاتلاملار بويىچە بەدىئىي گۈزەللىك سەۋىيەسىنى يارىتىشىدۇر. شەكىل گۈزەللىكى بىلەن مەزمۇن گۈزەللىكى بىر گەۋدە قىلىنغان چاچ تەسۋىرىدە يار گۈزەللىكى ھەقىقىي كامالەتكە يەتكەن. گۈزەل يارنىڭ گۈل چېھرىسى ئاتەشتەك يېنىپ ئاشىقنى پەرۋانىدەك ئۆزىگە تارتسا، كىرپىكلىرى ئىشىق ئوقىنى ئېتىپ يۈرىكىنى زېدە قىلىدۇ. ئۆرۈمە چاچلىرى بوينىغا سالما بولۇپ چۈشىدۇ ھەم زەنجىر بولۇپ ئوراپ ئالىدۇ. بۇنىڭدىن قۇتۇلۇش بەسى مۈشكۈل، ئۇ گاھ يار چېھرىنى ياپسا، گاھ شامالدا تولغىنىپ جاھان ئەھلىنى تولغاندۇرىدۇ. گاھ خۇش ھىدلىرىنى تارقىتىپ ئالەمگە خۇشاللىق ئاتا قىلسا، گاھ توزاق قۇرۇپ، جاھان ئەھلىنى توزاققا چۈشۈرىدۇ. چاچنىڭ بۇ خىل گۈزەل سۈپەتلىرى يارنى گۈزەللىك ئالەمىدە تەڭداشسىز ئورۇنغا چىقىرىدۇ.

## 2. چاچ ـــ خاسىيەت ۋە سىھرى كۈچنىڭ مەنبەسى

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا تەسۋىرلىنىۋاتقان يار ئوبرازىدىكى چاچ ـــ گۈزەللىكنىڭ يۈكسەك پەللىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى خاسىيەت ۋە سىھرى كۈچنىڭمۇ مۇجەسسەملىنىشىدۇر. ئىپتىدائىي ئەجدادلارنىڭ ئانىمىزملىق دىنىي ئېتىقادلىرىدا چاچنى خاسىيەتلىك دەپ ئۇلۇغلايدىغان بولغاچقا، كېيىن بارا ـ بارا مۇشۇ خىل دىنىي قاراش تۈرتكىسىدە چاچقا ھەرخىل سىھرى كۈچ، خاسىيەتلىك كارامەتلەر يۈكلىنىپ ئەپسانىلەشتۈرۈلۈپ چاچنىڭ خاسىيىتىنى تېخىمۇ كۈچلۈك نامايەن قىلىدۇ. مەسىلەن: «تاھىر ـ زۆھرە» داستانىدا، تاھىر ساندۇققا بەند قىلىنىپ دەرياغا تاشلىنىدۇ. ساندۇق رۇم شەھىرىگە كەلگەندە، رۇم پادىشاھىنىڭ دەريا بويىدا سەيلە قىلىپ ئويناۋاتقان ئۈچ قىزى ساندۇقنى كۆرۈپ، ئۇنى سۈزۈپ چىقماقچى بولىدۇ. ئۈچ مەلىكىنىڭ ھەربىرىنىڭ 40 غۇلاچلىق تۇم ئۆرۈمە چېچى بولۇپ، ئۇلار نۆۋەت بىلەن دەرياغا سالما قىلىپ تاشلايدۇ. چوڭ مەلىكە لەيلۇۋەش تاشلايدۇ، ئىلىنمايدۇ. ئوتتۇرانچى مەلىكە خەيرۇۋەش تاشلايدۇ، ئىلىنمايدۇ. كىچىك مەلىكە سۇلتان بۇۋىچە تاشلايدۇ، ساندۇق چاچقا ئىلىنىپ تاھىرنى سۈزۈپ چىقىدۇ. بۇنىڭدا چاچنىڭ خاسىيىتى ئەپسانىلەشتۈرۈلگەن. كلاسسىك ئەسەرلىرىمىزدە يارنىڭ قاپقارا چاچلىرىنىڭ پارقىراقلىقى، سۇمبۇلدەك تال ـ تال چېچىلىپ تۇرۇشى، يۇمشاقلىقى، ئۆرۈمە چاچلىرىنىڭ تۇم ھەم ئۇزۇنلۇقى ئاشىقنىڭ ئەقلىنى لال قىلسا، ئۇنىڭ خاسىيىتى، سىھرى كۈچى بىردە ئىشق ئوتىدا يۈرىكى زېدە بولغان سۇنۇق دىللارغا خۇشاللىق ئاتا قىلىدۇ. بىردە ئەجدىھاغا ئايلىنىدۇ. يىلاندەك تولغىنىپ ئاشىقنى چىرماپ ھالاك قىلىدۇ. مەسىلەن:

*قاۋماغىل كۆڭلۈمنى زۇلفۇڭ ئىچرە ئارام ئەيلەگەچ،*
*قۇشنى كىم ئازات ئېتىپتۇر بەستەئى دام ئەيلەگەچ. ⑱*

*جانىمنى ھەدەف ئەيلەپ، كىرپىكلەرى سەف ئەيلەپ،*
*غەمزە ئوقىن ئاتماقغە قاشىنى كەمان ئەتمىش.*
*مەن بىدىل ھەيرانغە ھەم كۆزلەرى كىرپيانغە،*
*چىرماشماق ئۈچۈن جانغە زۇلفىنى يىلان ئەتمىش. ⑲*

ھىجران ئازابلىرىدا ۋىسال شارابىنى ئىچىشكە مۇيەسسەر بولالماي قەددى پۈكۈلگەن قەلبلەرگە يارنىڭ سۇمبۇل چاچلىرىنىڭ تارى بىر چېكىلىشى بىلەن پۈكۈلگەن گەۋدىلەر تۈزلىنىدۇ ياكى چاچ ۋىسالىدا قەددى بەئەينى «دال»غا ئوخشاپ قالىدۇ. مەسىلەن:

*مەگەر كىم زۇلفىنى چەكسەم تۈز ئولغاي،*
*يوق ئېرسە بولماس ئانچە پېچۇخەم تۈز. ⑳*

*جىسمىم ئەندۇھ ئىچرە دەرد ئاستىدا قالمىش نى ئەجەپ؟*

*ئەگمە قەد بىرلە ئەگەر زۇلفۇڭ غەمسىدىن «دال» مەن.*[21]

گۈزەل يارنى سۆيگەن، ئۇنىڭ چاچلىرىنى دوست تۇتۇپ ئۇلۇغلىغان ئاشىقنى يىلانمۇ چېقىشتىن ئەيمىنىدۇ. مەسىلەن:

*خىجالەتتە قالۇر يۈزۈڭنى كۆرسە يۈسۈفى كەنئان،*
*سېنىڭدەك كۆرمەدى ھۆسن ئەھلى ئىچرە بىر ماھى تابان،*
*قىلىپدۇر ئاشكارە قۇدرەتىنى ھەزرەتى سۇبھان،*
*نىگىنىم مەخلۇقدۇرۇر ھۆسنۈڭگە دوستدۇر، ئەي شەھى دەۋران،*
*يىلان ھەرگىز سېنى زۇلفۇڭنى دوست تۇتقاننى چاقماستۇر.*[22]

چاچ قاغجىرىغان كۆڭۈل بوستانلىرىنى ۋىسال سۈيى بىلەن سۇغارغۇچى، تەشۋىشلىك كۆڭۈللەرگە ئارام بەخش ئەتكۈچى. مەسىلەن:

*كۆزۈڭ نەرگىس، ئۈزارىڭ گۈل، قەدىڭ سەرۋ، ساچىڭ سۈمبۈل،*
*بۇزۇغ كۆڭلۈم خەيالىدىن بۇلارىڭ تۇرفە باغ گۇلمىش.*[23]

چاچ شامالدا دولقۇنلىنىپ جاھان ئەھلىگە خۇش پۇراق تارقىتىپ، ئالەمگە خۇشاللىق ئاتا قىلىپ، خۇش پۇراقلىرىدىن ھەتتا جاھان ئەھلىنى مەستخۇش قىلىدۇ. مەسىلەن:

*ئالەم ئارا بىر كىشى تېلبەرەمەي قالماغاي،*
*بۇيلەكى يەتكەچ نەسىم زۇلفۇڭ ئارا بۇترامىش.*[24]

چاچ — ئىپار، ئەنبەر پۇراقلىرىنى گۇپۇلدەپ تارقىتىپ تۇرۇش خاسىيىتىگە ئىگە. مەسىلەن:

*چۇن مەسەل بولدى ساچىڭ زۇلم ئىچرە ياشۇرماق نى سۇد،*
*مۇشك ئىسمىن ياشۇرسە بولماس، بۇ مەسەل مەشھۇر ئېرۇر.*[25]

گۈزەل يارنىڭ سۇمبۇل چېچى يۇقىرىقىدەك خاسىيەتكە مۇيەسسەر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى سېھرى كۈچكىمۇ ئىگىدۇر. گۈل چېھرىلەر، لاتاپەتلىك ئەۋرىشىم بەللەر، جۈملىدىن گۈزەللىك بابىدا تەڭداشسىز نازىنىنلارنىڭ سۇمبۇل چاچلىرى سېھىرلىك بىلەن يۇغۇرۇلغان. كلاسسىك ئەسەرلەردە نازىنىنلارنىڭ چېچى ئەجدىھاغا ئايلىنىپ ئىشق يولىدىكى ئەجدىھالارنى چۇمۇلىگە ئايلاندۇرالايدۇ. مەسىلەن:

*ئەجەب كۆر، ئىشق ئاراكىنىم مور ئېتەرگە ئەژدەھالارنى،*

*پۇسۇندىن مويى خەتلەر قەيد زۇلپىن ئەژدەھا قىلمىش.(26)*

چاچتىكى سېھرىي كۈچ ئاشىقنى سېھىرلەپ، ھەتتا ئۇنىڭ ئىمانىنىمۇ يوقىتىشقا سەۋەب بولىدۇ. مەسىلەن:

*ئەگەر بۇدۇر كاپىر كۆزۈ زۇننار زۇلپى، ئەي پەقىھ،*
*بولغۇدەكمەن دەير ئارا مەستى پەرىشان ئاقىبەت.(27)*

يارنىڭ ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچلىرىنىڭ سېھرىي كۈچىدىن ھەرقانچە باغرى قاتتىق، تاش يۈرەكلەرمۇ خۇددى سىمابتەك ئېرىپ كېتىدۇ. مەسىلەن:

*قاچانكىم زۇلپى مۇشكىنىڭنى سەن ھەر تاب ئەيلەرسەن،*
*يۈرەكلەر تاش ئەگەر بولسۇن ئانى سىماب ئەيلەرسەن.(28)*

يارنىڭ سۇمبۇل چېچى شۇنداق بىر يېيىلىدىكەن، ئۇنىڭ سېھرىي كۈچىدىن پۈتۈن جاھان ئەھلى بىتاپ بولىدۇ. مەسىلەن:

*نە ئېرۇركىن مەقسەدىڭ بىلمەم مەن، ئەي خورشىدى تابانىم،*
*سالىپ زۇلپۇڭ بىلە تاب بارچەنى بىتاپ ئەيلەرسەن.(29)(30)*

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى ھۆر - پەرىلەر، نازىنىنلارنىڭ لاتاپىتى، گۈزەللىكى بىر خىل گۈزەللىك گارمونىيە ئۆلچىمى بويىچە يۈكسەكلىككە، جەزبىدارلىققا ئىگە قىلىنغان. ئاشۇ خىل گۈزەللىك گارمونىيىسى ئىچىدىكى چاچ — گارمونىيىنىڭ بىر چىشى. ھەممە گارمونىيىلەر گۈزەللىك شەرتىنى ھازىرلىغاندىلا گۈزەللىك ھەقىقىي جەلىبكارلىققا، يۈكسەكلىككە ئىگە بولىدۇ. ئىنساندا ئېستېتىك سەزگۈ قوزغايدىغان خۇشاللىق بىلەن ئادەتتىكى فىزىئولوگىيىلىك سەزگۈ قوزغايدىغان خۇشاللىق بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. فىزىئولوگىيىلىك خۇشاللىق سەزگۈسى پەقەت فىزىئولوگىيىلىك تەقەززاغا ئارام بېرىش ئاساسىدىكى بەھرىمەنلىكتىن ھاسىل بولغان خۇشاللىق بولۇپ، ئۇ مەنىۋىي خۇشاللىق بېغىشلايدىغان ئېستېتىك خۇشاللىق ئەمەس. ئېستېتىك سەزگۈ خۇشاللىقى بولسا، ئۆز ئېھتىياجىنى، ئۆز خاھىشىنى، ئۆز - ئۆزىنى مەقسەت قىلغان تار دائىرىدىكى خۇشاللىق ئەمەس، بەلكى بىر خىل چىنلىققا ئاساسلانغان، ياخشىلىقتىن ئوزۇقلانغان، ئىجتىمائىي خاراكتېرلىك، ئىنسانىي ھاياجانغا تولغان مەنىۋىي خۇشاللىقنى كۆرسىتىدۇ. شۇنداق بولغان ئىكەن، ئىنسانغا مەنىۋى خۇشاللىق ئاتا قىلىدىغان ئايالLAR گۈزەللىكى، ئايال زاتىنى ئۇلۇغلاش، ئالەمدىكى تامامى گۈزەللىكنى ئايال زاتى ئۈستىگە مۇجەسسەملەش، يۈكسەك بىلىش «ئۇماي» ئەپسانىسىدىن بىزگە مەلۇمدۇر. ئۇلۇغلانغان ئايال زاتى خاسىيەت ۋە سېھرى كۈچكە ئىگە قىلىنغان ئىكەن، ئەلۋەتتە ئۇنىڭدىكى گۈزەللىك ئامىللىرىنى تەشكىل قىلغۇچى گارمونىيىلەرمۇ خاسە-

يەت ۋە سېھرىي كۈچ بىلەن بېزەلگەن بولىدۇ. كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا تەسۋىرلىنىۋاتقان ئاياللار گۈزەللىكى، بولۇپمۇ چاچ تەسۋىرىدىكى گۈزەللىك ئەنە ئاشۇ خىل خاسىيەت ۋە سېھرىي كۈچكە ئىگە قىلىنغاندۇر.

## 3. چاچ — ئىشق ئوتىنى تۇتاشتۇرغۇچى، مۇھەببەت رىشتىسىنى باغلىغۇچىدۇر

ئۆزىگە خاسىيەت ۋە سېھرىي كۈچنى مۇجەسسەملەپ، گۈزەللىكنى تېخىمۇ جۇلالاندۇرۇپ سىرلىقلاشتۇرۇۋاتقان نازىنىنلارنىڭ سۇمبۇل چاچلىرى ئىشق ئوتىنى ياققۇچى ئاتەش، مۇھەببەت رىشتىسىنى باغلىغۇچى زەنجىر. يارنىڭ چېچى جاھان ئەھلىنى ئىشق ئوتىغا تاشلىغۇچى، مۇھەببەت ھىجرانلىرىدا مەجنۇنلۇققا مۇپتىلا قىلغۇچى. مەسىلەن:

*گۇل قۇياشقە زەررەدەك ئۇشىاق ھەيراندۇر ھەمە،*
*زۇلق سەۋداسىدا مەجنۇندەك پەرشاندۇر ھەمە.* (30)

*ئاشىق ئولمايدۇر كىشى تا كەچمەگۈنچە جاندىن،*
*زۇلفىغە مەھرەم بولۇرمۇ ئۆتمەسە ئەيماندىن.* (31)

گۈزەلنىڭ زەنجىردەك ئۇزۇن ئۆرۈلگەن چېچىنى كۆرگەن ھەرقانداق كىشى ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە ئىختىيارسىز باغلىنىپ قالىدۇ. مەسىلەن:

*زەنجىرى مۇھەببەت بىلە دەر قەيدى جۇنۇنمەن،*
*تا تۇشتى كۆزۈم سىلسىلەگى زۇلفى دۇتاغە.* (32)

يارنىڭ چېچى كۆڭۈل قۇشلىرىنى ئوۋلىغۇچى توزاق، ئاشىقنىڭ بوينىغا چۈشكەن سالما، ئىشق سەۋداسىغا بەند قىلغۇچى، ئىشق يولىدا ئاشىققا قۇرۇلغان دار. مەسىلەن:

*نى پىچۇتاب، نى ھەددىسىز دامى زۇلف ئېركىنكى، ئاچىلغاچ،*
*دېمەي كۆڭلۈم قۇشىكىم، ئۇيلە يۈزنى مۇبتەلا قىلمىش.* (33)

*ھەلقە ـ ھەلقە بوينۇمە سالمىش تەنابى زۇلفىنى،*
*جۇرمى ئىشقىمغە مەگەر ھۆكم ئەيلەدى دىلدار، دار.* (34)

گۈزەلنىڭ چېچىدىن پۈتۈن خەلققە سەۋدالىق چۈشۈپ، ئىشق يولىدا جەبرۇ ـ مالامەتلەرگە مۇپتىلا بولىدۇ. مەسىلەن:

*جەھان ئىچرە ئۆلتۇسىغە بۇ سەۋەبدىن ماجەرالاردۇر،*
*تۇتۇشۇپ ھەر كىمگە بىر سەۋدايى زۇلفىڭ يۈز مەلال ئولدى.(35)*

نازىنىنلارنىڭ قاپقارا كاكۇلى، ھالقا ـ ھالقا چىگگىلەكلىرى، زەنجىرسىمان ئۆرۈمە چاچلىرى ۋە دولقۇنلۇق سۇمبۇل چاچلىرى گۈزەللىكتە تەڭداشسىزدۇر. ئۇ خۇددى ئاينى قورشىغان زەنجىرگە، گۈل چېھرىلەرنى مۇھاپىزەت قىلغۇچى لەشكەرلەرگە ئوخشايدۇ. بۇ نازىنىنلارنىڭ ئۆرۈمە چاچلىرىنىڭ ئاشىقلارنى مەجنۇنلۇقتا مۇپتىلا قىلىشى بۇ ياقتا تۇرسۇن، چىگگىلەكلىرىنىڭ ھەربىر تال ھالقىسى مىڭ سەۋدالارنىڭ باشلىنىشىدۇر. مەسىلەن:

*زەنجىرى جۇنۇن دىمەگىلەر كاكۇل،*
*ھەر ھەلقەئى تارغا مىڭ بەلادۇر.(36)*

## 4. قارا چاچ ــ گۈزەل كەلگۈسى توغرىسىدىكى ئۈتوپىيىلىك تەسەۋۋۇرنىڭ سىمۋولى

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا تەسۋىرلىنىۋاتقان قارا چاچ سىمۋوللۇق تۈسكە ئىگە گۈزەل يار ئوبرازىنى گۈزەللىكتە كامالەتكە يەتكۈزۈپ، ئىجتىمائىي ئىنساننىڭ غايىسى، ئىنتىلىشى ۋە ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ئىنتايىن ئوبرازلىق، تەسىرلىك مىسرالار ئارقىلىق يورۇتۇپ بەردى. كلاسسىك شائىرلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈم، زامان ئۈستىدىكى تۇرلۇك مەقسەت، مۇددىئالىرىنى، يۈكسەك غايە يولىدىكى ئىنتىلىشلىرىنى ئەنە شۇ سىمۋوللۇق تۈسكە ئىگە گۈزەل يار ئوبرازىغا يۈكلەپ، ئىنساننىڭ ئەسلىي تەبىئىي گۈزەللىكىدىن ئىچكى گۈزەللىكىگە، يەنى ھادىسىدىن ماھىيەتكە ئۆتۈپ، ئۇنى ئىدېئال يار ئوبرازىنىڭ سىرتقى گۈزەللىكى بىلەن باغلاشقا ئىنتىلدى. كلاسسىك ئاپتورلار گۈزەل يارنىڭ قارا چېچى ئىشقىدا مەجنۇنلۇقتا سەۋدالىقتا مۇپتىلا بولىۋاتقان ئاشىق ۋە ئارزۇ قىلغان مەھبۇبقا ئېرىشىشتىن ئىبارەت بۇ بەسى مۈشكۈل مەقسەتكە يېتىش يولىدا قەتئىي تەۋرەنمەي، ۋىسال يولىدىكى جەبرۇ ـ جاپا، ئېغىر سىناقلارنى يېڭىپ بىر ئۇلۇغ نىشاننى كۆزلەپ ماڭغاندا ۋىسال شادلىقىغا مۇيەسسەر بولغىلى بولىدىغانلىقىنى گۈزەل يار ۋە ئۇنىڭغا ئىنتىلگۈچى ئاشىق ۋاسىتىسى ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويىدى. رېئال دۇنيادىكى ئىنساننىڭ بەدىئىيلەشتۈرۈلگەن ئوبرازى بولغان «يار» ۋە ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى تەشكىل قىلغۇچى دېتاللىرىدا ئاشىقنىڭ ۋىسالغا يېتىش يولىدىكى گۈزەل غايىسى، چەكسىز ئىشەنچ ۋە ئۈمىدۋارلىق روھى، شۇنىڭدەك ئىنساننى سۆيۈش، كېلەچەككە، پارلاق زامانغا بولغان تەشنالىقى ۋە ئۇنى چىن دىلىدىن ئارزۇ قىلىش ھېسسىياتى ئىپادە قىلىنىدۇ.

گۈزەل غايە، پارلاق كېلەچەك يولىدا ئىزدىنىۋاتقان ئاشىق خۇددى بۇلبۇل قىزىلگۈل ئىشقىدا پەرۋانە بولۇپ، كېچە ـ كۈندۈز ئۇنىڭ ۋىسالىغا يېتىش ئۈچۈن توختىماي ناۋا ئەيلىگىنىدەك، گۈزەل يارنىڭ گۈل چېھرىسى، قاپقارا سۇمبۇل چېچىغا يېتىش ئۈچۈن نالە قىلىدۇ. مەسىلەن:

*ئەي ئارەزى نەسرىن، ساچى سۇمبۇل، قەدى شەمشاد،*
*بۇلبۇل كەبى ھىجرىڭدە ئېتىمەم نالەۋۇ فەرياد.(37)*

مۇھەببەت شارابىنى ئىچىش بىلەنلا مەقسەتكە يەتكىلى بولمايدۇ. ئىنسان گۈزەللىكىنى قەدىرلىگەن، چىن ئىنسانىي مۇھەببەتنى ئۇلۇغلاپ سۆيگەن ئاشىق چوقۇم گۈزەل غايىگە يېتىش ئۈچۈن گۈزەل يارنىڭ ھەقىقىي پاك مۇھەببەت، مۇقەددەس ئالىي تىلەكنىڭ سىمۋولى بولغان قاپقارا سۇمبۇل چاچلىرىغا باغلىنىشى كېرەك. شۇندىلا گۈزەل غايىگە ئىگە بولالايدۇ. مەسىلەن:

*مەي چۇ بەردىڭ زۇلفى ئىلە بەند ئەت مېنى، ئەي مۇغبەچە،*
*كىمە خۇش ئېرمەس مۇغ بىلە ئىچمەك قەدەھ زۇننارسىز.(38)*

جان بىلەن ئوينىشىۋاتقان ئاشىقنىڭ گۈزەل يارنىڭ چېچىغا چىرمىشىشتىكى مەقسىتى گۈزەل، پارلاق كېلەچەككە يېتىش ئۈچۈندۇر. بۇ خۇددى خىزىر ئۈچۈن جاپادىن قورقماي زۇلمەت ئىچىگە كىرىشتىكى مەقسەت تەشنا قەلبلەرگە، چاڭقىغان دىللارغا ئابىھايات سۇيىدىن ئېلىپ چىقىشقا ئوخشاشتۇر. مەسىلەن:

*جانغە زۇلفۇڭ تابىدىن ئول لەئلى خەنداندۇر غەرەز،*
*خىزرغە زۇلمەت ئىلەردىن ئابىھەيۋاندۇر غەرەز.(39)*

يارنىڭ قاپقارا چېچى دەردىدە زارلانغان ئاشىققا ئەجەبلىنىپ كېتىش ھاجەتسىز. چۈنكى زۇلمەت كېچىدە كېسەل ئازابىنى تارتىۋاتقان بىماردەك مۇشكۇلات، قىيىنچىلىقلارنى يەڭمەي تۇرۇپ قارا چاچ ۋىسالىغا يەتكىلى بولمايدۇ. مەسىلەن:

*زۇلفىدا زارى كۆڭۈل رەنجى نىتالىڭ،*
*خەستەغە كوپرەك گولۇر كېچە تەئەب.(40)*

كېچە - كۈندۈز مەھبۇب ئۈچۈن دەرد تارتىۋاتقان ئاشىق قارا چاچ، گۈل چېھرە پىراقىدا زارلىنىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئىجتىمائىي ئىنسان مۇھەببىتى ۋە ساداقەت، پاكلىق، ۋاپادارلىق يولىدىكى ئىنتىلىشنى ئىپادىلەيدۇ ھەم تەڭرى گۈزەللىكى بىلەن ئىنسان گۈزەللىكى، تەڭرىگە بولغان ئىزدىنىش ۋە مۇھەببەت بىلەن ئىنسانغا بولغان ئىزدىنىش ۋە مۇھەببەتنى بىرلەشتۈرۈپ ساقى قولىدىكى مەي ئارقىلىق مەستۇ - مۇستەغرەق بولۇپ، ئۆزلۈكنى ئۇنتۇپ ھەق ۋۇجۇدقا، پاكلىققا قوشۇلۇپ كېتىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. مەسىلەن:

*زارمەن زۇلفۇ يۈزى فۇرقەتىدىن شامۇ سەباھ،*

uyghurkitap.com

*ساقىيا، بادە كېتۈر، قايدا مەئۇ قايدا سەلام.*[41]

## 5. قارا چاچ — بەختنىڭ نىشانىسى

كلاسسىك مىراسلىرىمىزدىكى ئاپتورلارنىڭ زوق - شوخ بىلەن مەدھىيىلەۋاتقان، كۈيلەۋاتقان گۈزەل يارى ئوبرازى سىمۋوللۇق تۈسكە ئىگە بولۇپلا قالماي، يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ئاشىقلارنى ئازاب دېڭىزلىرىغا غەرق قىلغان قاپقارا سۇمبۇل چاچلىرىنىڭ قارا رەڭگىمۇ سىمۋوللۇق تۈس بىلەن يۇغۇرۇلغان. ئۇنىڭدا بىر تەرەپتىن تەبىئىي گۈزەللىك بەرق ئۇرۇپ جۇلالىنىپ، سېھىر ۋە خاسىيەتنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەپ، ئىشق ئوتىنى يالقۇنجىتىپ ئاشىق قەلبىگە ئۇتاشتۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن گۈزەل غايە ۋە بەخت نۇرى روشەن ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. كلاسسىكلىرىمىز ئۆزى ئارزۇ قىلغان، بەخت ھېسابلىغان گۈزەل كېلەچەكنى قارا چاچلىق، قارا قاشلىق، قارا كۆزلۈك گۈل چېھرىلەرگە سىمۋول قىلىپ، بەختكە بولغان تەلپۈنۈش ئىستىكى، ئىشەنچ ۋە ئۈمىدىنى كۈچلۈك ئۈمىدۋارلىق روھ بىلەن لىرىك مىسرالار ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شۇڭىمۇ كلاسسىك ئەسەرلەردە تەسۋىرلىنىۋاتقان نازىنىنلارنىڭ پۈتكۈل يورۇق دۇنيانى كۆرۈۋاتقان كۆزىنىڭ گۆھىرىمۇ قارا، سۇمبۇلدەك تال - تال چاچلىرىمۇ قارا، قىياقتەك ئەگىم قاشلىرىمۇ قارا، گۈل چېھرىدىكى خالىمۇ قارا. شۇڭا، بۇ تەبىئىي قارا رەڭ ئاشىقلارنى ئىختىيارسىز ئۆزىگە رام قىلالايدۇ. ۋىسال قوچۇپ بەخت يولىدا قايتماس ئىرادە بىلەن داغدام قەدەم تاشلاشقا ئۈندەيدۇ. مەسىلەن:

*ئەيلەپ سەلاسىل ئارزۇ، ئارتار جۇنۇنۇم مۇبەمۇ،*
*ناگاھ نەسىمى مۇشكبۇ، يەتكۈرسە زۇلفۇڭ نەكھەتىن.*[42]

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا تەسۋىرلىنىۋاتقان يار گۈزەللىكىنىڭ يۈكسەك پەللىسىنى تەشكىل قىلغۇچى چاچ زادى نېمە ئۈچۈن يار ئوبرازىنى گۈزەللىكتە جۇلالاندۇرۇشنىڭ، سېھىرلىكتە ئاجايىپ كارامەتلەرگە ئىگە قىلىپ سىرلىقلاشتۇرۇشنىڭ، خاسىيەت ۋە ئۇلۇغلۇقتا كۆتۈرۈشنىڭ مۇھىم ئۆلچىمى بولۇپ قالىدۇ؟ بۇ يەنىلا ئۇيغۇرلارنىڭ يىراق قەدىمكى دەۋرلەردىكى دىنىي ئېتىقادى، دۇنيا قارىشى، ئېستېتىك چۈشەنچىلىرى ۋە ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئادەتلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ ماقالىمىزنىڭ باش قىسمىدا ماقالە تېمىسىنى يورۇتۇش ئۈچۈن بېرىلگەن تارىخىي ئىزدىنىش خاراكتېرلىك بايانلاردىن مېنىڭچە بىرقەدەر روشەن تونۇشقا ئىگە بولغىلى بولىدۇ. چۈنكى، زامان، ماكان نۇقتىسىدىن كۆزەتكەن ۋاقتىمىزدا ئەينى دەۋردە ئىپتىدائىي ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى ساددا تەبىئەت چۈشەنچىلىرى، دىنىي ئېتىقاد قاراشلىرى ئۇلارنى چاچقا نىسبەتەن بىر خىل دىنىي قاراشتا بولۇشقا، چاچقا «تابۇ» يەنى پەرھىز چۈشەنچىلىرىنى يۈكلەشكە ئېلىپ بارغان. بۇ يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ھەرقايسى دەۋر باسقۇچلىرىدا يېڭىچە تۈس بىلەن روياپقا چىقىپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مەھسۇلى بولغان ئەپسانە شەكلى ئارقىلىق غايىۋىلىككە، سېھىرلىككە، مۇقەددەس ۋە ئۇلۇغلۇقتا ئىگە قىلىنغان. بۇ چاچ تەسۋىرلىرى بىر تەرەپتىن

مىللىي مەدەنىيەت ۋە مىللىي ئاڭنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، يازما ئەدەبىياتتا ئەكس ئېتىشى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا ئېلىپ بارغان ئىزدىنىش ۋە ئارزۇ - ئىستەكلىرىنىڭ بەدىئىي ئىنكاسى ئىدى. ئېغىز ئەدەبىياتىنى ئۆزىگە ئۇل تاش قىلغان يازما ئەدەبىياتتىكى ھۆر - پەرىلەر، ئاي يۈزلۈك نازىنىنلارنىڭ سۇمبۇل چاچلىرى يېگانە بىر بەدىئىي ئۇسلۇب بىلەن ئاياللار گۈزەللىكىنى ھەقىقىي نامايەن قىلدى. مېنىڭچە بۇنى مۇنداق تۆت نۇقتىغا يىغىنچاقلاپ كۆرسىتىش مۇۋاپىق. بىرىنچىدىن، ئانىمىزم ۋە تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى دەۋرلىرىدىكى ساددا ئىپتىدائىي دىنىي قاراشلارنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى يازما ئەدەبىياتقا ئۆتۈپ ئىزچىل رەۋىشتە داۋاملىشىشى. ئىككىنچىدىن، ئايال جىنسقا تېۋىنىش، ئۇنى ئۇلۇغلاش، خاسىيەت ۋە سېھىرلەشتۈرۈشنىڭ نەتىجىسى. ئۈچىنچىدىن، ئوتتۇرا ۋە مەركىزى ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم بىر خۇسۇسىيىتى يايلاق - بوستان خاراكتېرىدىن ئىبارەت. مۇنداق ئوتتۇرا ئاسىياچە تۇرمۇش مۇھىتى ۋە تۇرمۇش شەكلى ئوتتۇرا ۋە مەركىزى ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ھۈنەر - سەنئىتىگە، مۇزىكا - ئۇسسۇل سەنئىتىگە، ئويمىكەشلىك ۋە گۈزەل سەنئىتىگە، ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە، ئېستېتىك قاراشلىرىغا، تېببىي ئەنئەنىسىگە، ئۆرپ - ئادەتلىرىگە، دىنىي ۋە پەلسەپىۋى قاراشلىرىغا، قىسقىسى، ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ھەممە تارماقلىرىغا يايلاق - بوستان خاراكتېرىنى بېغىشلىغان. تۆتىنچىدىن، ھەرقايسى دەۋرلەر ۋە ئۇنىڭدىكى ئىجتىمائىي تۈزۈملەرنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى سەۋەبلىك گۈزەل يار ۋە ئۇنىڭ قارا چېچى سىمۋوللۇق مەنىلەرنى ئۆزىگە يۈكلەپ روياپقا چىقتى.

خۇلاسە قىلغاندا، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا تەسۋىرلىنىۋاتقان چاچ ئىمراق قەدىمكى دەۋرلەردىكى ئىپتىدائىي ئەجدادلىرىمىزنىڭ دىنىي ئېتىقاد مەزمۇنىنى ئالغان خاسىيەت، سېھرىيلىك نۇقتىسىدىن تەدرىجىي ھالدا تارىخ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئاڭدىكى ئۆزگىرىش، دەۋرلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز ئالمىشىپ تۇرۇشى بىلەن مىللىي خاسلىق، مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە ئېستېتىك قاراشلارنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەپ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئۆرپ - ئادەت ۋە گۈزەللىك قاراشلىرىدىن ئورۇن ئالدى. بۈگۈنكى دەۋرگە كەلگەندە زامانىۋى مەدەنىيەت ۋە پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئاڭدىكى بۆسۈش، مەدەنىيەتتىكى يېڭى يۈزلىنىشلەر نەتىجىسىدە ئۇيغۇرلارنىڭ چاچ ھەققىدىكى قاراشلىرى، چاچنىڭ گۈزەللىك ئۆلچەملىرىدىمۇ يېڭىچە تونۇش، يېڭىچە ئۇسلۇب بىلەن دەۋر ۋە زامانغا ماسلاشقان ئالاھىدىلىكلەرنى مەيدانغا كەلتۈرمەكتە. بىر پۈتۈن مىللىي مەدەنىيەتنىڭ مەنبەسى بولغان ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقاد ئادەتلىرىنىڭ ساقىندىلىرى ھېلىھەم بۈگۈنكى تۇرمۇشىمىزدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن بۇ يەنىلا ئۆزگىرىش ياساش ھالىتىدە تۇرماقتا. زامانىۋى مەدەنىيەتكە يۈزلىنىۋاتقان ئىلغار پەن - تېخنىكا دەۋرى كىشىلەرنى تېخىمۇ يۇقىرى گۈزەللىك ئۆلچەملىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش يولىغا باشلاپ، ئۇلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى، گۈزەللىك چۈشەنچىلىرىنى، ئېستېتىك قاراشلىرىنى كۆنساناپ يېڭىلاشقا، چاچنىڭ كىشىلەر ئېڭىدىكى گۈزەللىك ئۆلچىمىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇپ، يېڭىچە قىياپەت ياساشقا مەجبۇر قىلماقتا.

## ئىزاھاتلار:

① ② «ئۇيغۇرلاردىكى ئۆرۈمە چاچ قويۇش ئادىتىنىڭ مەنبەسى توغرىسىدا»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 1995 ـ يىل 3 ـ سان.

③ ④ ⑤ «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»، 525 ـ، 526 ـ بەتلەر.

⑥ ⑦ نەۋائى «غەزەللەر»، «غەرايىبۇسسىغەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.

⑧ يۇقىرىقى كىتاب، «فەۋائىدۇلكىبەر».

⑨ قەلەندەر: «مۇخەممەسلەر»، «بۇلاق» 90 ـ يىل 3 ـ سان.

⑩ نەۋائى: «غەزەللەر»، «بەدايىئۇلۋەسەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.

يۇقىرىقى كىتاب، «نەۋادىرۇششەباب».

⑫ ⑬ يۇقىرىقى كىتاب، «غەرايىبۇسسىغەر».

⑭ «بۇلاق» 95 ـ يىل 1 ـ سان، «دىۋانى مەھزۇن» دىن.

⑮ نەۋائى: «غەزەللەر»، «فەۋائىدۇلكىبەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.

⑯ «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر»، 218 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشريا- تى.

⑰ ⑱ نەۋائى «غەزەللەر»، «غەرابىيۇسسىغەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.

⑲ يۇقىرىقى كىتاب، «فەۋائىدۇلكىبەر».

⑳ «بۇلاق» 90 ـ يىل 3 ـ سان، «ۋەفائى غەزەللىرى» دىن.

㉑ نەۋائى: «غەزەللەر»، «فەۋائىدۇلكىبەر».

㉒ يۇقىرىقى كىتاب، «غەرايىبۇسسىغەر».

㉓ نەۋائى: «غەزەللەر»، «نەۋادىرۇششەباب»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.

㉔ ㉕ يۇقىرىقى كىتاب، «غەرايىبۇسسىغەر».

㉖ يۇقىرىقى كىتاب، «بەدايىئۇلۋەسەت».

㉗ يۇقىرىقى كىتاب، «نەۋادىرۇششەباب».

㉘ ㉙ قەلەندەر: «غەزەللەر»، «بۇلاق» 90 ـ يىل 3 ـ سان.

㉚ ㉛ «زەلىلى غەزەللىرى»، 258 ـ بەت.

㉜ يۇقىرىقى كىتاب، 318 ـ بەت.

㉝ ㉞ نەۋائى: «غەزەللەر»، «بەدايىئۇلۋەسەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.

㉟ «بۇلاق» 95 ـ يىل 1 ـ سان، «دىۋانى مەھزۇن» دىن.

㊱ «زەلىلى غەزەللىرى»، 74 ـ بەت.

㊲ ㊳ ㊴ نەۋائى: «غەزەللەر»، «غەرايىبۇسسىغەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.

㊵ ㊶ يۇقىرىقى كىتاب، «فەۋائىدۇلكىبەر».

㊷ يۇقىرىقى كىتاب، «غەرايىبۇسسىغەر».

(ئاپتور: ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل ـ يېزىق كومىتېتىدىن)

# قەدىمكى مۇ قۇرۇقلۇقى[1]

ج. چېرچۋارد

رۇسچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: يۈسۈپ ئىگەمبەردى

## 3. ئىنساننىڭ روھى زېمىندا پەيدا بولغان يېرى

*[پولكوۋنىك چېرچىۋاردنىڭ تەتقىقاتى ئۇنى ئاخىرىدا ئادەم ھەقىقەتەنمۇ روھى زېمىندىكى مۇ دۆلىتىدە پەيدا بولغان دېگەن خۇلاسىگە كەلتۈرىدۇ. ئۇ ھەقتە ئەپسانە - رىۋايەتلەرنىڭ، يازما مەنبەلەرنىڭ، قەدىمكى تاش پۈتۈكلەرنىڭ ۋە ئېتنوگرافىيىلىك ماتېرىياللارنىڭ تەھلىلىنى ئىسپات كەلتۈرۈپ ھەممىسىنىڭ مۇ دۆلىتىدىكى مەنبە بىلەن گىرەلىشىدىغانلىقىنى ياكى ھەممە مەنبەلەرنىڭ بىرلا «ئادرېس»نى كۆرسىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى؛ يەنى ئامېرىكىدىن غەربكە، ئاسىيادىن شەرققە يۈزلەنگەندە ئۇ «ئادرېس»نىڭ دەل تىنچ ئوكيان بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.]*

دېڭىز ئاراللىرىنى بەلگە قىلىپ تۇرۇپ مۇنىڭ روھانىيەت ئىزلىرى ۋە قالدۇقلىرىنى تاپقىلى بولىدۇ. مەن مۇنىڭ مەدەنىيەت ئىزناسىنى تىنچ ئوكيان خەرىتىسىدىن قوراشتۇرۇپ چىقىشقا ئۇرۇنۇپ باقتىم.

ھازىرقى پاسخا ئاراللىرى مۇ قۇرۇقلۇقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي بۇرجىكىنىڭ كۆپ قىسمىنى ساقلاپ قالغان. تونگاتاپۇ - غەربىي جەنۇب، مارىئان ئاراللىرى - غەربىي شىمال، يىراق ھاۋاي - شىمالىي تەرەپ بولۇپ، پەقەت مۇ قۇرۇقلۇقىنىڭ شەرقىي شىمال قىرغاقلىرىلا ئېنىقسىز قالدى.

ئوخشىمىغان تېكىستلەردە مۇ قۇرۇقلۇقى ئۈچ چوڭ بۆلەكتىن تەركىب تاپقان، ھەربىرىنىڭ ئارىلىقى تار دېڭىزلار ياكى قولتۇقلار بىلەن ئايرىلغان دەپ كۆرسىتىلگەن. لېكىن ئۇلارنىڭ ئانچە ئېنىق بولماي قېلىشى ئۇ يەردە سۇ يولى توسالغۇلىرىنىڭ پەيدا بولغانلىقىدىن بولۇپ، بىردىنبىر ئاچقۇچى قەدىمكى مىسىر سىزمىلىرىدا. ئۇ سىزمىلاردا مېنىڭچە، ئۈچ خىل تار سوزۇنچاق ئاراللار شەرقتىن غەرب يۆنىلىشىگە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ سىزىلغان.

فىرىدېرىك. ئوبرايېن ئۆزىنىڭ جەنۇبىي ئاراللار ھەققىدىكى تەتقىقاتىدا ناھايىتى جەلپكار ئەمگەكلەرنى ئىشلىگەن بولۇپ، مۇنداق بايانلارنى قالدۇرغان: «دارۋىننىڭ نەزەرىيىسىگە قوشۇلۇشقا بولىدۇ. بۇ ئاراللار يوقالغان قۇرۇقلۇقنىڭ ئېگىزلىكلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ يېمىرىلگەن گەۋدىلىرى تىنچ ئوكياننىڭ نەچچە مىڭ مېتىر چوڭقۇرلۇقىغا چۆككەن. يوقالغان مەملىكەت خۇددى بىر ئېپوستەك مەلۇم بىر ۋاقىتتا كېلىپ ئۆنلۈك ئوقۇيدىغان ئاقىننى كۈتۈپ، تىلسىماتتەك ھېچقانداق ۋاقىتتا يېشىمى چىقمايدىغاندەك تۇرماقتا.

---

① بېشى 2004 - يىللىق 2 - سانىدا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com






ГЕОГРАФИЧЕСКОЕ ПОЛОЖЕНИЕ МУ

مۇنىڭ جۇغراپىيىۋى جايلىشىشى

پەقەت تۇرلۇك ئوبرازلار ۋە تەسۋىرىي يېزىقلارنىڭ تاش ئۇستىگە ئويۇلغان بۇيۇك خاتىرە تاشلىرىلا قالدى. ئۆرپ ـ ئادەت ۋە تىلى ئۆزلىرى تەۋە بولغان ئارال ئاھالىلىرى ئارىسىدا ئاجايىپ ـ غارايىپ رىۋايەت ـ ئەپسانىلىرى بىلەن ساقلىنىپ قالدى، ئەلۋەتتە يەنە بىر بۆلەكلىرى ئاسىيا ۋە ئافرىقىدىكى مۇنىڭ كۆچمەنلىرى ئارىسىدا ساقلىنىپ قالغان. ئۇ كۆچمەنلەر ئاسىيا ۋە ئافرىقىغا نەچچە يۈزمىڭ يىللار ئىلگىرى كەلگەن. ئۈچ يۈز يىللار ئىلگىرى كەڭ دۇنيادىن كىشىلەر ئۇ نەرسىلەرنى بايقاشقا باشلىغان. تەقدىرگە پۈتۈلمىش بۇ ئوبرازلار ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى بىلەن ئۆزئارا توقۇنۇشۇش پەيدا قىلغان. ھازىر ئۇلار قازا قىلىپ كەتتى. شۇ قەدەملەر بويىچە كېيىنكى ھاياتىي كۆچكە ئىگە مۇناسىۋەتلەر بىزنىڭ ئەۋۋەلىي تارىخىمىزنىڭ ئۆتمۈشى بىلەن بىللە يوقالدى. ماڭا ئۇلارنى كۆرۈش ئۇلار دەۋرىمىز-دىن يوقىلىپ كېتىشتىن سەل بۇرۇنراق نېسىپ بولدى.»

قەدىمكى تېكىست ۋە خارابىلەرنىڭ جەنۇبىي تىنچ ئوكيان ساھىللىرىدىن تېپىلىشى ئىنساننىڭ يۇقىرى ئەقىل ـ پاراسەت بىلەن، لېكىن مەھكەم، لېكىن ئانچە راۋاج تاپمىغان شەيئىلەردىن يارالغانلىقىنى، ئىنسان يارالغاندىلا ئۆزىنىڭ روھانىيىتىدە بىلىمگە ئىگە بولغان ھالدا يارالغان بولۇپ، خۇداغا ئىشەنگەن ھەم ئېتىقاد قىلغان. قەدىمكى ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس سىمۋوللىرى سۈپىتىدە ئەڭ ئاددىي گېئومېتىرىيىلىك شەكىللەرنى ئىشلەتكەن.

بىرقانچىلىغان ئارخېئولوگلار ئۆز ئەمگەكلىرىدە ئىنسانىيەتنىڭ ئەۋۋەلىي زېمىنى ھەق-قىدىكى تېما بىلەن ئۇچراشتى. ھەقىقەتەنمۇ ئۇ تېمىلار توغرا ھالدا غەربنىڭ ھەرقايسى ئەللىرىدىكى رىۋايەتلەر بىلەن بىللە ئەسكە ئېلىندى. لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە بىر خاتالىق كۆرۈلدى. شۇلارنىڭ ھەممىسىگە شىلىمباننىڭ (ھەممىگە ئۇ سەۋەبچى بولغان بولۇپ پۈتۈنلەي ئىككى مەتىن ئاساسىدا، يەنى «تروئان ۋەسىقىلىرى» ۋە «لخاسا سالنامىسى» ئاساسىدا) ئەۋۋەلىي زېمىن ئاتلانتىدا قۇرۇقلۇقى دەپ قارىغانلىقى سەۋەب بولدى. لېكىن يۇقىرىقى

ئىككى مەنبە پۈتۈنلەي بىر-بىرىنى قارىشىمىزنى بېكىتىشكە ئاساس بولالمايدۇ. ئەۋۋەلىي زېمىن بىلەن ئاتلانتىدا ھەرگىزمۇ بىر زېمىن ئەمەس. شىلىمان بۇنى ھەممە ياقتىن قىياس قىلىشقا نېسىپ بولالمىغان، باشقا ۋەسىقىلەر ئۇنىڭ ھەقىقەتكە چۈشەلىگەن بولسا ئىدى، ھەم ئۇنىڭغا ئېنىق بولغان بولسا ئىدى. ئەۋۋەلىي زېمىننىڭ ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ غەربىگە جايلاشقانلىقى، ھەرگىزمۇ شەرقىغە جايلاشمىغانلىقى، شەرقتە بولسا ئاتلانتىدا بارلىقى ئېنىق بولاتتى.

لې. پلونجو بولسا غەربىي زېمىن (يەنى ئەۋۋەلىي زېمىن مۇنى دېمەكچى) دەل مەركىزىي ئامېرىكا دېگەن نەزەرىيىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئۇ كىشى كارىب دېڭىزى رايونىدىكى يەر شەكلىنى تەتقىق قىلىشقا تايانغان. لېكىن ئۇ غەربىي زېمىننىڭ چوڭ-كىچىكلىكى بىلەن مەركىزىي ئامېرىكىنىڭ بىزنىڭ دەۋرىمىزگىچە پەقەت بىر ئېگىز زېمىن بولۇپ قالغانلىقىنى ئۇنۇتقان.

بەلكىم بۇنداق خاتالىقلارنىڭ مەنبەسىنى ياۋروپادىكى قەدىمكى ئەسەرلەرنىڭ مەتنىنىڭ تەتقىقاتىدىن كەلگەن دېيىشكە بولار. بۇنداق تەتقىقاتتىكى مەنبە خاتالىقى كېيىن ئامېرىكىدا يەنە قايتىدىن قوراشتۇرۇلغان. بۇ ھەقتە تەتقىقاتچىلار پەقەتلا مىخانىك ھالدا ياۋروپانىڭ جۇغراپىيىۋى تۈزۈلۈشى ھەققىدىكى قىياسلارغا تايانغان. ئامېرىكىنىڭكىنى ئويلىمىغان.

«تروئان ۋەسىقىلىرى» دە مۇ دۆلەتتى تەخمىنەن 12500 (ئون ئىككىمىڭ بەشيۈز) يىل ئىلگىرى (گەرچە مەن 12000 (ئون ئىككىمىڭ، يىل دېگەن سىفىرنى تېخىمۇ توغرا دەپ قارىغان بولسامىمۇ) يوقىلىپ كەتكەن، دېيىلگەن. لېكىن بۇ سان «تروئان ۋەسىقىلىرى» نىڭ پەيدا بولۇش ۋاقتىنىڭ بىرگە نائېنىق بولغانلىقىغا يېقىن كېلىدۇ.



КАРТА МУ?

مۇنىڭ خەرىتىسى
قەدىمكى مىسىرلىقلارنىڭ «مەرھۇملار كىتابى» ناملىق ئەسىرىدىكى
غەربىي زېمىن

پلۇ تارىخىدىن يۇقىرىقى مەزمۇنلارنىڭ كىشىنى جەلپ قىلىدىغان ئېپىزوتلىرىنى تاپقىلى بولىدۇ. سانخىس دېگەن كىشى سائىس دېگەن يەردىكى ساكرامىنىڭ ئالىي كاھىنى بولۇپ سۇلۇنغا ئاتلانتىدانىڭ ئون مىڭ يىل ئىلگىرى (ئون بىر مىڭ بەش يۈز يىل دېگەن پېكىر دىكەلەرمۇ بار. بۇنداق بولغاندا، بۇ پىكىر ئېرايىمىزدىن 600 يىل ئىلگىرى) شەكىللەنگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بولىدۇ.

غەربىي زېمىنگە ئۆلانغان كىرىش يولى غايەت زور بىر دۆلەتنىڭ يوقىلىشىدىن توسۇلۇپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگەن. بۇنىڭ بىلەن ئاتلانتىدا بىلەن غەربىي زېمىن (يەنى مۇ) راستىنلا ئوخشىمىغان ئىككى قۇرۇقلۇق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان كۆرسەتمىگە ئىگە بولالايمىز.

مەن قەلەم تەۋرەتكىچە بولغان ئارىلىقتا مۇ دۆلىتىگە مۇناسىۋەتلىك بايانلارنى يېزىپ قالدۇرغان كىمدۇر بىرى ئەڭ مۇھىم ئىسپاتلارغا دىققەت ئاغدۇرمىغان بولۇپ، بۇ ئىسپاتلار ئەۋۋەلىي تارىختىكى قۇرۇقلۇق بىلەن گىرەلىشەتتى. دەرھەقىقەت، ئىسپاتلار جەنۇبىي تىنچ ئوكياندىكى ئاراللارنىڭ خارابىلىرىدە يوكاتان ئارىلىنىڭ ئۇشال دېگەن يېرىدىكى مۇقەددەس ئىلاھ ساغرامىدىكى تاشلارغا پۈتۈلگەنلىرىدە ھەممە بۇ يەرلەردىكى ئىسپاتلارغا تولۇقلىما بولىدىغان جەنۇبىي دېڭىز ساھىللىرىدىكى ئارال ئاھالىلىرىنىڭ جەلپكار رىۋايەتلىرىدىمۇ بار.

جەنۇبىي دېڭىز ساھىللىرىدىن تېپىلغان خارابىلەر شۇ يەردىكى رىۋايەت - ئەپسانىلەر بىلەن بىردەكلىكنى ساقلىغان بولۇپ، بۇ ئارال خەلقلىرى ئەينى يىللاردا ياۋايى ياكى يېرىم ياۋايى ھالىتىدە بولسىمۇ، لېكىن دائىم يۇقىرى تەرەققىياتنىڭ ياكى مەرىپەتلىك خەلقنىڭ ئەۋلادى بولۇش سەۋىيىسىدە ياشاپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ ھازىرقى ھالىتى يىراق دەۋرلەردە ئالىبۇرۇنلا ئەۋۋەلىي تارىخنىڭ جەريانىدا ئەجدادلىرىنىڭ ئېغىر بالايى - ئاپەتكە ئۇچرىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

زور كۆپچىلىك ئالىملار ئاق تەنلىكلەرنىڭ ئاسىيادىن تارالغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. گەرچە بۇنىڭغا ھېچقانداق رىئال ئىسپات - دەلىللەر بولمىسىمۇ، شۇ قاراشتا تۇرغۇچىلار نىسبەتەن كۆپ. مەزكۇر كىتابتا مەن ئاق تەنلىكلەرنىڭ قەيەردە پەيدا بولغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ قانداق قىلىپ ياۋروپاغا بېرىپ قالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈشكە تىرىشىمەن.

فربدېرىك. ئو. برايېن ئوتتۇرىغا قويغان يېڭىچە قاراش ناھايىتى ھەيران قالارلىق. ئۇ كىشىنىڭ قەيتىچە، نودېبىي تىنچ ئوكيان ئاراللىرىنىڭ پولىنېزىيە ئاراللىرى گۈرۈپپىسىدىكى يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ ئىرقى ئاق تەنلىكلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن.

بۇنىڭدىن باشقا ئەپسانە - رىۋايەتلەر مېكسىكا بىلەن مەركىزىي ئامېرىكىنىڭ مۇ دۆلىتىدىن كەلگەن ئاھالىلەرنىڭ مۇستەملىكىسى ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ بېرىدۇ. مۇدىن چىققان تۇنجى مۇستەملىكىچىلەر رەڭگارەڭ چاچلىق، ئاق تېرىلىك ئادەملەر بولۇپ، بۇ ئادەملەرنىڭ ئورنىنى كېيىن باشقا ئىرقتىكى ئادەملەر ئىگىلىگەن. يەنى ئۇ يەرلەردە كېيىن ئاق تەنلىك، قارا چاچلىق ئادەملەر شەكىللەنگەن. رەڭگارەڭ چاچلىق كىشىلەر ئۆز كېمىلىرى بىلەن يىراق يەرلەرگە، شەرققە، يەنى كۈنچىقىش تەرەپكە ئاتلىنىپ ئۇ يەرلەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان. ئولتۇراقلىشىپ قالغان يەرلىرى ياۋروپانىڭ شىمالى ۋە شىمالىي سكاندىناۋىيە بولغان. مايا رىۋايەتلىرىدە جەنۇبىي ياۋروپا، كىچىك ئاسىيا ۋە شىمالىي ئافرىقىنىڭ قارا چاچلىق كىشىلەرىنىڭ ۋە ئاھالىلەرنىڭ مۇستەملىكە بولغانلىقى، مۇستەملىكىلىنىشىنىڭ مايا دۆلىتى، مەركىزىي ئامېرىكا ۋە ئاتلانتىدانىڭ ئۆتمۇشكە ئوخشايدىغانلىقى سۆزلىنىدۇ.

مەن مۇئەللىپنىڭ رۇخسىتى بىلەن فربدېرىك. ئو. برايېننىڭ «جەنۇبىي دېڭىزدىكى ئاق تەنلىكلەر» ناملىق كىتابىنىڭ مۇھىم جايلىرىدىن ئۈزۈندە ئالدىم. مانا بۇ ئۈزۈندە:

«بۇ زېمىنغا ئاق تەنلىكلەر كەلدى. (بۇ خىل ئىرقتىكىلەر ھازىر پولىنېزىيىنىڭ ئاساسلىق قىسمىنى ئىگىلىگەن) ئەينى چاغدا قۇرۇقلۇق قۇياش، يۇلتۇز نۇرىدىن مەھرۇم

قىلىپ، پەقەت تاغلىرىلا قالغاندا ئۇلار ئارال ئاھالىلىرىگە ئايلىنىپ قېلىشتى. شۇنداق قىلىپ
تائىنجى ۋە ماركىز ئاراللىرىدىكى ئاھالىلەر سانسىزلىغان يىللار ئېقىمىدا ئەتراپتىكى دۇنيادىن
ئايرىلىپ ياشايدىغان ئەھۋالغا دۇچار بولدى.

بۇ يەردە، بۇ ئاراللاردا بىزنىڭ قېرىنداشلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادلىرىنى ئاللىبۇرۇن
ئۇنتۇپ، ئېغىر كۈنلەردە، جاپالىق ئەسىرلەردە سان جەھەتتىن كۆپەيدى. ئۇلار ئىنسانىيەت-
نىڭ ئومۇمىي تەرەققىيات قەدىمىدىن ئايرىلىپ قالدى. ئۇلار بۇ يەردە بىز ئاق تەنلىكلەرنىڭ
ناھايىتى ئاز مىقداردىكى ئۆرپ - ئادىتىنى ساقلاپ ياۋايى، ۋارۋار ھالەتتە، ئۆزلىرىنىڭ
ئىپتىدائىي ۋە بەدىۋىي تۇرمۇشىغا ماس ياشىماقتا.»

كىتابنىڭ بۇ ئۈزۈندىسىدىن بىز ئو. برايىننىڭ ئاق تەنلىكلەر ئاسىيادىن چىققان دېگەن
نەزەرىيىسىگە ئاساسلانغانلىقىنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز. گەرچە بۇنداق نەزەرىيە ئو. برايىن
تەرىپىدىن پۈتۈنلەي قوبۇل قىلىنغان بولسىمۇ، بىز ئۇنىڭ بۇ خاتالىقى ئۈچۈن ئۇنى ئەيىپلى-
سەك بولمايدۇ.

ئۇ ئۆز كىتابىدا مۇنداق يازىدۇ:

قولىدا يەلپۈگۈچسىمان بۇيۇم تۇتقان
ئوستروۋئائارىلى (گىلبېرت ئاراللى-
رى) ئاھالىلىرى بولغان ئاراۋاللار-
نىڭ مەلىكىسى، يەلپۈگۈچسىمان بۇ-
يۇمدىكى تەكرارىي نەقىش قۇياش ئىم-
پېرىيىسى بولغان مۇنىڭ ئەلتامغىسى

ئاراۋاللار مەلىكىسى-
نىڭ يەلپۈگۈچسىمان
بۇيۇمى



**ВЕЕР ПРИНЦЕССЫ АРАВАЛИ**



«مېنىڭ يېرىم ياۋايى دوستلىرىم قاراچىراي، يوغان كۆزلۈك، ئۇزۇن يۈزلۈك، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ زەيتۇنرەڭ تېرىسى بىلەن پۈتۈنلەي ئاق تەنلىكلەر قان سىستېمىسىنىڭ ئالامەتلىرىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. بىزنىڭ ھەم ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى ئىپتىدائىي دەۋرلەردە جاپا ـ مۇشەققەت ۋە ھوزۇر ـ ھالاۋەتنىڭ شارابىنى تەڭ ئىچكەن. مەلۇم بىر ۋاقىتلار ئىچىدە ئۇلار چۈشىنىكسىز تىرىشچانلىق بىلەن باشقا بىر خىل ئېھتىياجنىڭ ھەرىكىتىدە بولغان بولسىمۇ، لېكىن بىر بۆلەك قەبىلىلەر ياۋروپا، ئاسىيادىن ئۆتۈپ ئامېرىكىغىمۇ بارمىغان ھەمدە ئۇلارنىڭ بۇ سەپىرى ھەم توختاپ قالمىغان. ئەينى يىللاردا ھېچكىم بىلمەيدىغان قىتئە جەنۇبىي دېڭىز ساھىللىرىدا سۇغا چۆككەندە ئۇلار تۇرغان زېمىنلار ھېسابىتا ئۇلارنىڭ كۆچكەن يېرىگە ئايلىنىپ قالغان.»

لېكىن بىز ئاق تەنلىك پولىنېزىيىلىكلەرنىڭ دەۋرى ھەققىدە توختىلىپ قوڭۇر تېرىلىك، سەل غەربىتىرەك بولغان مىكرونېزىيە نامىدىكى ئاراللار ھەققىدە خەلقلەرنى زىيارەت قىلغىنىمىزدا بىز ئاق تەنلىكلەرگە ئوخشايدىغان كىشىلەرنىڭ جەنۇبىي دېڭىزدا بارلىقىنى، ئۇلارنىڭ قوڭۇر ئىرقىنىڭ دەۋرىمىزدە ھەيۋەتلىك فىزىكىلىق مەنزىرىلەر بىلەن گەۋدىلىنىشىنى بايقايمىز. ئۇ كىشىلەر بىروزا تاشتىن ياسالغان قەدىمكى گىرېك ھەيكەللىرىنى ئەسلىتىدۇ.

ئالدىنقى بەتتىكى فوتو سۈرەتتە ئاراۋال ئارىلىدىكى قوڭۇر تەنلىكلەرنىڭ تەققى ـ تۇرقىنى كۆردۇق. سۈرەتتىكى قىز گىلبېرت ئاراللىرىدىكى ھاۋاي ئارىلىدىن غەربىي جەنۇبقا تەخمىنەن تۆتمىڭ مىل يىراقلىقتا جايلاشقان، ئارورائە ئارىلىنىڭ ئاھالىسىنىڭ تىپى.

بىز ئېنىق ھالدا، سۈرەتتىكى قىزنىڭ باش قىسمىنىڭ ناھايىتى جەلپكار، سوزۇنچاق، ئىللىق، چىرايلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالايمىز. كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا: «ئۇ ناھايىتى ئىللىق ھەم ئۇماق قىز بولۇپ، ئازراق چاچقۇن، ھەسەتخورراق، لېكىن نازاكەتسىز» ئىكەن، «ئۇ ئۆزى ياشاۋاتقان ناچار مۇھىتتا بولسىمۇ ئارورائە ئارىلىدىكى پادىشاھنىڭ مەلىكىسى» ئىكەن.

ئاراۋاللارنىڭ بېشى ھەم يۈزى يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان ھەزارەتنىڭ تىپلىرىغا كىرگۈزۈلسە ياخشى بولاتتى. گەرچە ئۇلارنىڭ كىيىنىشى ياۋايىلارنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالغان بولسىمۇ مەن يەنىلا شۇنى تەكىتلەيمەن. بىچارە ئاراۋاللار! ئۇ قىز ئادەمخورلار قەبىلىسىدە تۇغۇلغان. گەرچە بۇ ھەيران قالارلىق ئىش بولسىمۇ، ئۇ قىز ھېچقاچان «ئۇزۇن چوشقا گۆشى»نى يېتىپ باققان ئەمەس، گەرچە يەرلىك كىشىلەر ئادەم گۆشىنى «ئۇزۇن چوشقا گۆشى» دەپ ئاتىسىمۇ ئۇ يېمىگەن. ئۇنىڭ قولىدا يەلپۈگۈچسىمان بۇيۇم بار بولۇپ، ئۇنىڭدىكى نەقىشلەر قۇياش ئىمپېرىيىسى دەپ ئاتالغان مۇنىڭ شاھانە ئۇرانىنىڭ نامايەندىسى.

ھازىرغىچە ھېچقانداق قەدىمكى يازمىشلاردىن مۇنىڭ ھالاكىتىدىن بۇرۇن يەر زېمىنىنىڭ ھەرقانداق بىر بۆلۈكىدە ۋارۋارلىق مەۋجۇت بولغانلىقى ھەققىدە بايان تېپىلمىدى. نېمە ئۈچۈن ئىنسانىيەتنىڭ شۇ قەدەر يۇقىرى نەمۇنىچىلىقىنى بەرپا قىلغان تۇرۇقلۇق، جەنۇبىي دېڭىز ئاراللىرى ئاھالىلىرىنىڭ ئەجدادلىرى ئادەمخورلۇقتىن ئىبارەت مۇشۇنداق پەس ھالەتكە چۈشۈپ قالدى؟ بىزنىڭ دەھشەت، زور پاجىئەنىڭ تارىخىي ھەققىدىكى قۇراشتۇرمىمىز ئىنسانىيەتنىڭ دەسلەپكى ئىرقى ھەققىدە چۈشەنچە بېرىپ يۇقىرىقى سوئاللارغا جاۋاب قايتۇرىدۇ.

## 4. يوقالغان قۇرۇقلۇق ھەققىدىكى ئىسپاتلار

مۇ دۆلىتى ھەققىدە ئاھايىتى كۆپ، ھەرخىل ئىسپات ـ دەلىللەر ساقلىنىپ تۇرماقتا. بۇلارنىڭ ئىچىدە يازما ھۆججەتلەردىكى شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىكلىرىدىن كاھىش ئاختىلاردا ئىنسانىيەتنىڭ زېمىندا ھەقىقەتەنمۇ مۇ دۆلىتىدە پەيدا بولغانلىقى ھەققىدە مەزمۇنلار سۆزلىنىدۇ.

باشقىلاردا بولسا بۇ يوقالغان قۇرۇقلۇقنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى ھەققىدىكى دەلىل ـ ئىسپاتلار بايان قىلىنىدۇ.

زور ساندىكى ئامېرىكا رىۋايەتلىرىدە مۇ دۆلىتى ئامېرىكىنىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان دېيىلگەن. پۈتكۈل ئاسىيادىكى ھۆججەت، ۋەسىقىلەردە مۇ يەنە ئەۋۋەلىي زېمىن ئاسىيانىڭ شەرقىگە، يەنى «كۈنچىقىش تەرەپ» كە جايلاشقانلىقى قەيت قىلىنغان. بۇ خىل ئەھۋالدا ئىنسانىيەتنىڭ ئەۋۋەلىي زېمىنى ئاسىيا بىلەن ئامېرىكىنىڭ ئارىلىقىغا، تىنچ ئوكيانغا، يەنى دەل شۇ يەردىكى ئاراللارنىڭ ئۈستىگە جايلاشقان. بىز مۇ دۆلىتى شەھەرلىرىنىڭ تاش خارابىلىرىنى، قەبرىلىرىنى ۋە ئاز ساندا قالغان ئاق تەنلىك كىشىلىرىنى بايقىيالايمىز.

مەن ئالدى بىلەن ئامېرىكىدىن تېپىلغان مەتىنلەرگە ۋە «تروئان ۋەسىقىلىرى» گە، يۇكاتاندىن تېپىلغان قەدىمكى مايا كىتابلىرىغا دىققەت قىلدىم.

ئۇلارنىڭ يېشى بەشمىڭ ـ بىرمىڭ بەشيۈز يىللار ئەتراپىدا چىقىدۇ، مەن يېزىقنىڭ شەكىللىنىش ھالىتىگە كىرگەن ۋاقتىغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ تېخىمۇ توغرا دەۋر ئۈچمىڭ ـ بىرمىڭ بەشيۈز يىللار دەپ ھېسابلىدىم.

تۆۋەندە مەن «تروئان ۋەسىقىلىرى» دىن بىر قانچە ئۈزۈندە ئېلىپ مۇ دۆلىتى ھەققىدىكى ئۆز بېكىتمەمنىڭ توغرىلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمەن:

ئۈزۈندە (1)

«ئالتە قاننىڭ يىلىدا، ساك ئېيىنىڭ 11 مۇلۇكىدا قورقۇنچلۇق يەر تەۋرەش باشلاندى. يەر تەۋرەش 13 چۈشەنگىچە توختاۋسىز داۋاملاشتى، يەر ـ زېمىننىڭ ئېگىز يەرلىرى بولغان مۇ دۆلىتى ھالاكەتكە يۈزلەندى، مۇ قۇرۇقلۇقى ئۆز ئورنىدىن ئىككى رەت يۆتكەلدى، مۇ كېچىدە غايىب بولدى، ئوت يالقۇنلىرى زېمىن يۈزىگە توختىماستىن ئۆرلەپ چىقىپ تۇردى. كىشىلەر چوڭقۇر يەر تەكتىگە قىسىلىپ كىرىۋاتقانلىقى سەۋەبىدىن ھەرقايسى تەرەپلەردىن زېمىننى كېڭەيتىش ۋە ئېگىزلىتىش كويىدىمۇ بولدى. ئاخىرىدا زېمىننىڭ ئېگىز يەرلىرىمۇ بەرداشلىق بېرەلمەي توققۇز تەرەپ [ياكى قەبىلە] ھەرقايسى ياققا بۆلۈنۈپ چېچىلىپ كەتتى. ئۇلار ھەممىسى بىرلىكتە، يەنى 64 مىليون ئاھالىنىڭ ھەممىسى بۇنىڭدىن 8060 (سەككىز مىڭ ئاتمىش) يىل ئىلگىرى چۆكۈپ كەتتى. بۇ كىتاب شۇ چاغدا پۈتۈلگەن.»

جۇغراپىيىلىك تۈچكىلاردىن بىز «يەر ـ زېمىننىڭ ئېگىز يەرلىرى» دەپ ئاتىلغان يازمىلىشىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ توغرىلىقىنى، «يەر ـ زېمىننىڭ ئېگىز يەرلىرى» دەپ ئاتالغان يەرنىڭ پاسخا ئارىلىدىكى قىرلىپ ياسالغان تاش تۈۋرۈكلەر ئىكەنلىكىنى قىياس قىلالايمىز.



مۇنىڭ ھالا ... دە «تروئان ۋەسسقلىرى» دىن ئېلىنغان رەسىم.
يۇقىرى تەرەپتىكى ئىستىرېلكا مايا تەسۋىرىي يېزىقىنى كۆرسىتىدۇ
مۇنى بىلدۇرىدۇ

(2) ئۇزۇندە. «يارانقان ئىگەمنىڭ پەيدا بولغان يېرى، مۇ — يەنى زېمىننىڭ غەربى، كۇئى خۇدانىڭ تۇرارگاھى»



1. مۇنىڭ مۇقەددەس ئېلىپبەسىدە بۇ بەلگە M ھەرپىنىڭ رولىنى ئاتقۇرۇپلا قالماستىن يەنە مۇ دۆلىتىنىڭ ئۆز تېمىسالىمۇ بولالايدۇ.

2. T ھەرپىنىڭ يەنە بىر خىل يېزىلىش شەكلى بولۇپ، ئاغزاكى تىلدا مۇشۇ خىل مۇقىم تاق سۆز بار.

3. غەربىي زېمىننىڭ ئومۇمىي جۇغراپىيىۋى تېمىسالى.

تېمىساللارنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى تولۇق پۈتۈكلەردە ئۆتكەن ۋاقىتلارنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن پۈتۈكلەر «مۇ بولسا غەربىي زېمىن ئىدى» دەپ جار سالىدۇ.



1. «تو».

2. «كۇئى دۆلىتى» ياكى «كۇئى زېمىنى».

3. «غەربىي زېمىن».

«غەربىي زېمىن كۇئى دۆلىتىدۇر».

بۇ فراگمېنتلار ئىنسانىيەتنىڭ ئەۋۋەلىي زېمىنى بولغان قۇرۇقلۇق بىلەن مۇھىم مۇناسىۋىتى بولغان ئۈزۈندىلەر بولۇپ، بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرقانچىلىرى ئەۋۋەلىي زېمىننىڭ «غەربىي زېمىن» دەپ ئاتىلىدىغان جۇغراپىيىلىك نام بىلەن، يەنە بىرقانچىلىرى «تروئان ۋەسسقلىرى» نىڭ پارچىلىرى بولۇپ، ئامېرىكىدا «غەربىي زېمىن» نىڭ ئامېرىكىنىڭ غەربىي تەرىپىگە جايلاشقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىش ئۈچۈن يېزىلغان. بىز كۆپلىگەن باشقا مەتىنلەر بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ ئەۋۋەلىي زېمىنىنىڭ ئامېرىكىنىڭ غەربىدە ئىكەنلىكىدىكى پاكىتنىڭ

ھاتاسىز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىمىز.

«كۆئلى دۆلىتىنىڭ تاسى»[1] دېگەن ئىبارە دۆلەتنىڭ ئازابلىق روھقا تولۇپ كەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. قەدىمكى مىسىرلىقلارنىڭ «كا» (Ka) چۈشەنچىسى ناھايىتى كەڭ دائىرىلىك چۈشىنۈك بولۇپ، مايالارنىڭ «كۆئلى» سىدىن كېلىپ چىققان.



«كورتېس قامۇسى» دىكى مەنزىرىلەر. ئىسپانىيەنىڭ مادرىددىكى دۆلەتلىك مۇزېيىدا ساقلانغان.



«كورتېس قامۇسى» دىكى مەنزىرىلەر. ئىسپانىيەنىڭ مادرىددىكى دۆلەتلىك مۇزېيىدا ساقلانغان.

① «تا» رۇسچە مەتىندە «Ta» ھالىتىدە يېزىلغان بولۇپ، ئىندىئانچە سۆز.

قەدىمكى دەۋردە خۇدا[1] سۆزى ئىلاھنى بىلدۈرمەيتتى. بۇ سۆز ئۆلگەن روھقا قارىتىلاتتى. مۇشۇ سەۋەبتىن بىز يولۇقتۇرغان ھۆججەت - ۋەسىقىلەردىكى خۇدانىڭ ئەۋۋەلقى زېمىنى ھەقىقىي يوسۇندا ئىنسانىيەتنىڭ ئەۋۋەلقى زېمىنىنى كۆرسەتتى.

مىسىرشۇناس كېنەز گاردىنېر. ئۆتىلكىنسون ئۆزىنىڭ «قائىدە - يوسۇن ۋە ئۆرپ - ئادەت» ناملىق كىتابىنىڭ ئۈچىنچى تومىدا مۇنداق قەيت قىلغان:

«‹كۆئى زېمىنى›، ياكى ‹كۆئى دۆلىتى›، دېگەن ئىبارە مايا تىلىدا ماياخۇداسىنىڭ تۆرەلگەن جايى، خۇدانىڭ ۋە ئىنسانىيەتنىڭ تۆرەلگەن جايى دېگەن مەنانى بىلدۈرەتتى.»

قالغان ئۆزۈندىلەرگىمۇ يېقىن ھالدا ئىككىنچىسى كۆپ جەھەتتىن قەدىمكى مىسىرلىقلارنىڭ «مەرھۇملار كىتابى»[2] بىلەن ئوخشاش.

## «كورتېس قامۇسى»

«كورتېس قامۇسى» قەدىمكى مايا كىتابى بولۇپ، ئېپىسكوپ لاندىنىڭ قارىغۇلارچە قىزىقىشىدىن قۇتۇلۇپ قالغان. ھازىر بۇ كىتاب ئىسپانىيىنىڭ مادرىدىدا دۆلەت مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. كىتابتىكى سىمۋول - تېمسالار، سىزمىلار ۋە مەتىنلەر بۇ كىتابنىڭ «تروئان ۋەسىقىلىرى» نىڭ تۇغۇندىسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. لېكىن «كورتېس قامۇسى» نى «تروئان ۋەسىقىلىرى» گە سېلىشتۇرغاندا سىمۋوللاشتۇرۇش بىر قەدەر كۆپ.

«كورتېس قامۇسى» دىكى تېمىمىزغا مۇناسىۋەتلىك پارچىلار تۆۋەندىكىدەك:

«خومېن ئۆزىنىڭ كۈچلۈك قوللىرىنى كۆن ئولتۇرغاندىن كېيىن زېمىنغا تەسىررۇش بىلەن مۇ قىتئەسىدە كېچە قاراڭغۇلۇقىدا، مەركۇر ئېگىزلىك، تۆپىلىك زېمىنى چۆكۈپ كەتتى»

«مۇ، دېڭىز (سۇ) دىكى ھاياتلىق خومېن تەرىپىدىن بىر كېچىدىلا چۆكۈرۈۋېتىلدى.»

«ھۆكۈمدارلارنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن تۇرالغۇلىرىدا ھاياتلىق قالمىدى. تۇرالغۇ، ئىبادەتخانىلار ئۆز ئورنىدا ئىككى قېتىم قاتتىق سىلكىنگەندىن كېيىن مەدىرلىماس بولدى. تەگسىز چوڭقۇرلۇق تۆۋەندىن يۇقىرىغىچە كېڭەيدى، يۇقىرى - تۆۋەن قاتتىق تىترەشتىن كېيىن ئىلىنىشىپ چۆكۈپ كەتتى.»

«مۇ ئۆز ئورنىدا ئىككى قېتىم سىلكىندى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كۆيۈۋاتقان ئوتنىڭ پاجىئەسىگە يولۇقتى، ئۇ پارچە - پارچە بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ پارچىلىنىشىنى قورقۇنچلۇق يەر تەۋرەش كەلتۈرۈپ چىقاردى. يەر تەۋرەش خۇددى سېھىرگەردەك مۇنى بىرقانچە قېتىم قاتتىق ئۇردى، خۇددى سېھىرگەر ئۆز ئويۇنىنى كۆرسىتىۋاتقاندەك، خۇددى بىر مۇنچە قىزىل رەڭلىك تاختىلىرىنى ئوينىتىۋاتقاندەك. مۇنى ئەڭ قاراڭغۇ تۈن نىسبەتەن پاجىئەگە

---

① بۇ سۆز رۇسچە تەرجىمىسىدە «бОГ» دەپ ئېلىنغان، ئۇيغۇرچىدىكى «خۇدا» سۆزى پارسچە دەپ قارىلىدۇ. لېكىن ئولجاس سۇلەيمانوۋ «خۇدا» سۆزىنى تۈركچە سۆز دەپ قارايدۇ.

② «مەرھۇملار كىتابى» توغرۇن ئامېرىكا ئالىملىرى ئى. ئا. ۋاللىس بۇدگى ۋە دز. فائۇلكېنېر. رايمۇند تەتقىق قىلىپ يازغان، بېيجىڭ جەمئىيەت نەشرىياتى 2001 - يىلى 1 - ئايدا خەنزۇچە نەشر قىلغان «埃及亡灵书»، «埃及生死之书» ناملىق كىتابلارغا قارالسۇن. — ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

ئېلىپ كىرىپ كەتتى.»

ناھايىتى ئېنىقكى، «كورتېس قامۇسى» ۋە «تروئان ۋەسىقىلىرى» مەلۇم بىر ئىبادەتگاھ تېكىستلىرى ئاساسىدا يېزىلغان. لېكىن «كورتېس قامۇسى» پەقەت ئۆزىنىڭ مۇقەددەس، دىنىي مۇراسىملىق نامى بىلەن ناملانغان بولسا، «تروئان ۋەسىقىلىرى» قانچىكى مۇقەددەس، دىنىي مۇراسىم تۈسىنى ئالغان بولسا، شۇنچىلىك دەرىجىدە مۇ قۇرۇقلۇقىنىڭ جۇغراپىيىلىك نامىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

## «لخاسا سالنامىسى»

«لخاسا سالنامىسى» ھۆججەتلىرى شىلمان تەرىپىدىن تىبەتنىڭ لخاسا شەھىرىدە ناھايىتى قەدىمكى بولغان بىر بۇددا خارابىسىدىن بايقالغان. شىلمان ئۇنى يېشىپ ئىزاھلىغان ھەم تەرجىمە قىلغان. ناھايىتى ئېنىقكى ئۇنىڭدىكى مەتىنلەر «تروئان ۋەسىقىلىرى» ۋە «كورتېس قامۇسى» ئاساسىدا راۋاجلانغان بولۇپ، «لخاسا سالنامىسى» ئۆز زامانىغا بىر قەدەر لايىق كېلىدۇ، «لخاسا سالنامىسى»دە مايا تېمىساللىرى ئىشلىتىلمىگەن.

تۆۋەندىكىلەر «لخاسا سالنامىسى»دە ئۇچرايدىغان قىزىقارلىق بايانلار:

«بال ناملىق يۇلتۇز ئۇ يەرگە چۈشتى. ئۇ يەردە ھازىر كەڭرى ئاسمان بىلەن دېڭىز بار. ئالتۇن دەرۋازىلىق، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ئوردا قەسىرلىك يەتتە شەھەر خۇددى بوراندا قالغان ياپراقتەك تەۋرىدى ھەم چايقالدى. ئوت يالقۇنلىرى، ئالاۋلىرى ئوردا، قەسىرلەردىنمۇ ئېگىز ئۆرلىدى، كىشىلەرنىڭ ۋارقىراش، جارقىراشلىرى ھەممە يەرنى قاپلاپ، پەلەككە يەتتى. ئۇلار ئۆز قەسىرلىرى ۋە قەلئە ـ قورغانلىرىدىن پاناھگاھ ئىزدەشتى. مۇقەددەس، دانىشمەن مۇ بۇ چاغدا يۇقىرىغا چىقىپ ئۇلارغا مۇنداق جاكار قىلدى: ‹ئەجىبا مەن بۇ ئىشلاردىن ئالدىن بېشارەت بەرمىگەنىدىم؟ سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئەرلەر، يەنە ئاياللار قىممەت باھالىق جاۋاھىراتلار بىلەن بېزەندى، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان كىيىملەر بىلەن كىيىندى.› ئۇلار يالۋۇردى: ‹مۇ بىزنى قۇتقۇز!›، مۇ جاۋاب قايتۇردى: ‹ھەممىڭلار ۋاپات بولىسىلەر، ھەممىڭلار مۇلازىم ۋە مۇلازىمەتچىلىرىڭلار بىلەن، بايلىق دۇنيايىڭلار بىلەن قۇربان بېرىسىلەر، سىلەرنىڭ كۈلۈڭلاردىن يېڭى خەلق پەيدا بولىدۇ. ئەگەردە ئۇلار ھەممىدىن ياخشى نېمەتنى كىم بەرگەنلىكىنى ھەمدە سىلەرگە ئوخشاش بولۇشنى كىم نېسىپ قىلغاننى ئۇيغاقلىق بىلەن بىلمىسە، ئۇلارنىمۇ مانا مۇشۇنداق قىسمەت كۈتۈۋالىدۇ.› ئوت يالقۇنلىرى، ۋە ئىس ـ تۈتەكلەر مۇنىڭ سۆزلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈردى. پۈتۈن سۈرۈك بىر مەملىكەت ۋە ئۇنىڭ ئاھالىلىرى پارچە ـ پارچە بولۇپ، چەكسىز ئازاب ئىچىدە يالماپ يۇتۇۋېلىندى.»

www.uyghurkitap.com

شۇچىكالكودىكى پىرامىدا



بال ـ مايا تىلىدىكى ناھايىتى تونۇش سۆز. مايالاردا «سورۇن ھۆكۈمدارى»، «كۆزنى قاماشتۇرىدىغان قەسىر» دېگەن مەنىلەرگە ئىگە. شۈبھىسىزكى، تەرجىمان بۇ سۆزنى تەرجىمە قىلغاندا خاتالىق سادىر قىلغان. بۇنداق قەسىرلەر ئەينەكتىن ياكى كۆز چاقنىتىدىغان غەيرىي ماتېرىياللاردىن ياسالمىغان. ئۇنداق قەسىرلەر ئۈستى ئوچۇق، ئۆگزىسىز بولۇپ، بۇنداق ئۆگزىسىز، تۈۋرۈكسىز قۇرۇلۇشنىڭ ياسىلىشى قۇياش، يەنى راننىڭ نۇرلىرىنىڭ كىشىلەرنىڭ بېشىغا چۈشۈپ ئۇلارنى سەگەك ھالەتتە تۇرغۇزۇش، قەسىر ئىچىدە دائىما دۇئا ـ تىلاۋەت بىلەن تۇرغۇزۇش ئۈچۈندۇر. قۇرۇلۇشلار، ئوردا ـ قەسىرلەر شۇ مەقسەت ئۈچۈن ئاتەشپەرەسلەرنىڭ زامانىۋى قەسىرلىرىگە ئوخشاش ياسالغان.

لې. پلونجو يۇكاتاندا پۈتۈكلەرنى بايقىغان بولۇپ، ئۇنىڭدا «مۇ ئېلىنىڭ تۇنجى دىنىي داھىسىنىڭ مۇ ئېلىنىڭ ھالاكىتىدىن بېشارەت بەرگەنلىكى، بېشارەتنى ئاڭلىغان خېلى كۆپ كىشىلەرنىڭ كۆرسەتمە بويىچە بۇ زېمىننى تاشلىۋېتىپ مۇ ئېلىنىڭ مۇستەملىكىلىرىگە ئاتلىنىپ چىقىپ كېتىپ ھايات قالغانلىقى» كۆرسىتىلگەن.

لې. پلونجو ۋاپات بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەي شىلىمان «لخاسا سالنامىسى»نى نەشردىن چىقاردى.

## ئۇشمالدىكى قەسىر

مەزكۇر قەسىر ئۇشمالغا (يەنى يۇكاتانغا) جايلاشقان ھەمدە لې. پلونجو تەرىپىدىن «ئىلاھلار قەسىرى» دەپ نام بېرىلگەن. بۇ قەسىرنىڭ تېمىدا مۇھىم بىر پۈتۈك بار. ئۇ پۈتۈككە «بۇ بىنا مۇ ئېلىنىڭ، يەنى غەربىي زېمىننىڭ، كۇئى ئېلىنىڭ، بىزنىڭ ئىلاھلىرىمىز پەيدا بولغان يەرنىڭ خاتىرىسى» دېگەن گەپلەر ئويۇلغان.

بۇ قەسىرنىڭ ئالدى تەرىپى غەربكە قارىتىلغان. چۈنكى بىناكارلارنىڭ نەزەرىدە بىنانىڭ ئالدى تەرىپىگە ئەۋۋەلى زېمىن ئورۇنلاشقان، دەپ قارالغان.

بۇ بىز يۇقىرىدا نەقىل ئالغان پۈتۈك «تروگان ۋەسىقىلىرى» دىن ئېلىنغان ئىككىنچى ئۈزۈندىگە پۈتۈنلەي يېقىن كېلىدۇ ھەمدە ئۇشالدىكى مەزكۇر قەسىردىكى پۈتۈك، «تروگان ۋەسىقىلىرى» دە قەيت قىلىنغانلارنىڭ خاتاسىز ئىكەنلىكىنى، ئەۋۋەلىي زېمىننىڭ ئامېرىكىنىڭ غەربىگە جايلاشقانلىقىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ھەممىدىن مۇھىمى، تېخىمۇ قايىل قىلارلىقى شۇكى، بۇ تاش پۈتۈككە پۈتۈلگەن مەزمۇن دىنىي بىلىملەرنىڭ بۇ قەسىرگە قەيەردىن كەلگەنلىكىنى بېكىتىپ بېرىدۇ. بۇ يوسۇندا، بىز بۇ قەسىر ۋە بۇ تاش پۈتۈكنى بايقىمىغان بولساق ئىدۇق، مۇ ئېلىدىن نىمىلەرنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى، غەربىي زېمىندىن نىمىلەرنىڭ تارىغانلىقىنى بىلەلمىگەن بولاتتۇق. بىز مۇشۇ پۈتۈكتىكى ئۇچۇر بىلەن قەدىمكى مىسىرنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى ۋە ئىلىم - پەننىڭ يۆتكەلگەن ئىزىنى بايقىۋالالايمىز.

## مىكسىكىنىڭ شۇچىكالكودىكى پىرامىدا

مەزكۇر پىرامىدا شۇچىكالكوغا جايلاشقان مېخىكودىن غەربىي جەنۇب يۆنىلىشكە 60 مىل يىراقلىقتا، بۇ پىرامىداغا بىر پۈتۈك ئويۇلغان بولۇپ، لي. پلونجۇ پۈتۈكنى تۆۋەندىكىدەك يەشكەن: «مەزكۇر پىرامىدا غەربىي زېمىننىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن تۇرغۇزۇلغان بولۇپ، غەربىي زېمىننىڭ ۋە كىشىلەرنىڭ ھالاكىتىنى ئۇلارنىڭ ئەۋلادىنىڭ مەڭگۈ ئەستىن چىقارماسلىقى ئۈچۈن ياسالغان.»

فوتو سۈرەتتىن بىز ناھايىتى قەدىمىي تاش تاختىنىڭ ئىككى پارچىغا بۆلۈنگەنلىكىنى بايقايمىز، يۇقىرى بۆلىكىنى مەن ئۇ تاش تاختىنىڭ «كارنىز» قىسمى دەپ ئاتىدىم. بۇ بۆلىكىدە مۇ ئېلىنىڭ، يەنى غەربىي زېمىننىڭ قانداق يوقالغانلىقى، ئۇنىڭ ھالاكىتىگە قانداق كۈچلەرنىڭ ئىشتىراك قىلغانلىقى ھەمدە ئۇ كۈچلەرنىڭ مەنبەسى ھەققىدە بايانلار بار.

«كارنىز» قىسمى تاش بۇزۇلغاندا ئۇپراپ ئۆچۈپ كەتكەن. قالدۇقلىرى شامالدا ئۇپرىغان بولسىمۇ يەنىلا پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ. مۇشۇ سەۋەپتىن مەن بۇ رىۋايەتنى توغرا يەتكۈزۈشكە ئۇرۇنغان بولسامۇ، پەقەت ئەڭ مۇھىم ئامىللىرىنى رۇشەنلەشتۇرۇشكە پېتىندىم.

تاش تاختىنىڭ تۆۋەنكى رەسىملىك بۆلىكى پۈتۈنلەي ياخشى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ئوقۇغىلى بولىدۇ. گەرچە ۋاقىتنىڭ قىيىنىشىغا شۇ خىل ئۇسۇلدا ئۇچرىغان بولسىمۇ ھەممە دېتاللارنى ئەسلىگە قايتۇرغىلى بولىدۇ. شۇڭا بىز پۈتۈكنى ئومۇمىي جەھەتتىن يېشەلەيمىز. تۆۋەندىكىسى پۈتۈكنىڭ تەپسىلاتىدۇر.

بىرىنچى بۆلەك، كارنىز.



6. 5. 4. 3. 2.

بىرىنچى بۆلەك، كارنىز

Часть 1. Карниз.

1. كەڭ تىك بۆلۈك، كۋادرات شەكلىدە بولۇپ «M» ھەرپىنىڭ مۇقەددەس شەكلى. ئەۋۋەلىي زېمىن مۇنىڭ تېمىساللىق ئېلىپبەسى. ئۇنىڭ بىر تەرىپىگە ئىككى چىش ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، بۇ ئىككى چىش ئىككى ئارالنى بىلدۈرىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇ بىلەن قوشۇلۇپ غەربىي زېمىننى تەشكىل قىلغان.

2. ئىچكى قىسمىدا ھەرىكەت قىلمىغانلىقى، كۆچلى ئۇنىڭ چوڭقۇر ئەكتىنى ئۇنىڭ ياز چىلىنىشىنى كۆرسىتىدۇ.

3. مايالارنىڭ تىمسالى شۇ ئىشان چىقىدۇ. تۆت مۇقەددەس بۇيۇك دائىمىي كۆچلىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ تۆت خىل كۈچ ئىنتىھاسىزلىقتىن كېلىپ چىققان مەنبە قايىنارنى تەسۋىرلەپ بېرىدىغان بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ «پەرمانى»، «ئۇمىدى»، «بۇيرۇقى» ۋە ھاشقىبلارى.

4. بۇ سىزمىدا كۆرسىتىلگىنى مىلتىقسىمان، نەيزە - سۇنكۇسىمان جىسىمنىڭ نۇردە يېتىلگان نەرسىنىڭ ئاخىرلىشىشى بولۇپ، بۇ كۈچلەرنىڭ ناھايىتى ئاكتىپ بولغانلىقىنى ئاخىرلىشىشىنىڭ قىر - بويلىرى ئۇنىڭ لىنىيىسى بويىچە ئايرىلىپ ماڭغانلىق مەسئۇلى بولۇپ، بۇ بىر خىل دائىمىي كۈنۈككەن كۈچلى بىلدۈرىدۇ، ئىككىنچى كۈچمۇ بىرىنچى دائىمىي كۈنۈككەن كۈچتىن تۇغۇلىدۇ.




5. بۇ بىرىكمە تىمسال تۆۋەندىكى ئوبرازلارغا بۆلۈنگەن:

a) سوزۇنچاق تىك تۆت بولۇق بولسا مۇنىڭ تىمسالى.

b) بۇ سىزما مۇ ئېلىمنىڭ تۆت مۇستەملىكىسىنى خاتاسىز دەلىللەپ بېرىدۇ.

c) كۈچلەر مۇستەملىكىلەرنىڭ يىمىرىلىشىنى مەجبۇر قىلغان بولۇپ بۇنىڭ بىلەن مۇ ئېلى گۇمبۇرلەپ ھالاك بولغان.

6. ئادەمنىڭ قىياپەت سىزمىسى ئىنسانىيەتنىڭ مەۋجۇدلۇقىنىڭ يەر - زېمىن بىلەن بىللە تۆۋەنگە چۆككەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

2. ئىككىنچى بۆلەك. تاش پۈتۈكنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى

1. a. يىلان، غايەت زور سۇنىڭ تىمسالى ئۇنىڭ يۆگەلگەن شەكلى مۇقەددەس ھەرپ «Y» نى بىلدۈرىدۇ. بۇ يەنە پاجىئەنىڭ تىمسالى بولۇپ، بۇ پاجىئە سۇ ئېلىپ كەلگەن پاجىئەدۇر.




ئىككىنچى بۆلەك، تاش پۈتۈكتىكى ئاساسىي گەۋدە

1. b. يىلاننىڭ كۆزى يۇمۇق بولۇپ، بۇ ئۇيقۇنى بىلدۈرىدۇ ھەمدە سۇنىڭ تىنچىغانلىقىنى، ئادەتتىكى نورمال ھالەتكە كېلىپ تىنچىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

2. رەقەم، سان جەھەتتىن ئۈچنى بىلدۈرىدىغان بولۇپ، بۇ مۇ ئېلىنىڭ رەقەملىك تىمسالى.

3. ھەربىي زېمىننى بىلدۈرىدىغان تىمساللارنىڭ بىرى بولۇپ، سۇ ئاستىغا كىرگەندىن كېيىن ئىككىگە ياكى ئۈچكە بۆلۈنگەنلىكىنى بىلدۈرگەندىن باشقا يەنە، مۇ بولسا ئەرېپىي زېمىن، ئۇ چۆكۈپ كەتتى دېگەن مەنىدە.

4. يىلانىڭ قۇيرۇقى ھەم سۇ تۆۋەنگە ۋە يۇقىرىغا ئېلىپىنىپ، ياپىسان ھالەتتە ئىلگىلىگەن ھەمدە چەمبىرەك ھالقىسىمان ھالەت ئادەمنىڭ قىياپەت سىزمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ تۇرغان شەكىل. بۇ ئاھالىلەرنىڭ يىلان بىلەن بىللە قايىنام ئىچىدە ھالاك بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

بۇ تاش تاختىدا يەنە باشقا تىمساللىق بەلگىلەر بولسىمۇ، يۇقىرىقىلارغا سېلىشتۇرغاندا ناچار ساقلانغانلىقتىن يېشىشكە ئىمكانىيەتلەر يار بەرمىدى.

بۇ پرامىدادىكى باشقا پۈتۈكلەرنى مەن يۇقىرىقى يازما تەھلىللەر بىلەن بىر يەرگە ئېلىپ كېلىپ، پرامىدانىڭ لىگېندىسىنى بىرىكتۈرۈپ چىقتىم.

## ئومۇمىي ئىزاھلىما

مەزكۇر پرامىدا مۇ ئېلى، ئىنسانىيەتنىڭ ئەۋۋەلىي زېمىنى، غەربىي زېمىن ئۇچۇن ھەمدە ئۇنى ئەسلەپ ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ھەممە ئاھالىلىرى بىلەن بىللە روي بەرگەن ھالاكىتىنى ئەستىن چىقارماي تۇرۇش ئۇچۇن قۇرۇلغان خاتىرىسى بولۇپ، مۇنىڭ مۇستەملىكىلىرى بۈيۈك كۈچلەر تەرىپىدىن پارچىلانغاندا مۇ ۋە ئۇنىڭ خەلقى سۇنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىگە چۆكۈپ كەتكەن.

## ئاكاب - دزىب

چىچېن - ئىتسا شەھىرىدە بىر تاش تاختا بار بولۇپ، ئاكاب - دزىب دەپ ئاتالغان بىنانىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى ئىچكىرىكى ھويلىنىڭ دەرۋازىسى ھالىتىدە ساقلانغان. ئۇنىڭغا «قورقۇنچلۇق، جاھالەتلىك پۈتۈك» پۈتۈلگەن. بۇ تاش تاختا ئۆزىدىكى پۈتۈكى بىلەن غەربىي زېمىننىڭ ئۆز ئورنىدا يەر تەۋرىگەن ۋاقىتتا چايقىلىپ تۇرغانلىقىنى، چايقىلىشقا ئۇلىنىپلا چۆكۈپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

## دىنىي چۈشىنۈكتىكى جايا

يۇكاتان مايالىرى غەربنى[1] «قاراڭغۇلۇقنىڭ بۆلىكى، ئۆتەردە مەرھۇملارنىڭ روھى ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ قوينىغا قايتىش ئۇچۇن ھەرىكەتلىنىدۇ» دەپ قارىغان. بۇ خىل قاراش «كورتېس قامۇسى» دىكىگە دەل كېلىدۇ.

## قەدىمكى گرېتسىيە (يۇنانىستان)

ئىنسانىيەتنىڭ ئەۋۋەلىي زېمىنى ھەققىدە ئويلانغىنىمىزدا قەدىمكى يۇنانىستاننىڭ پەيلاسوپلىرىنىڭ يازمىشلىرىدىن «كېيىنكىلىك مەزمۇنلارنى» تاپالايمىز. پلاتون يازغان «تىمېئو» ناملىق ئەسەردىن غايىپ بولغان مەزكۇر قىتئەگە يۇناسنۇتلىك ئەسكەرتمىنى ئايقىغىلى بولىدۇ. پلاتون مۇنداق يازغان: «مۇ ئېلىدە توققۇز خىل خەلق ياشاپ ئۆتكەن.»

---

[1] ... كونتېكستتىكى «غەرب» ئەيىلى روھلار تۇرغىنالدا باش ھەربىي بوغان بىرلىش بىلەن بىرلىكەن بولۇپ، مۇ ئېلىنى كۆرسىتە دۇ.

پروكل مۇنداق يازغان: «غەربىي زېمىندا توققۇز خىل خەلق ياشىغان.» يۇقىرىقىلاردىن بىز ئىنسانىيەتنىڭ ئەۋۋەلقى زېمىنى ھەققىدە قەدىمكى يۇنانىستاننىڭ ئىككى پەيلاسوپىنىڭ يازمىش قالدۇرغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. ئەۋۋەلقى زېمىننىڭ نامى ھەققىدە بىرسى ئۇ زېمىننىڭ دىنىي مەنىدىكى ئىسمىنى، يەنە بىرسى جۇغراپىيىۋى ئىسمىنى قوللانغان. لېكىن ئۇ ئىككى پەيلاسوپ ئوخشاشلا ئۇ ئەۋۋەلقى زېمىندا توققۇز خىل خەلقنىڭ ياشىغانلىقىنى خاتاسىز كۆرسىتىپ بەرگەن.

## ھىندىچىنا[1]

كامبودژادىكى ئانگكور — تىخوم دېگەن يەردىن ئەپسانە ـ رىۋايەتچىل ياۋايى ھايۋانلارنىڭ تەسۋىرىنى بايقىغىلى بولىدۇ. ئۇلارنى ئارخېئولوگلار «ئارسلانلار» دەپ ئاتايدۇ. ئۇلارنىڭ جىسمىنىڭ يۈزى شەرققە قارىتىلغان. يەنى ئەۋۋەلقى زېمىن جايلاشقان تەرەپكە قارىتىلغان. بۇ ھالەتتە ھېچقانداق شۈبھىلىنىش مەۋجۇت ئەمەس. ياۋايى ھايۋانلار ھەقىقەتەنمۇ شۇ تەرەپكە قاراپ تۇرۇپ «مۇ!» دەپ ھۆكۈرەۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ. ئۇلارنىڭ تەلپۈنۈشى ئۇلارنىڭ پادىچىسىنىڭ قولىدا تۇتۇپ تۇرغان تىك بۇلۇڭلۇق ئەسۋاب بىلەنمۇ گەۋدىلىنىدۇ. تىك بۇلۇڭ مۇ ئېلىنىڭ دىنىي مۇقەددەس ئېلىپبەسىدىكى ھەرپ بولۇپ مۇ دۆلىتىنىڭ تىمسالى.

## پلۇتارخ، «سولوننىڭ ھاياتى»

«سانخىس سائىسانىڭ ئالىي كاھىن بولۇپ، سولونغا (مىلادىدىن 600 يىل ئىلگىرى) ھەمدە پسىنوفىساغا، گېلىئوپولىيە كاھىنىغا مۇنداق دېگەن: «قەدىمكى مىسىرلىقلار بىلەن غەربىي زېمىن ئاھالىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى توققۇز مىڭ يىللىق بار ئىدى ـ كەلدىلىك مۇناسىۋەت بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىدىكى ئۆزگىرىشتىن كېيىن ئۈزۈلۈپ قالدى. ئاتلانتىدانىڭ يەر تەۋرەش ۋە كەلكۈن ئاپىتىدىن يوقىتىلىش ۋاقتىغا ماس ھالدا يوللارنى پاتقاق، لاي ـ لاتقا قاپلاپ يۈرگىلى بولمايدىغان بولۇپ، ئالاقىنىڭ ئۈزۈلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.»

مۇنازىرىسىز پاكىت شۇكى، يۇقىرىقى ئۈزۈندە غەربىي زېمىننىڭ ئامېرىكىنىڭ غەربىي تەرىپىگە جايلاشقانلىقى، ئامېرىكىنىڭمۇ ئازدۇر ـ كۆپتۇر «يول ئۈستىدە يېتىپ قالغان دۆلەت» ئىكەنلىكىنى ھەمدە ئۇنىڭ بۇ زېمىنغا بارىدىغان مۇساپە ئۈچۈن توسالغۇ بولۇپ شىددەتلىك ئۆزگىرىشتىن كېيىن ئۆتكىلى بولمايدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

مەيلى ئاتلانتىدا بولسۇن ۋە مەيلى «يولنىڭ ئۈستىدە ياتقان» ئەل بولسۇن، ھېچقايسىسى غەربىي زېمىن ئەمەس. ھەمدە توسالغۇ بولىدىغان دۆلەت ياكى ئاتلانتىدا ئەمەس. يول ئۈستىدە قالغان ئازراق يەر يەنىلا ئۆتكىلى بولمايدىغان بولۇپ قالغان. ئاتلانتىدا چۆكۈپ كەتكەن.»

---

[1] ھىندىچىنا: يېڭى كەشپىيات، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيانى كۆزلىگەن ئاتالغۇ، رۇس تىلىدا «Индокитай» دېيىلىدۇ. رۇس تىلىدىكى مەنىسى ھىندىلار بىلەن خىتايلار ياشايدىغان يەر. — تەرجىماندىن.



РАСПРЕДЕЛЕНИЕ ДОИСТОРИЧЕСКИХ КАМЕННЫХ РУИН НА ОСТРОВАХ ЮЖНЫХ МОРЕЙ

## جەنۇبىي دېڭىزدىكى ئەۋۋەلقى تارىخنىڭ تاش يادىكارلىق ۋە خارابىلىرىنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى

ھازىر مەن سىلەرنىڭ دىققىتىڭلارغا جەنۇبىي دېڭىز ئاراللىرى ھەققىدىكى ئوبزورنى، ئۇ يەرلەردىكى تاش ئاسارە ـ ئەتىقىلەردىن بايقالغان مۇھىم بەلگىلەرنى ھەمدە ئادەتتىن تاشقىرى، ھەيران قالارلىق لېگېندىلارنى، ئۇ يەردىن ئاڭلىغان ياۋايى، يېرىم ياۋايى ئارال ئاھالىلىرى ھەققىدىكى بايانلارنى سۇنىمەن.

ئامېرىكىدىن تىنچ ئوكيانغا قاراپ ئاتلانغاندا بىز ئالدى بىلەن غەربكە يۈزلىنىپ يۈرۈش قىلىمىز. ئەگەردە ئوقۇرمەنلەر بۇ نۇقتىنى كىتابىمىزنى ئوقۇش جەريانىدا يادىدىن چىقىرىپلا قويمىسا تۈۋەندىكىلەرگە توغرا باھا بېرەلەيدۇ.

قىتئەلەردىن ئايرىلىپ تۇرغان پارچە زېمىنلاردا، يەنى پولىنېزىيە ۋە باشقا تاقىم ئاراللاردىن بىز ئەۋۋەلقى تارىخ ۋاقىتلىرىدا ئامېرىكا ۋە جەنۇبىي، شەرقىي ئاسىيانى بىرلەشتۈرۈپ تۇرغان مەدەنىيەتنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقىنى ھەمدە ئۇنىڭدىن دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە باشقا ھەرخىل مەدەنىيەتنىڭ تارقالغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز. گەرچە بۇنداق مۇساپە ئۇزاقلىقچە داۋاملىشىدىغان بولسىمۇ مۇساپە يەنىلا قىزىقىسنارلىق، تاڭ قالارلىق، كۈتۈلمىگەن قىسمەتلەرگە تولغان. بىز بۇ ئاراللاردىن قەدىمكى مەدەنىيەتنىڭ قالدۇقلىرىنى ئىستەپ تاپالايمىز. بۇ قەدىمكى مەدەنىيەت ھازىرقى ئادەملەر بىلەن ياۋايىلىق، ئادەمخورىزىم ساھەسىدىلا باغلىنىشلىق. شۇ ئاراللاردىكى خېلى كۆپ ساندىكى ئاھالىلەر بۈگۈنكى كۈنلەرگىچە ئادەمخورلۇق بىلەن ياشاپ كەلگەن.

يېقىنقىچاقلىقىغاندا، خۇددى مەن باشتا قەيت قىلىپ ئۆتكەندەك ئادەمخورلار يۈكسەك تەرەققىياتقا ئېرىشكەن خەلقلەرنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر. ھازىر ياۋايى، يېرىم پولىنېزىيىلىكلەر قايسى بىر يىللاردا يەر شارى مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ مەركىزىي قىسمىدا ياشىغان.

(تەرجىمان: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى تىل فاكولتېتىدىن)

# «ئانا مۇقام» ۋە «بالا مۇقام»لار مۇنازىرىسى ھەققىدە مۇلاھىزە

ئابدۇكېرىم رەھمان بۆچى

20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن باشلانغان مۇقام تەتقىقات قىزغىنلىقى ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقامى» ئېتنولوگىيىسى① ۋە گېنېئالوگىيىسى②، مۇزىكىلىق قاتلىمى ۋە كۆي سىستېمىسى، فولكلورلۇق ۋە ئېتنوگرافىيىلىك خاراكتېرى، كلاسسىكلىق تۈسى، قېلىپلاشقان نام ـ تامغىسى ۋە مۇئەللىپلىرى③ قاتارلىق نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ئاساسىي جەھەتتىن يورۇتۇپ بەردى. بۇ جەھەتتە، ئىقتىدارلىق ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ مۇقام تەتقىقاتىدىكى ئىككى نوپۇزلۇق ئەسىرى ـ «ئون ئىككى مۇقام ھەققىدە»، «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»، باتۇر ئەرشىدىنوۋنىڭ «ئون ئىككى مۇقام ھەققىدە» (ئالمۇتا، 2002 ـ يىل) قاتارلىق يىرىك مونوگرافىك ئەسەرلىرى ھەمدە «ئون ئىككى مۇقامغا دائىر بەزى مەسىلىلەر ھەققىدە مۇلاھىزىلەر» (ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر)، «ئون ئىككى مۇقامنىڭ شەكىللىنىشى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە» (ئىمىن تۇرسۇن)، «مۇقام تەتقىقاتى ۋە مۇقامناملىرىنىڭ تارىخىي قاتلىمى توغرىسىدا» (ئابدۇشۈكۈر تۇردى)، «جۇڭگو ئون ئىككى مۇقاملىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى، تەرەققىي قىلىش تارىخى ھەققىدە قىسقىچە بايان» (جۇچىڭباۋ)، «ئون ئىككى مۇقام ھەققىدە مۇلاھىزە ـ مۇقام، چوڭ نەغمە توغرىسىدا» (ۋەن تۇڭشۇ)، «ئون ئىككى مۇقام تېكىستلىرى بىلەن مۇزىكىسىنىڭ شەكىللىنىش تارىخى ھەققىدە قىسقىچە تەھلىل» (شەرىپىدىن ئۆمەر)، «ئون ئىككى مۇقام ۋە ئۇنىڭ مۇزىكىلىق قۇرۇلمىسى توغرىسىدا» (ئەمەتجان ئەخمىدى)، «ئون ئىككى مۇقامنىڭ ئۇدار شەكلى ۋە كۆي تەرتىپى قۇرۇلمىسىنىڭ ئەھمىيىتى» (شاۋگۇاڭشېن) قاتارلىق ئەسەر ـ ماقالىلەر ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە. مۇقام تەتقىقاتىدا سان ۋە سۈپەت جەھەتتىن بەلگىلىك كۆلەمگە ئىگە بولغان بۇ تەتقىقات نەتىجىدىن تۆۋەندىكىدەك ئومۇمىي يەكۈنگە ئېرىشەلەيمىز:

1. تارىخىي ئىزچىللىققا ئىگە بولغان ئۇيغۇر مۇقاملىرى ئېلىمىزنىڭ كلاسسىك مەدەنىيىتىدىكى بىباھا سەنئەت گۆھىرى، ئۇيغۇر ناخشا ـ ئۇسسۇل، مۇزىكا سەنئىتىنىڭ مۇقەددەس ئانىسى، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي گەۋدە قىلغان مەركىزىي ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ سىمۋولى ۋە ئۆزىكى؛ ئۇيغۇر خەلقى ۋە ئۇنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلەردىن بويان تاۋلىنىشى ۋە تاللىنىشىدىن ئۆتكەن، قېلىپلاشقان چوڭ ھەجىملىك سەنئەت قامۇسى. خۇددى ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئېيتقاندەك، «ئۇيغۇر مۇقاملىرى يالغۇز مۇزىكا ژانىرى بىلەن چەكلەنگەن سەنئەت ھادىسىسى بولماستىن، بەلكى ئۇ ناخشا ـ مۇزىكا (ئەيتىم ـ چېرتىم)، شېئىر، ئۇسسۇل، تىياتىر قاتارلىق سەنئەت ژانىرلىرىدىن ئۆزىنىڭ بەدىئىي ئىپادىلەش شەكىللىرىنى تۈزگەن، پەلسەپە، ئەخلاق، مىللىي تۇرمۇش، قائىدە ـ يوسۇن ئىگىسى قاتارلىق سېمانتىك مەزمۇنلاردىن ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي ـ تەربىيىۋى قىممىتىنى گەۋدىلەندۈرگەن بىر پۈتۈن مۇجەسسەم فولكلور ھادىسىسى»④

2. مۇددىي بىر تۈپ مېۋىلىك دەرەخنىڭ بىخلىنىشى (كۆيغىنىش)، كۆكلەش، تولىلاش، چېچەكلەش ۋە مېۋىلەش دەۋرلىرى بولغىنىدەك، ھەرقانداق بىر مەدەنىيەت ھادىسىنىڭمۇ ئويغىنىش، گۈللىنىش، سىنكرېتلىشىش ۋە سىستېمىلىشىش باسقۇچلىرى بولىدۇ. تارىخىي مەنبەلەر ئاساسىدا ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ بۇ ئۇزاق ھايات مۇساپىلىرىنى ئەقلىي تەپەككۇر چەمبىرىدە تەسەۋۋۇر قىلساق، شۇنداق بىر ھەقىقەت ئايان بولىدۇكى، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ مۇزىكىلىق گېنى ئۇيغۇر ئەجدادلىرى مەدەنىيەت تۇپرىقىدىكى چاچما ئۇدارلىق كۈيلەر شەكلىدىكى ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. بۇ دەۋر ناھايىتى ئۇزاق تارىخىي باسقۇچنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى مەركىزىي ئاسىيا «خۇ»، «رۇڭ»، «دىغار» دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر ئېتنوسلىرىنىڭ «ماھادور»⑤ (ئۇلۇغدۇر) قاتارلىق نەغمە شەكىللىرىدىن تارتىپ، شىمالىي جۇ پادىشاھى ۋۇدى (مىلادىيە 561 ـ 578) زامانىسىدىكى مەلىكە ئاسىنا ھەمراھلىقىدا چاڭئەنگە كىرگەن «ئۇدۇن نەغمىسى»، «ئىۋىرغول نەغمىسى»، «سولى نەغمىسى»، «قۇچۇ نەغمىسى»، «كۇسەن نەغمىسى» ئاساسىدا جۇڭگو مۇزىكىچىلىق تارىخىدا تۇنجى زور ئىسلاھات ئېلىپ بارغان دەۋرنى كۆرسىتىدۇ. بۇ دەل كۇچارلىق مەشھۇر مۇزىكا نەزەرىيىچىسى سۇجۇپ ۋە ئۇنىڭ «12 تېمپېراتسىيىلىك كۈيشۇناسلىق قانۇنى» بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ دەسلەپكى مىللىي بىخى دەپ قارىلىۋاتقان سۇجۇپنىڭ «كۈيشۇناسلىق قانۇنى» ئۆز ئالدىغا مەخسۇس بىر سىستېما بولۇپ، تارقاق خەلق نەغمىلىرىنى مىلودىيە ئالاھىدىلىكى بويىچە 12 خىل بۆلەككە، يەنى 12 ئاھاڭ (پەدە، مۇقام)غا ئايرىتىپ بىر پۈتۈن يۈرۈشلۈك نەغمە شەكلى ھاسىل قىلىشقا ئاساسلانغان. 6 ـ ئەسىردىكى كۇسەن كۈيشۇناسلىق مەكتىپىنىڭ بۇ مەشھۇر نامايەندىسى (سۇجۇپ) رەتلىگەن 12 تېمپېراتسىيىلىك نەغمە سىستېمىسى كۇسەن كۆي ئۆلچىمىنى مىزان قىلغان بولۇپ، ئۇ غەربىي دىيار ۋە شىمالىي قوملۇقتىن تارالغان ئەنئەنىۋى نەغمە ـ كۈيلەر سىستېمىسى بىلەن بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلانغان. بۇ ھەقتىكى تارىخىي ئۇچۇرلارغا جۈملىدىن ياپونىيىنىڭ كىيوتو⑥ شەھىرى ۋە پارىژ كۇتۇپخانىسىدا⑦ ساقلىنىۋاتقان تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى چاڭئەن مۇزىكىلىرىنىڭ نوتىلىق خاتىرىسىگە ئاساسلىنىپ ۋاستىلىك مۇلاھىزە يۈرگۈزگەن ئېلىمىزنىڭ بەزى مۇزىكا ئالىملىرىنىڭ دەلىللىشىگە قارىغاندا، سۇجۇپ رەتلىگەن چوڭ نەغمىلەر (ئىبىلەن ھازىرقى قۇمۇل، تۇرپان، كۇچار، دولان، خەلق مەشرەپ نەغمىلىرى، جۈملىدىن يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى «چوڭ نەغمە» ياكى «مۇقام بېشى» قىسمىنىڭ ئاھاڭ تىزمىسى مۇزىكا تېمپېراتسىيىسى نۇقتىسىدىن بىر تىپتا مەنسۇپلۇقى مەلۇم. ئەپسۇسكى، تېخى ھېچكىم بۇ قەدىمكى نوتا خاتىرىلىرى بىلەن بۈگۈنكى ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ مۇزىكا نوتىسىنى پاراللېل ھالدا سېلىشتۇرۇپ زادى قانچىلىك ئوخشاشلىق ۋە پەرق بارلىقىنى ئەمەلىي ۋە ئىلمىي ئىسپاتلاپ بېرەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن بىر پۈتۈن مىللىي گەۋدىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بۇ مۇقام ھادىسىسىنىڭ ئىچكى مىنېر تىسىمىنىڭ كۈچلۈك ئورتاق بىر گېن (ئىلمىي سېيەب) ئاساسىدىكى گارمونىك بىرلىككە ئىگە بولىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلالمايمىز.

3. دەلىل ـ ئىسپاتلارغا ئاساسلانغاندا، ھەقىقىي مەنىدىكى مۇقاملىشىش ھادىسىسى قاراخانىيلار (مىلادىيە 870 ـ 1213) دەۋرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇ دەۋردە قەدىمكى ئۇيغۇر نەغمىچىلىك ئەنئەنىسى مۇقامچىلىققا قاراپ تەرەققىي قىلدى، مەلۇم ئاھاڭ شەكلى (لاد تىزمىسى) ئاساسىغا ماس كېلىدىغان ۋە مۇئەييەن پەدىدىن باشلىنىدىغان نەغمە

— كۈيلەر شەكىللىنى تۇنجى قېتىم «مۇقام» (مەقام) ئىبارىسى بىلەن ئاتاشمۇ مۇشۇ دەۋردە روياپقا چىقتى. ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ 12 گە بۆلۈنۈش قائىدىسى 6 - ئەسىردىكى كۇچارلىق نەغمىچى سۇجۇپنىڭ «12 تېمپېراتسىيىلىك كۈي قانۇنى» دىن قالغان مۇزىكىلىق سىستېما بولۇپ، بۇ سىستېمىنىڭ ئەبۇ نەسىر فارابى (871 - 950) ۋەكىللىكىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا مۇزىكا ئۆلىمالىرىنىڭ مۇزىكا سىستېمىسى بىلەن گىرەلىشىپ كېتىشى شەرق ئون ئىككى مۇقاملىرىنىڭ تۇغۇلۇش نېگىزى ۋە سەۋەبى بولغان. مەيلى فارابى ياكى ئۇنىڭ مۇزىكىلىق مىراسلىرىغا تەقلىد قىلىپ نەزەرىيە جەھەتتىن راۋاجلاندۇرغان ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا (980 - 1037) بولسۇن، ئۇلار 12 تۈركۈملۈك كۈيشۇناسلىقنى تەشەببۇس قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ مۇزىكا نەزەرىيىسىگە ئائىت ئەسەرلىرىدە «مۇقام» ئىبارىسى ۋە يەككە مۇقاملارنىڭ تەرتىپ — تىزىملىكى ئۇچرىمايدۇ. ئۇلار ئون ئىككى مۇقام چۈشەنچىسىنى تارىنىڭ 12 گە بۆلۈنىشى بىلەن ھاسىل بولغان ئاۋاز مۇساپىلىرى — پەدە مەنىسىدە چۈشەنگەن. فارابى ۋە ئىبن سىنانىڭ مۇزىكا نەزەرىيىسى جەھەتتىكى ئۆچمەس تۆھپىلىرىنىڭ ئىلھامى ۋە تۈرتكىسى بىلەن ئەرەبچە «مۇقام» ئىبارىسىنى نەغمە شەكىللىرىنىڭ ئومۇمىي نامى سۈپىتىدە قوللانغان ۋە 12 لىك ئەنئەنىۋى قېلىپ بويىچە بارلىققا كەلگەن يەككە مۇقاملارنىڭ ناملىرى، كۈي تەرتىپى قاتارلىقلارنى سىستېمىلاشتۇرۇپ ئوتتۇرىغا قويغان كىشى ئەزەربەيجانلىق مۇقامشۇناسلاردىن سەفىيۇددىن ئابدۇلمۇئمىن ئەل ئۆرمەۋى (1216 - 1294) بىلەن خوجا ئابدۇلقادىر مەراغى (1360 - 1435) لاردۇر. ئۇلار فارابى باشلاپ بەرگەن شەرق خەلقلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ھەرپلىك نوتا يېزىش ئۇسۇلىنى ئاخىرقى دەرىجىگە يەتكۈزۈپ، «مۇقام» ئىبارىسىنى كلاسسىك تۈسكە ئىگە قىلدى.

شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، 10 - ئەسىردىن باشلاپ بۇ مۇقاملىشىش دەۋرىدە شەرق مۇقاملىرى نام ۋە كۆلەم جەھەتتىن مىللىيەتلىككە يۈزلىنىپ، ئەجەمچە⑧ ناملار بىلەن ئەرەب - پارسچە ناملار گىرەلىشىپ كەتتى. «ئانا مۇقام» لار ئاساسىدا «بالا مۇقام» لار شەكىللىنىپ خاس نام — تەرتىپكە ئىگە بولدى⑨. شۇنداق قىلىپ 10 - ئەسىردىن باشلانغان 12 مۇقاملىشىش دولقۇنى نەۋائى (1441 - 1501) مۇقام مەكتىپىدە تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈپ، 16 - ئەسىردىن كېيىن خۇراسان ۋە ماۋەرائۇننەھر ئۆلكىلىرىدە ئالتە، يەتتە ۋە سەككىزلىشىشكە قاراپ يۈزلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن شىنجاڭدا (ئۇيغۇرلاردا) يەنىلا ئەنئەنىۋى 12 لىك قېلىپىنى ساقلاپ قالغان. بۇنىڭ سەۋەبى قەدىكى «خۇ»، «رۇڭ» نەغمىچىلىكىنىڭ سۇجۇپ ۋەكىللىكىدىكى «12 تېمپېراتسىيىلىك كۈي شەكلى»-گە - ئۆز مىللىي ئەنئەنىسىگە ئىزچىل ۋارىسلىق قىلىنغانلىقىدىن دېيىشكە بولىدۇ. ئاشۇ دەۋرلەردىلا خاسلىققا قاراپ يۈزلەنگەن ئۇيغۇر مۇقام ناملىرىنىڭ، مەسىلەن، راك، چەببىيات، مۇشاۋرەك، چۆھال، بايات قاتارلىق كلاسسىك ئۇيغۇر تىلى زېمىنىدا بارلىققا كەلگەن تۈركىي ناملارنىڭ ⑩ يەك قەدىمىيلىكى ھەمدە ئابدۇراخمان جامى ۋە كەيكاۋۇسنىڭ مۇزىكا رىسالىلىرىدە كۆرسىتىلگەن نەۋا، ئىراق، سىگاھ، پەنجىگاھ، چارگاھ قاتارلىق يېڭى پارسچە ناملارنىڭ ئۇيغۇرلارغا ئۆزلىشىپ بىر پۈتۈن كلاسسىك سىستېما ھاسىل قىلغانلىقى بىزنىڭ دىققىتىمىزنى تارتىدۇ.

تارىخىي ۋە ئەمەلىي ئۇچۇرلارغا ئاساسلانغاندا، ئون ئىككى مۇقامنى ئۇيغۇر مۇزىكا مەدەنىيىتىدىكى بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە، يۇرۇشلەشكەن، سىستېمىلاشقان كلاسسىك سالاپەتلىك تارىخىي مىراس ئەھمىيىتىدە تونۇش ۋە مۇئەييەنلەشتۈرۈش يەكەن سەئىدىيە زامانىسىدىلا روياپقا چىققان ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى مۇقام مۇزىكىسىغا ئائىت مەنبەلەردە ئوتتۇرا

ئاسىيا ۋە پارس رايونىدىكى مۇقاملارنىڭ نام ـ تەرتىپى، لاد تىزمىسى، مىلودىنىڭ تەركىبى، ھەر بىر مۇقامنىڭ نەغمە سانى ۋە ژانىرلىرى، چالغۇ ئەسۋابلارنىڭ پەدە تۈزۈلۈشى قاتارلىق ئامىللار تېخى تولۇق قېلىپلاشمىغانلىقى مەلۇم. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزگىچە يېتىپ كەلگەن يازما مەنبەلەرگە ئاساسلىنىپ (گەرچە يېتەرلىك بولمىسىمۇ) سۇلتان ئابدۇررەشىتخان باشچىلىقىدىكى خانلىق ئوردا مۇئەسسەسىنىڭ يېتەكچىسى ئالىم ۋە ئەدىپ قىدىرخان يەركەندى (1500-1572) ۋە مەشھۇر مۇقامشۇناس، شائىرە ئامانىسا خانىش (1534 ـ 1567) لار ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنى قېزىش، رەتلەش سىستېمىلاشتۇرۇش، مىللىي كلاسسىك تۈسكە ئىگە قىلىش ۋە قېلىپلاشتۇرۇشتا ۋەكىللىك ئورۇننى ئىگىلەيدۇ، دەپ ئېيتالايمىز. بۇ پىكرىمىزنى نوپۇزلۇق تارىخىي ئەسەرلەردىن مىرزا ھەيدەر كۆرەگان (1499 ـ 1551) نىڭ «تارىخى رەشىدىي»، مەھمۇد جوراس (17 ـ ئەسىر) نىڭ «تارىخى رەشىدىي زەيلى»، موللا مۇسا سايرامى (1836 ـ 1917) نىڭ «تارىخى ھەممىدى» ۋە مەخسۇس مۇقام ھادىسىسىگە بېغىشلانغان موللا ئىسمەتۇللابىننى موللا نېمەتۇللا مۆجىزىنىڭ 1854 ـ يىلى يازغان «تەۋارىخىي مۇسىقىيۇن» قاتارلىق ئەسەرلەردىكى مۇناسىۋەتلىك بايانلار دەلىللەيدۇ. بولۇپمۇ مۆجىزىنىڭ بۇ رىسالىسىدىكى مۇقاملارنىڭ تارىخىي ۋە ئېتنىك مەنبەسىگە ئالاقىدار بەزى بايانلار ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان ئەپسانىۋى مەنبەلەرگە ئاساسلانغان بولسىمۇ، لېكىن قىدىرخان يەركەندى بىلەن ئامانىساخانىنىڭ نام شەرىپى ۋە تۆھپىسى ھەققىدە تونجى ۋە يېگانە تارىخىي ئۇچۇر بەرگەنلىكى بىلەن تولىمۇ قىممەتلىك تارىخىي مىراس ھېسابلىنىدۇ. «رىسالە» دەرۋەقە، دەل مۇشۇ دەۋر (16 ـ ئەسىر) ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ ھازىرقى گەۋدىسىنىڭ شەكىللەنگەن دەۋرى بولۇپ، زامانىمىزغا يېتىپ كەلگەن بۇ مۇقام سىستېمىسى قەشقەر يېڭىسارلىق شائىر موللا سابىر بىننى ئابدۇلقادىر ناقىس (1840 ـ 1920) نىڭ «غ» ھەرپىگە يازغان 6 ـ غەزىلى بىلەن «ھەرگىز» رادىفلىق قىتئەسىدە راك، چەببىيات، سىگاھ، چارىگاھ، پەنجىگاھ، ئۇششاق، راست، بايات، ناۋا، ئۆزھال، ئەجەم، ئىراق تەرزىدە تەكرار ئۇچرايدۇ. ناقىس دەۋرىدىكى مۇشۇ مۇقام ناملىرى 17 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ياشىغان ئاتاقلىق شائىر بابا رەھىم مەشرەپنىڭ «ساتارىم تارىغا جان رىشتىسىدىن تار ئىشىپ سالسام» مەتلەئى بىلەن باشلىنىدىغان غەزىلىدە تېخىمۇ ئېنىقراق ئۇچرايدۇ. مەشرەپ تىلغا ئالغان مۇقام ناملىرىنىڭ تىزىملىكىدىكى بارلىق مۇقاملارنىڭ «ئاتىسى» (ئەڭ كونىسى) دەپ قارالغان «ھۈسەينى» مۇقامىدىن باشقا ئون ئىككى مۇقامنىڭ نامى زامانىمىزدىكى ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ ناملىرى بىلەن پۈتۈنلەي بىردەكلىكى بىزنىڭ دىققىتىمىزنى تارتىدۇ. ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ ئەنە شۇ سەئىدىيە دەۋرىدىكى قېلىپلاشقان ۋە سىستېمىلاشقان كلاسسىك نۇسخىسى شۇ دەۋرگە تۇتىشىدىغان كەسپىي مۇقامچىلاردىن ئاكا ـ ئۇكا ھېلىم، سېلىم ۋە ئۇلارنىڭ شاگىرتى ئىبراھىم قالۇن، ئۇنىڭ ئوغلى ھاشىم ساتار، ئۇنىڭ ئوغلى قاۋۇل قالۇن، ئۇنىڭ ئوغلى تەۋەككۇل ئاخۇن، ئۇنىڭ ئوغلى تۇردى ئاخۇن قاتارلىق نەچچە ئەۋلاد مۇقامچىلار ئارقىلىق ئۈزۈلمەي ئېقىن ھاسىل قىلىپ بۈگۈنكى دەۋرگە يېتىپ كەلگەنلىكى ئۇنىڭ ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق كلاسسىك سالاھىيىتىنى نامايان قىلىدۇ.

مۇقام تەتقىقاتلىرىدا كۆپ قېتىم تىلغا ئېلىنغان يۇقىرىقى ئاساسىي پىكىرلەرنى قايتا تەكرارلىشىمىزدىكى مەقسەت ـ مۇددىئا شۇكى، بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولغان مۇقام ھادىسىسى، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىي مۇزىكا مەدەنىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان يېگانە كلاسسىك مىراس ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي ماھىيىتى بىلەن چوڭقۇر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تونۇپ «ئىككىلەمچى مەنبە»لەرگە مۇۋاپىق باھا بېرىش ئۈچۈندۇر. مەزكۇر مۇلاھىزىلە تەكىتلىمەكچى بولغان نۇقتا ئەل كېيىنكى مەسىلىدۇر.

يېقىنقى يىللاردا ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى — «ئون ئىككى مۇقام» تەتقىقاتىدا ئېرىشكەن دەسلەپكى نەتىجىلەرنىڭ تۈرتكىسى ۋە ئىلھامى بىلەن ھەرقايسى يۇرت - رايونلاردىكى يەرلىك «مۇقام»لارنى قېزىش، رەتلەش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن ئارقا - ئارقىدىن «دولان ئون ئىككى مۇقامى»، «قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامى»، «ئىلى — ياركەنت ئون ئىككى مۇقامى»، «تۇرپان ئون ئىككى مۇقامى»، «خوتەن — قارىقاش ئون ئىككى مۇقامى»، «توقسۇن دەرداخ ئون ئىككى مۇقامى» قاتارلىق يەرلىك «مۇقام»لار شەكىللىنىپ، ئايرىم كىتابچە سۈپىتىدە نەشر قىلىنىدى. باشقا يۇرتلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ خاس يەرلىك «مۇقام»لىرىنى تۈزۈش ئۈستىدە جىددىي ھازىرلىق كۆرمەكتە. خاسلىق نۇقتىسىدىن ئالغاندا، يەرلىك «مۇقام»لار ھەققىدىكى بۇ خىل ئىزدىنىشلەر ئۇيغۇر مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ ھەقىقەتەن ئىنتايىن باي بىر خەزىنە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشتا پايدىلىق، دەپ قارايمىز. لېكىن يەرلىك «مۇقام»لار توغرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان مۇلاھىزىلەردە «ئانا مۇقام» ۋە «بالا مۇقام» ئەپكۇرى قوزغىلىپ، بىر پۈتۈن مىللىي گەۋدىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان مۇزىكىلىق مۆجىزىسىم — ئۇيغۇر كلاسسىك ئون ئىككى مۇقامى بىلەن ئورۇن - دەرىجە تالىشىش، يەرلىك نەغمە - نەغمىلىرىنى مۇقام ئەندىزىسىگە سۆرەپ كىرىپ، سۇنئىي ھالدا «بوشلۇق» تولدۇرۇش — «مەنبە قانچە قەدىمىي بولسا شۇنچە ئابرۇيلۇق بولىدۇ» دەيدىغان سادda كلاسسىزىم چۈشەنچىسى بويىچە تارىخىي مەنبە يىراقلىقىنى قوغلىشىش، يەرلىكتە بولمىغان «مۇقام» ناملىرىنى ياساش — قاتارلىق بىنورمال قاراشلار بىخ سۈرمەكتە.

دېمەكچىمەن، يەرلىك مۇقاملار ھەققىدىكى مۇلاھىزىلەردە ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا (يۇرت ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىدا) ئوتتۇرىغا چىققان چەلەككۈش قاراشلار، سۇنئىي يېزىكلەنگەن بىر دۆۋە «مۇقام» ناملىرى ئىجادىي يامالغان كۈي — نەغمە سېكىللىرى بىزنى گاڭگىرىتىپ قويماقتا. 2002 - يىلى 12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بىرلىكتە ئاچقان «جۇڭگو ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»غا قاتناشقان ئېلىمىزنىڭ مۇزىكا ئالىملىرى ئۇيغۇرلاردا «مۇقام» چۈشەنچىسى كلاسسىك مۇقامى بار باشقا ئەل خەلقلىرىنىڭ چۈشەنچىسىگە ئازا ئوخشىمايدىغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ، بۇ كۆپ «مۇقام»لارنىڭ ئىچىدە زادى قايسىسى بىر پۈتۈن مىللەتنىڭ مۇزىكا مەدەنىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان «ئانا مۇقام» ئىكەنلىكىنى ئايرىش بىر مۇئەممالىق سىر بولۇپ قالغانلىقىنى، بۇ ھال دۇنيا جامائەتچىلىكى ئورتاق ئېتىراپ قىلىپ يۇقىرى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىۋاتقان ئۇيغۇر مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ مۇتلەق ئابىدىسى — كلاسسىك ئون ئىككى مۇقامنىڭ ئابرۇيى — ئىناۋىتىگە دەخلى — تەرۇز يەتكۈزىدىغانلىقىنى ۋە مۇقام تەتقىقاتىدا بەزى قۇقۇشماسلىقلارنى پەيدا قىلىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. ئۇلار يەتكۈزگەن ئۇچۇرلارغا قارىغاندا، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى قارمىقىدىكى قۇرۇلغان دۇنيانىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ئەنگە ئېلىپ قوغداش كومىتېتىغا جۇڭگونى رەسمىي ئەزا بولۇپ قاتناشقان — بۇ خەلقئارا كومىتېتنىڭ قانۇن - نىزامى ۋە ئەمەلىيەتلىنىشىغا روھى ۋە تەلىپىگە ئاساسەن ئېلىمىزنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە تىپىك ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت مىراسلىرى قاتارىدا ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنى يوللاشتا ئىلتىماس سۇنماقچى بولغان. لېكىن مۇقام مەسىلىسىدە يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك ئەرزىيلىشى

ۋە ئەمەلىي جەھەتتىن تېخى بىرلىككە كەلمىگەن قاراشلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى تۈپەيلىدىن بۇ ئىلتىماسنى سۇنۇشقا قىيىنچىلىق تۇغۇلغانلىقى مەلۇم. چۈنكى خەلقئارا ئۆلچەم ھېچقاچان بىزنىڭ ھېسسىي قىزغىنلىقىمىز بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايدۇ. مەن ئۆتكەن يىلى ئون ئىككىنچى ئايدا تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئەنقەرەدە ئېچىلغان «ئاتا تۈرك ۋە دۇنيا كۇلتۇرى (مەدەنىيىتى)» خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشىش پۇرسىتىدە تۈركىيە ۋە ئەزەربەيجاننىڭ كلاسسىك مۇقاملىرى بىلەن يۈزەكى تونۇشتۇم. ئۇلاردىمۇ مىڭ يىللار مابەينىدە ئۈزچىل داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان، ھەتتا «كونيا ساماسى» دا يۈرۈشلەشكەن ۋە قېلىپلاشقان يەرلىك نەغمە - كۈي سىستېمىلىرى خېلى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بىر كلاسسىك «ئانا مۇقام» دىن باشقا يەرلىك نەغمە كۈيلەرنى «مۇقام» ئىبارىسى بىلەن تارتۇقلىمايدىكەن. بۇ خىل ئەھۋال مۇقام سىستېمىسىغا ئېرىشكەن ئەللەرنىڭ ھەممىسىدە شۇنداق. بىز بۇ ئارقىلىق «بىر مىللەتتە پەقەت بىرلا مۇقام بولۇشى شەرت» دەپ ھۆكۈم قىلماقچى ئەمەسمىز. چۈنكى ھەرقانداق بىر مەدەنىيەت ھادىسىسى كۆپ قىرلىق ۋە كۆپ خىللىق ئالاھىدىلىككە ئىگە بولىدۇ، ئەلۋەتتە، مۇقاملىشىش بىر مىللەت مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ «كۆپ قىرلىق، كۆپ خىللىق» ئالاھىدى- لىكلىرىنى يىغىنچاقلاش، مەركەزلەشتۈرۈش، بىر گەۋدىلەشتۈرۈش ئاساسىدا شەكىللەنگەن مۇستەھكەم مۇزىكىلىق قۇرۇلما. خۇددى پىشقەدەم مۇزىكانت ۋەن تۈگشۇ ئەپەندى ئېيتقان- دەك، «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كلاسسىك مۇزىكىسى ‹ئون ئىككى مۇقام› ئۇيغۇر مىللىتى مۇنەۋۋەر مۇزىكا سەنئەت شەكىللىرىنىڭ يۇقىرى دەرىجىدىكى تەرەققىياتىنىڭ نەتىجىسى. ئۇ ئون ئىككى پارچە چوڭ ھەجىمدىكى مۇزىكىلىق ئەسەر سۈپىتىدە، ئۇيغۇر كۈيشۇناسلىقىنىڭ تارىخىي راۋاجى يۇسۇنىدا مەيدانغا كەلگەن.»⑪

شۇنى ئەسكەرتىش كېرەككى، ھازىر «كلاسسىك» دېگەن بۇ نام - تاجنى خالىغانچە ھەممىنىڭ بېشىغا كىيدۈرۈپ قويىدىغان ساختا ماختانچاقلىق ئەۋج ئېلىپ قالدى. ئەسلىدە «كلاسسىك» دېگەن بۇ ئىسىم لاتىنچە سۆز بولۇپ، لۇغەت مەنىسى — «پەن، سەنئەت ۋە ئەدەبىيات ساھەلىرىنىڭ مەشھۇر بولغان ھەم شۇ ساھەدە باشقىلارغا نەمۇنە ياراتقان، ئېتىراپ قىلىنغان ئەربابى»⑫ دېمەكتۇر. بۇنداق سالاھىيەت پەقەت ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىغىلا مەنسۇپ بولۇپ، «ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى — قومۇل مۇقاملىرى» دېگەندەك، يەرلىك نەغمە سېكىللىرىغىمۇ بۇ «تاج»نى كىيدۈرۈش ئەقىلگە مۇۋاپىق ئەمەس.

مۇلاھىزە قىلىشقا تېگىشلىك ئىككىنچى نۇقتا شۇكى، يەرلىك مەشرەپ نەغمە - كۈي سېكىللىرى بىلەن مۇقاملارنى پەرقلەندۈرۈش كېرەكمۇ ياكى ئۇلارنىمۇ ئوخشاشلا «مۇقام» دەپ ئاتاش كېرەكمۇ؟ بۇ ھەم نەزەرىيىۋى ھەم رېئال مەسىلە بولۇپ، مۇقام تەتقىقاتىدا غۇلغۇلا پەيدا قىلىۋاتقان ئەمەلىي تېما ھېسابلىنىدۇ. بىز بۇ مۇئەممانى يېشىشتە ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ يەرلىك «مۇقام» لارنىڭ ئومۇمىي ھالىتىنى سېلىشتۇرما قىلىمىز. سەھىپىمىزنىڭ چەكلىكلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۆرنەك سۈپىتىدە گەپنى «دولان مۇقاملىرى» دىن باشلايلى.

دولان «مۇقاملىرى» ئاساسەن مەركەزلىك ھالدا قەشقەرنىڭ مەكىت، مارالبېشى ۋە ئاقسۇنىڭ ئاۋات ناھىيىلىرىگە تارقالغان نەغمە - كۈي ۋە مۇقىملاشقان ئالاھىدە ئۇسسۇل ئۇسلۇبىغا ئىگە قەدىمىي ۋە ئىپتىدائىي فولكلور مەدەنىيەت بايلىقى. ئۇ يۇقىرىقى ئۈچ ناھىيىنى نۇقتا قىلغان ھالدا يەنە ئۆزلىرىنى «دولانلىقلار» دەپ ئاتايدىغان تارىم دەرياسى ۋادىلىرىغا تۇتاش كەتكەن بوستان - باياۋانلارنى ماكان قىلغان ئۇيغۇر يېزا - قىشلاقلىرىغىمۇ

www.uyghurkitap.com



يېپىلغان. دولان «مۇقاملىرى» ھەققىدە يېزىلغان مەخسۇس ئەسەرلەر ۋە تەتقىقات ماقالىلىرىدا «دولانلىقلار زادى كىم؟»، «‹دولان› نامىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى نېمە؟» دېگەن مەسىلىلەر ھەققىدە ئالاھىدە توختالدى ۋە بۇ ھەقتە ئون نەچچە خىل ئوخشىمىغان چۈشەنچىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ ئايرىم تەتقىقات تېمىسى بولغاچقا، مەزكۇر ماقالىدا بۇ مەسىلىگە ياندىشامايمىز. ئەلۋەتتە، جامائەتچىلىكنى قىزىقتۇرغان «دولان» ئىبارىسى يەكەن – تارىم ۋادىسىغا يېيىلىپ جايلاشقان بۇ بىر توركۇم ئۇيغۇر ئاھالىلىرىنىڭ «دولان مەشرەپ مۇقاملىرى»نى گەۋدە قىلغان فولكلورلۇق مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ تارىخى مەنبەسىنى ئېنىقلىغۇچى بىردىنبىر ھالقا ئەمەس. چۈنكى، مىلادىيە 10 – ئەسىردىن بۇرۇنلا خىلمۇ – خىل ناملانغان ئۇيغۇر ئېتنونىمى تەركىبىدىكى ئۇرۇق – قەبىلىلەر بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتى گەۋدىسىنى ھاسىل قىلىپ، شەھەرلەشكەن ئولتۇراق ھايات چەمبىرى ئىچىدە ئۇرۇقچىلىق ۋە قەبىلىچىلىك ئامىللىرىدىن پۈتۈنلەي ئادا – جۇدا بولغانلىقى ھەممىگە ئايان تارىخىي پاكىت. ئومۇمىيلىق نۇقتىنەزىرىدە شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، «دولان» مەيلى قەدىمكى مۇئەييەن بىر ئۇرۇق – قەبىلىنىڭ نامى ياكى ئۇلارنىڭ ئالاھىدە جۇغراپىيىلىك مۇھىت ئاستىدا باشقا رايونلاردىن پەرقلىق بولغان خاس تۇرمۇش مەدەنىيىتى ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن باشقىلار تەرىپىدىن قويۇلغان سىمۋوللۇق نام بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق بىر ئەزاسى ئىكەنلىكىدە ھېچقانداق شەك – شۈبھە يوق. بۇ پىكرىمىزنى مىللىي گېنېئالوگىيىلىك ئوخشاشلىق دەلىللەپ بېرىدۇ.

ئەمدى «دولان مۇقاملىرى» دەپ ئاتالغان نەغمە – كۈي سىكىللىرىنى ئۇيغۇر كلاسسىك ئون ئىككى مۇقامى بىلەن سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، ئۇنىڭ «مۇقام» سالاھىيىتىگە ئىگە ياكى ئىگە ئەمەسلىكى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىمىز.

ھەرقانداق بىر مۇزىكىلىق سەنئەت مۇئەييەن جۇغراپىيىلىك مۇھىت بىرلىكى ئىچىدىكى خەلق توپىنىڭ قەدىمدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان فولكلور مەدەنىيىتى ۋە ئېستېتىك قاراشلىرىنىڭ مىللىي پىسخىكا چەمبىرىكىدە يۇغۇرۇلۇپ چىققان روھىي مۇئەككىلى بولۇپ، ئۇ ھەم سىنكرېتلىككە ھەم بىر پۈتۈن مىللىيەتلىككە ھەم يەرلىك خاسلىققا ئىگە بولىدۇ. بىز ئادەتتە رادىئو – تېلېۋىزورلاردىن بىرەر يېڭى ناخشا – مۇزىكىنى ئاڭلىساق، ئېستېتىك سەزگۈمىزگە تايىنىپ، ئۇنىڭ قايسى يۇرتنىڭ يەرلىك ناخشا – مۇزىكىسى ئىكەنلىكىنى دەرھال پەرەز قىلالايمىز. لېكىن يەرلىك تۈستىكى بۇ ناخشا – مۇزىكىلار ئومۇملۇق جەھەتتە بىر پۈتۈن مىللەتنىڭ سەنئەت گېنى بىلەن يىلتىزداش بولغاچقىلا بىز ئۇنىڭدىن ئېستېتىك لەززەت ئالىمىز. دولان مەشرەپ – ئەلنەغمىلىرى ئەنە شۇنداق ئالاھىدە مۇھىت ئىچىدىكى يەرلىك تۈسى ئىنتايىن قويۇق بولغان، ھەمدە سىرتقى مەدەنىيەتلەرنىڭ تەسىرىدىن بىر قەدەر خالىي ھالدا ئۆزىنىڭ قەدىمىيلىك ھالىتىنى ساقلاپ قالغان گەۋدىلىك خاسلىققا ئىگە نەغمە – كۈي سىكىللى بولۇپ، ئۇ تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىككە ئىگە:

1. قەدىمىيلىكى — دولان مەشرەپ – نەغمە كۈيلىرىنىڭ مۇزىكا ۋە ئۇسسۇل تىلى بىلەن ئىپادىلىگەن بىر پۈتۈن سېمانتىكىلىق مەنە قاتلىمىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭدا قەدىمكى ئوۋچىلىق، كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىك مۇھىتىدىكى تۇرمۇش ئالاھىدىلىكلىرى ھەمدە قەدىمكى كۆكتەڭرى ۋە توتېمىزم ئېتىقادىغا مەنسۇپ «ساما ئۇسسۇلى» (دولان نەغمە – كۈيلىرى تەركىبىدىكى «سامۇن باياۋان»نى «ساما»نىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى دېگۈچىلەرمۇ بار.) ئەكس ئېتىلگەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. بۇ ھالەت، بولۇپمۇ ئۇسسۇل ھەرىكىتى قېلىپلاشقان تۆت

ئۆزگىرىشلىك دولان مەشرەپ ئۇسسۇللىرىدا روشەن گەۋدىلىنىدۇ. ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەم-
مەتئىمىن ئۆزىنىڭ «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى» ناملىق مونوگرافىيىسىدە، دولان، قۇمۇل
ئەلنەغمىلىرىنىڭ مىلىس - مەشرەپ خاراكتېرىدىكى ئاممىۋى فولكلور پائالىيىتى ئىكەنلى-
كى، مۇزىكا، ناخشا، ئۇسسۇلدىن ئىبارەت ئۈچ خىل مۇزىكا ئامىللىرىنى ئۆز ئىچىگە
ئالغانلىقى، مەشرەپ ئويۇنلىرىنىڭ بىردەكلىكى، نەغمە تېكىستلىرىنىڭ ئاساسەن خەلق قو-
شاقلىرىدىن تۈزۈلگەنلىكى ۋە مۇقىملىقتا ئىگە بولمىغانلىقى قاتارلىق جەھەتلەردىكى رېئال
ئورتاقلىقلار ھەمدە ئېتنىك مەنبە جەھەتتىن بۇ خەلقلەرنىڭ شەرقىي خەن دەۋرىدىكى
«لولەن» - لوپچىن - مىران مەدەنىيەت ئۇچبۇرجىكىگە تەۋە ئىكەنلىكى ۋە بۇ مەنسۇبىيەت
ئارقىلىق جاڭ چيەن خاتىرىلىگەن «ماھادور» نەزمىسىگە تۇتىشىدىغانلىقىدەك نۇرغۇن تارىخىي
ئۇچۇرلار ئارقىلىق دولان مۇقاملىرى بىلەن قۇمۇل مۇقاملىرىنىڭ مەنبە جەھەتتىن يىلتىز-
داشلىقىنى كۆرسىتىدۇ.⑬ مېنىڭچە بۇ خېلى ئىشەنچلىك كۆز قاراش بولۇپ، دولان نەغمە
- كۈيلىرىنىڭ تارىخىي جەھەتتىن قەدىمىيلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. دولان
نەغمە - سېكىللىرىنىڭ قەدىمىيلىك ئالاھىدىلىكىنى بەزىلەر «ئىپتىدائىي» دېگەن نام بىلەن
ئېنىقلىدى. بۇ ئىبارە (1) ئەڭ دەسلەپكى، ئەڭ يىراق قەدىمكى زاماندىكى، باشلانغۇچ؛
ئىپتىدائىي دەۋر؛ (2) ئەڭ ئاددىي، ساددا، يۈزەكى دېگەندەك ئىككى خىل لۇغەت مەنىسىگە
ئىگە. دولان مۇقاملىرىنىڭ مۇزىكىلىق خاراكتېرىدىن قارىغاندا، ئۇنى «ئىپتىدائىي» دېگەن
نام بىلەن سۈپەتلەشنىڭ نىسپىي مۇۋاپىقلىقىنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ.

2. نەغمە كۈي ناملىرى - ھازىرقى دەۋردە دولان رايونلىرىدا يەككە ياكى ئومۇمىي
ھالدا تىلغا ئېلىنىپ كېلىنىۋاتقان ناملار باش باياۋان، بوم باياۋان، زىل باياۋان، سىم
باياۋان، موغال باياۋان، سامۇق باياۋان، ئوزال، ئەرزال، خودەك باياۋان، جولا (جىلو،
جىلى) باياۋان، دوگامەت باياۋان، راك (رەك)، ناۋا، چول باياۋان، مۇشاۋرەك، چۆل
باياۋان، يەكتەك باياۋان، دوتار باياۋان، بوستان باياۋان، قەمبەر باياۋان قاتارلىقلاردۇر.
بۇنداق «باياۋان» لارنىڭ سانى ئەل ئارىسىدا 44 كە يەتكەن. كېيىنرەك بۇ باياۋانلارنى
تۈرلەندۈرۈپ «ئون ئىككى ئاچال - شاخ» قا جەملىگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن تاللانغان ۋە
تاللانمىغانلىرى قوشۇلۇپ، «ئون ئىككى ئاچال، ئوتتۇز ئىككى باياۋان» دەپ ئاتىلىپ
كەلگەن.⑭ بۇ «باياۋانلار» نىڭ ئىچىدە دولان «باياۋان» لىرىنىڭ ئاھاڭ - لاد سىستېمىسىغا
ئوخشىمايدىغان ئەركىن ئۇسسۇللۇق «ئۇششاق پەدە» لەرمۇ بار. 90 - يىللاردىن كېيىن
رايونىمىزدىكى مەدەنىيەت تەتقىقات ئورگانلىرىنىڭ مەخسۇس خادىملىرى مەكىت، مارالبېشى
ۋە ئاقسۇ ئاۋات رايونلىرىدا ئەمەلىي تەكشۈرۈش ۋە رەتلەش ئارقىلىق دولان «مۇقام» لىرىنىڭ
ئۈچ رايوندىكى ناملىرىنى تۆۋەندىكى سىخېما بويىچە تەرتىپكە سالغان (سىخېمىغا قاراڭ). بۇ
سىخېمىدىن قارىغاندا، بىر مۇقامنىڭ ئۈچ رايوندىكى ناملىرى تولۇق بىرلىككە كەلمىگەن،
ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ مۇقاملارنىڭ رەت تەرتىپىمۇ بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ. تېخى سىستېمى-
لاشمىغان بۇ ناملارنىڭ بەزىلىرى («باياۋان» نامى بىلەن ئاتالغان نەغمىلەر) دولانلىقلار
ئارىسىدا ئەنئەنە بولۇپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ناملار، يەنە بەزىلىرى (راك، مۇشاۋرەك،
ناۋا، ئۆزھال قاتارلىقلار) ئۇيغۇر كلاسسىك ئون ئىككى مۇقامى ئەندىزىسىدە تېخى يېقىنقى
يىللاردا، ئۇنى تەتقىقاتچىلىرىمىز تەرىپىدىن تەخمىنەن قويۇلغان مەنبەسىز ناملار دېيىش
مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە قەدىمدىن تا ھازىرغىچە دولانلىقلار ئارىسىدا «مۇقام» دېگەن نام
قوللىنىلمىغان. ئەكسىچە، «دولان مۇقامى» دېگەنىنىڭ ئورنىغا «دولان نەغمىسى»، «مۇقامچى»

ئورنىغا «نەغمىچى»، «نەغمىكەش»، «مۇقام ئېيتىش» ئورنىغا «باياۋان توۋلاش» دەپ ئاتاش ئومۇملاشقان. بۇنىڭدىن «باياۋان» - دولان نەغمە كۈيلىرىنىڭ دەسلەپكى خاس نامى ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. «باياۋان» ئىبارىسى ھازىرقى لۇغەت مەنىسى بويىچە «چۆل - جەزىرە»، «جاڭگال»، «بىپايان قۇرغاق دالا» دېمەكتۇر. دولانلىقلارنىڭ ياشاش مۇھىتىغا قىياسلاپ «چۆل جەزىرىدە توۋلانغان غەزەل» مەنىسىدە «باياۋان» ئىبارىسى «مۇقام» نامىغا سىڭدۈرۈلۈپ قوبۇل قىلىنغانمۇ ياكى دولانلىقلارنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرىنىڭ تىلىدا بۇ ئىبارىنىڭ يەنە باشقىچە مەنىسى بارمۇ، بۇ تېپىشماقنىڭ سىرى بىزگە نامەلۇم. ئەيتاۋۇر دولانلىقلارنىڭ «مۇقام» نامىنى «باياۋان» دەپ ئاتاپ كەلگەنلىكى راست.

| مۇتەللىپ سىيىت قاتارلىقلارنىڭ «دولان مەشرەپ مۇقاملىرى» دا | | مۇھەممەت ئوسماننىڭ «دولان مەشرەپ مۇقاملىرى» دا | | ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىنىڭ «مۇقام خەزىنىسى» دە | |
|---|---|---|---|---|---|
| ئاقسۇ ئاۋات ناھىيىسىدە | مەكىت ناھىيىسىدە | مارالبېشىدا | ئاقسۇ ئاۋات ناھىيىسىدە | ئاقسۇ ئاۋات ناھىيىسىدە | مەكىت ناھىيىسىدە |
| باش باياۋان | باش باياۋان | زىل باياۋان | باش باياۋان | باش باياۋان | راك (رەك) |
| بوم باياۋان | زىل باياۋان | بوم باياۋان | بوم باياۋان | بوم باياۋان | بوم باياۋان |
| باياۋان | چۆل باياۋان | سىم باياۋان | سىم باياۋان | سىم باياۋان | زىل باياۋان |
| سىم باياۋان | ئۆتەك باياۋان | باش باياۋان (راك) | چۆل باياۋان | باياۋان | سىم باياۋان |
| چوغال باياۋان | بوم باياۋان | جۇلا | سامۇق باياۋان | موغال باياۋان | ئوززال |
| سامۇق باياۋان | سىم باياۋان | چۆل باياۋان | جىلو باياۋان | سامۇق باياۋان | جۇلا (جىلىر) |
| جۇلا باياۋان | جۇلا | سامۇق باياۋان | دولامەت باياۋان | جۇلا باياۋان | مۇشاۋرەك |
| چۆل باياۋان | خودەك باياۋان | ناۋا | ئەرزال باياۋان | چۆل باياۋان | دوگامەت باياۋان |
| دولامەت باياۋان | دوگامەت باياۋان | دوگامەت باياۋان | ناۋا | دوگامەت باياۋان | خودەك باياۋان |
| دولان ساداسى | بوستان باياۋان | چۆل بۈيۈك باياۋان | مۇشاۋرەك | | |
| بەشئىرىق بوستان1 | ساباھ بايان | دۇتار بايان | | | |
| بەشئىرىق بوستان 2 | | يەكتەك بايان | | | |

3. مۇزىكىلىق تۈزۈلۈشى – دولان نەغمە – كۈي سىستېمىسى ئۇيغۇر فولكلورىدىكى مۇقەددەس سان «9» غا تەقلىد قىلىنىپ توققۇز بۆلەك (مۇقام) غا جەملەنگەن. ھەربىر بۆلەك تىزمىلىرى 2/4 ئۇدارلىق «باياۋان بېشى»، 3/4 ئۇدارلىق «چېكىتمە»، 4/4 ئۇدارلىق «چېكىتمە»، 4/4 ئۇدارلىق «سەنەم»، 5/8 ئۇدارلىق «سەلىقە»، 2/4 (5/8) ئۇدارلىق «سىرىلمە» دىن ئىبارەت بەش نەغمە – ئۇسسۇل ئۆزگىرىشىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، جەمئىي 45 نەغمە، 204 مىسرادىن تۈزۈلگەن. دولان نەغمە – كۈي سېكىللىرى مەشرەپ – سەنەم ئىچىدىكى ئاممىۋى نەغمە بولۇپ، ئەركىن ئۇدارلىق باشلىنىش نەغمىسىدىن كېيىنلا مەشرەپ ناخشا – ئۇسسۇلى باشلىنىدۇ. «باياۋان بېشى» مۇزىكىغا تەڭكەش قىلىنمىغان ھالدا، نەغمىچىلەر قوللىرىدىكى داپنى يېنىك سىلكىتىپ «ۋاي ئاللا» نى يۇقىرى ئاۋازدا تۆت قېتىم تەكرارلاپ مەشرەپكە ئادەم يىغىش مەقسىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇ شەكىل ئېھتىمال قەدىمكى ئۆۋچىلىق نەغمە شەكلى ئەنئەنىسىدىكى كىشىلەرنى تۈتېم مۇراسىمىغا توپلاش، جەڭگە ياكى شىكارغا چاقىرىشتەك قەدىمكى مۇراسىملاردىن قالغان ئادەت بولۇشى مۇمكىن.

دولان مەشرەپ نەغمىلىرىنىڭ لاد تەرتىپى، رىتىمى ۋە مېلودىك تۈسىدىن قارىغاندا قويۇق باياۋان پۇرىقىغا ئىگە بولۇپ، سەنەم مۇزىكا رىتىمى، تەرتىپى، ھەرىكەت تەكشىلىكى قاتتىق قېلىپلاشقان. ئەر – ئايال جۈر بولۇپ ئوينايدىغان مۇنداق سەنەم شەكىللىك ئۇسسۇللار بىر خىل جاسارەت ۋە كوللېكتىپ كۈچىنى نامايان قىلغان ھالدا ھەرىكەتتە بىر خىل رىتىمدارلىقنى ئۆلچەم قىلغان. شۇڭا، ھەرقانداق ئۇيغۇر ئۇسسۇل ئوينىيالىسىمۇ، دولانلىقلاردىن باشقا، جۈملىدىن دولان ئۇسسۇلىنى مەخسۇس مەشق قىلىپ ئۆگەنمىگەنلەرنىڭ دولان ئۇسسۇلىنى ئوينىيالىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە دولان نەغمە سېكىللىرى قويۇق ئاممىۋى تۈستىكى مەشرەپ ئېھتىياجىنى چىقىش قىلغاچقا، مۇزىكىلىق تاۋۇش دەرىجىسى (گامما) ۋە دېنامىكىلىق تېمپىسى⑮ ئېپىكىلىق ھەرىكەتكە ماسلاشقان. شۇڭا، مۇزىكىلىق سېزىم جەھەتتىكى ئېنتىم لىرىكىلىق تۈسى ئۇيغۇر كلاسسىك ئون ئىككى مۇقامدەك نەف پۇراققا ئىگە ئەمەس. ھەتتا، ھەربىر مۇقامنىڭ نەغمە شەكىللىرى، جۈملىدىن مۇقام بېشى، تەزە، نۇسخا، سەلىقە، سەنەم، پەشرو، تەكت، يارىم ساقى، مۇستەزات، مەرغول، داستان، مەشرەپ، نەغمە، ئۇدار قۇرۇلمىسى ۋە چالغۇلارنىڭ بەستلىنىشى قاتارلىق ھالقىلارىمۇ خېلى چوڭ پەرقلەر مەۋجۇت.

4. تېكىست ئالاھىدىلىكى: ھەممىسىگە مەلۇم بولغانىدەك، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ تېكىستى ئاساسىي گەۋدە جەھەتتىن 16 – ئەسىردىكى يەكەن مۇقام ئىسلاھاتى دەۋرىدە تۇراقلاشقان. بۇ تۇراقلىق تېكىستلەر مۇقام مۇزىكىسىنىڭ مۇرەككەپ ئىچكى ئىنېرتسىيىلىك تاۋۇش ئاكوستىكىسىغا تولىمۇ ماس كېلىدىغان چاغاتاي ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ئىچىدىكى پاساھەتلىك لىرىك غەزەللەردىن، «غېرىپ – سەنەم»، «سەنۇبەر» قاتارلىق مەشھۇر كلاسسىك داستانلاردىن ھەمدە ناھايىتى ئاز نىسبەتتە (تەخمىنەن 10% ئەتراپىدا) ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى دۇردانىلىرىدىن تەركىب تاپقان. مەشھۇر مۇقامشۇناس تۇردىئاخۇن ئاكا ئاغزىدىن 1954 – يىلى بىۋاسىتە لېنتىغا ئېلىنغان مۇقام تېكىستلىرى 2482 مىسرا بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ھەزرىتى ئەلىشىر نەۋائىنىڭ لىرىكىلىرى 52.4% نى تەشكىل قىلىدۇ. (نەۋائىدىن باشقا يەنە 16 نەپەر كلاسسىك شائىرنىڭ غەزەللىرى بار.) كلاسسىك شېئىرىيەتتىن تاللانغان تېكىستلەر ئاساسەن ئارۇز ۋەزىنىنىڭ ھەرقايسى بەھرىلىرىگە مەنسۇپ بولۇپ، تېكىستلەردىكى يەككە تاۋۇشلارنىڭ رىتىم فونكىتسىيىسى مۇقام مۇزىكىلىرىنىڭ مۇرەككەپ ئۆزگىرىشلىك ئاھاڭ

www.uyghurkitap.com

تېمپىسى بىلەن شۇنچىلىك مەھكەم بىرىكىپ كەتكەنكى، ھەتتا بىرەر تېكىستنى ئوخشاش ۋەزىنلىك باشقا بىر شېئىر بىلەن ئالماشتۇرسا مۇزىكىلىق ئىنتوناتسىيىگە ماس كەلمەيدىغان ھالەت شەكىللەنگەن . ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتىدە مۇزىكا تېكىستنىڭ مۇستەھكەم بىرلىكىگە ئەزەلدىن ئەنە شۇنداق يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىلگەچكە، بىرقانچە قېتىملىق مۇقام تېكىستلەرىنى «ئىسلاھ قىلىش» ، «يېڭىلاش» دولقۇنلىرى سىناققا بەرداشلىق بېرەلمەي كۆپۈكتەك لەيلەپ قالدى. بۇ نەتىجىسىز تەجرىبىلەر بىزگە مۇقام تېكىستلىرىنىڭمۇ خۇددى مۇقام مۇزىكىلىرىدەك كلاسسىك سالاپەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. خالاس.

ۋاھالەنكى، پىكىر مەركىزىمىزدە تۇرۋاتقان «دولان مەشرەپ مۇقاملىرى» نىڭ تېكىستى ئاساسەن خەلق قوشاقلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، ھەربىر «باياۋان» ياكى نەغمە بۆلەكلىرى ئۈچۈن مۇقىملىشىپ كەتكەن تېكىست يوق. تېكىست جەھەتتىكى بۇنداق تۇراقسىزلىق دولان نەغمە ـ كۈيلىرىنىڭ ئاممىباپلىقىنى كۈچەيتىشكە ئاساس بولغان «نەغمە بېشى» (مۇقەددىمە) ئۈچۈن تاللانغان قىسمەن تۇراقلىق تېكىستلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھەربىر نەغمىكەش ئۆزلىرىنىڭ ئىستېتىك تەلىپىگە ئاساسەن ئۆزلىرى بىلىدىغان قوشاقلارنى بەستلىگەن. دولان نەغمىلىرىگە سېلىنغان مۇنداق تېكىستلەر ئاساسەن يەتتە ـ سەككىز بوغۇملۇق مۇستەقىل مەنالىق تۆت مىسرالىق قوشاقلار ۋە مەشرەپ ئويۇنلىرىغا ماس كېلىدىغان ئون بىر، ئون ئىككى بوغۇملۇق بېيتلاردىن تۈزۈلگەن بولۇپ، مىسرالاردىكى بوغۇملارنىڭ تەڭ بولۇشى تەلەپ قىلىنمىغان، ئەگەر تېكىست مىسرالىرىدا ئاھاڭ مۇساپىسىگە يېتىشمەيدىغان بوشلۇق سېزىلسە «ئاللا ـ ئاللا» ، «ئاللايەي ـ ئاللا» ياكى «يارەي» ، «جېنىم خېنىم» قاتارلىق قوشۇمچىلارنى نەقرات قىلىش ئارقىلىق تولۇقلىغان. قىسقىسى، دولان نەغمىلىرىنىڭ تېكىست ئەركىنلىكى، تۇراقسىزلىقى ئورۇنلاش سەنئىتى جەھەتتە زامان ۋە ماكان چەكلىمىسىدىن خالىي قىلغان. ئۇنى يەككە ياكى كوللېكتىپ ھالدا، چۆلدىمۇ، ئۆيدىمۇ، تاغدىمۇ، باغدىمۇ ئېيتسا بولىۋېرىدىغان ئۇنىۋېرساللىق ئەۋزەللىككە ئېرىشتۈرگەن.

دېمەك، يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن تۆت نۇقتىلىق سېلىشتۇرما ئارقىلىق شۇنداق خۇلاسە ـ يەكۈنگە ئېرىشىمىزكى، «دولان مۇقاملىرى» دەپ ئاتالغان نەغمە ـ كۈي سىيكىللىرىنىڭ ئىچكى گارمونىيىسى ۋە تاشقى فۇنكسىيىسى ئۇيغۇر كلاسسىك «ئون ئىككى مۇقامى» دىن پەرقلىنىدۇ. شۇنداقلا كلاسسىك تۈستىكى مۇقاملىشىش ھادىسىسى جەريانىدا نەزەرىيە جەھەتتىن ئۇللەشكەن «مۇقان» ئەندىزىسى بويىچە قارىغاندا، «دولان مۇقاملىرى» (جۈملىدىن باشقا يەرلىك مۇقاملار) تېخى ئۇ شەرتنى تولۇق ئۆزىدە ھازىرلىمىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. شۇڭا، دولان ئۇيغۇرلىرى ئەزەلدىن ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئارامبەخش نەغمە ـ كۈيلىرىنىڭ نامىنى «مۇقام» دەپ ئاتىغان ئەمەس.

بىز نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتىكى دەلىل ـ ئىسپاتلارغا ئاساسەن سۈنئىي قوبۇل قىلىنغان «دولان مۇقاملىرى» ، «دولان ئون ئىككى مۇقامى» ، «دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى» دەپ ئاتاشنىڭ ئورنىغا «دولان چوڭ نەغمىسى — 刀郎大曲 » ياكى «دولان نەغمىلىرى» دېيىش ئەقىلگە مۇۋاپىق، دەپ قارايمىز. دەرۋەقە «ئېتى يوللۇقنىڭ ئىشى ئوڭلۇق» بولىدۇ. مۇشۇنداق ئاتىغاندا، بىرىنچىدىن، دولانلىقلارنىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر بۇ بۈيۈك سەنئەت ئابىدىسىنىڭ ئەمەلىي خاراكتېرىگە ئۇيغۇنلىشىدۇ. ئىككىنچىدىن، «دولان مۇقاملىرى» تەتقىقاتىدىكى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان زىت پىكىرلەرنى ئىلمىي ھالدا بىرلىككە كەلتۈرۈشتە، بۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر سەنئەت بايلىقىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولغان دولان نەغمىلە-

رى ھەققىدىكى تەتقىقاتنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ تېخى يېشىلمىگەن سىرلىق تۈگۈنلىرىنى ئېچىپ بېرىشكە پايدىلىق پۇرسەت يارىتىپ بېرىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، «ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى» تېماتىكىسىدا باشقىلارنىڭ نەزەرىيىدىكى ئۇقۇشماسلىقنى تۈگىتىپ، بىر پۈتۈن مىللەت گەۋدىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان «ئانا مۇقام» ـ ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ ئابرۇيى ـ ئىناۋىتىنى تېخىمۇ ئۈستۈرۈپ، «مەدەنىيەت يۇرتچىلىقى» قاراشلىرىنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلۇشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سۇنئىي شەكىللىنىۋاتقان «ئانا مۇقام» ۋە «بالا مۇقام»لار ئوتتۇرىسىدىكى «تۆر تالىشىش» بەس ـ مۇنازىرىلىرىنىڭ بىھۇدە ئاۋارىچىلىقىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

ئىزاھاتلار:

① ئېتنولوگىيە ـ قەبىلە (مىللەت) شۇناسلىق، مىللىي تەۋەلىكنى ئوبيېكت قىلىپ تەتقىقات ئېلىپ بارىدىغان پەن.

② گېنېئالوگىيە — پەيدا بولۇش مەنبەلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

③ مۇتېڤ — كۈي تەركىبى بۆلىكى.

④ ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى نەشرى، 13 ـ بەت.

⑤ ماھادور — قەدىمكى كۇسەن ـ توخرى تىلىدىكى ئاتالغۇ بولۇپ «ماھا» ـ «چوڭ»، «كاتتا»، «ئۇلۇغ»، «بۈزرۈك» مەنىسىنى بېرىدۇ. «دور» بولسا «ئاھاڭ»، «نەغمە»، «مۇقام» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. تولۇق مەنىسى «ئۇلۇغ دۇر» نەغمىسى دېمەكتۇر.

⑥ مۇشۇ ئەسىردە ياپونىيىنىڭ كيۇتو شەھىرىدىكى «ياگمىن مەدەنىيەت خەزىنىسى»دە ساقلانغان «بەشتار نوتىلىرى» بىلەن «رېنچى خاتىرىلىرى» دىكى غەربىي دىيار نوتىلىرى سەنئەت دۇنياسىنى زىل ـ زىلىگە كەلتۈردى. يېقىنقى يىللاردىن بېرى جۇڭگو مۇزىكا ئالىملىرىدىن خۇاڭ پېيىڭ قاتارلىقلار بۇ مۇزىكا نوتىلىرى ھەققىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، مىللىي ئۇسلۇب ۋە لاد تىزمىلىرى جەھەتتە ۋە نەغمە ـ كۈيلەرنىڭ ھازىرقى ئۇيغۇر خەلق نەغمىلىرى ۋە يەرلىك سەنەم كۈيلىرىنىڭ مۇزىكا پۇرىقىغا ئاھاڭداش ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن.

⑦ 1907 ـ يىلى فرانسىيىلىك پېللىئوت ئېلىپ كەتكەن، ھازىر پارىژ كۇتۇپخانىسىدا «P3808» ئىندېكىس بىلەن ساقلىنىۋاتقان «دۇنخۇاڭ قەدىمكى نوتىلىرى» دىكى تاڭ دەۋرىدە يېزىلغان 25 نەغمە نوتىسىغا قارىتىلغان.

⑧ ئەجەم ـ ئەرەب ـ پارسلاردىن باشقا خەلقلەر، يەنى تۈركىي خەلقلەرنى كۆرسىتىدۇ.

⑨ شەش (پارسچە ئالتە) مۇقامى — بۈزرۈك مۇقامى، راست مۇقامى، ناۋا مۇقامى، سىگاھ مۇقامى، ئىراق مۇقامى.

تۈركمەن يەتتە مۇقامى (چوقاي) ـ مۇقاملار بېشى (مۇقەددىمە)، گانۇر باش مۇقامى (گانۇر ـ قەبىلە نامى)، ئېركىكلىك مۇقامى (غۇرۇر، يىگىتلىك مۇقامى)، ئايرىلىش مۇقامى (ھىجران مۇقامى)، كولتېپە مۇقامى (كولتېپە ـ قورغاننىڭ نامى)، نەلىر كۆرۈندى مۇقامى (يىراقتا نەزەر تاشلاش مۇقامى)، بېركېلى چوقاي مۇقامى (قوشما مۇقام).

ئەزەربەيجان ماقامى ـ راست ماقام، ناۋا ماقام، شور ماقام، سىگاھ ماقام، چارگاھ ماقام، باياد شىراز ماقام، ھۇمايۇن ماقام، شاھناز ماقام، شوشتا ماقام، سەرەنج ماقام، زەربو ماقام (زەربو ماقامى خەلق ماقامى بولۇپ، ئۇنىڭغا «سىمائى شەمس»، «غەيرەتى»، «مەنى»

«مەنسۇربە»، «ئەرەزبەر»، «كەرىمى»، «ئەۋشەرى»، «قاراباغ شىكەستى»، «كىسمەش-كەستى» قاتارلىق چوڭ ناخشا ـ داستانلار كىرىدۇ.)

تۈركىيە (ئانا تولى) داستانلىرى ـ «سۈزنەك»، «ھىجاز»، «ھۇمايون»، «ئۇززال»، «قارچىغار»، «زەنگولە» دىن ئىبارەت ئالتە چوڭ مۇقام ۋە «راست»، «چارگاھ»، «ھۇسەينى»، «نەۋائى»، «بوزرۇك»، «ئۇشاق»، قاتارلىق ئالتە ئارىلاشما مۇقامدىن ئىبارەت.

ئەرمەنىستان مۇقاملىرى — «بايات»، «راست»، «شوشتار»، «شۇر»، «چارگاھ»، «ناۋا» دىن ئىبارەت.

⑩ ئابدۇشۈكۈر تۇردىنىڭ «مۇقام تەتقىقاتى ۋە مۇقام ناملىرىنىڭ تارىخى قاتلىمى»، باتۇر ئەرشىدىنوۋنىڭ «ئون ئىككى مۇقام ھەققىدە» قاتارلىق ماقالە، ئەسەرلىرىدىكى ئىلمىي ئۇچۇرلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ بىرىنچىسى بولغان «راك» ئاتالغۇسى قەدىمكى سانسكرىت (ئەنەتكەك) تىلىدىن قەدىمكى ئودۇن (خوتەن) تىلىغا ئۆزلەشكەن ئىبارە بولۇپ، «ئاھاڭ»، «كۈي» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

«چەببىيات»، «بايات» ئاتالغۇلىرى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بولۇپ، «بايات» ـ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «خۇدا»، «تەڭرى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

«چەببىيات» ئەسلىدە «چاپبايات» بولۇپ «بايات» بىلەن باغلىق، «چاپ» قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «قۇدرەتلىك»، «ئالىي» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «چاپ + بايات» شەكلىدىكى ئىككى توپ سۆزدىن تۈزۈلگەن بۇ نام «ئۇلۇغ خۇدا» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

«مۇشاۋرەك» مۇقامىنىڭ نامى بىر ئاز مۇرەككەپ بولۇپ، بۇ مۇقام نامى ئۇيغۇرلاردىن باشقا پارس ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ كلاسسىك مۇقاملىرىنىڭ تىزىملىكىدە ئۇچرىمايدۇ.

«مۇشاۋرەك» ـ «مۇش + ئاب + راك» دېگەن ئۈچ سۆزدىن تەركىب تاپقان سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ تەركىبىدىكى «مۇش» سۆزى پارسچە ۋە چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى «نۇش» (ئىچىش) نىڭ ئىبغىز تىلىدىكى ئۆزگەرگەن شەكلى بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. «ئاب» پارسچە ۋە چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا ئوخشاشلا «سۇ»، پۈتۈنلەي مەنىدە «شاراب» دېمەكتۇر. «راك» يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەندەك «ئاھاڭ» «كۈي» مەنىسىدە بولۇپ، «مۇشاۋرەك» ـ «شاراپ ئىچىش كۈيى» دېگەن مەنىگە ئىگە.

«ئۆزھال» ـ قەدىمكى مۇقام تېكىستلىرىدە «ئوزخال» دەپ يېزىلغان. ئۇ ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئۆز» (گۈزەل) سۆزى بىلەن ئەرەب ـ پارسچە «ھال ـ ھال» (كەيپىيات، ھالەت) سۆزىنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان بولۇپ، بىر مۇقامىنىڭ سۈپىتىدە «گۈزەل كەيپىياتلار» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

⑪ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1997 ـ يىل نەشرى، 260 ـ بەت.

⑫ «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، 4 ـ توم، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1994 ـ يىل، 572 ـ بەت.

⑬ ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1997 ـ يىل نەشرى، 191 ـ، 307 ـ بەتلەر.

⑭ مۇھەممەت ئوسمان: «دولان مەشرەپ ـ مۇقاملىرى»، 1 ـ كىتاب، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىل، 62 ـ بەت.

⑮ دىنامىكىلىق تېمپا ـ ئاۋاز كۈچىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكى، يەنى تېز ـ ئاستىلىقى.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدىن، پروفېسسور)

# مۇقام ئېيتقاندا تېكىستكە ئەھمىيەت بېرەيلى

### مۇنەۋۋەر مۇھەممەت

ئون ئىككى مۇقام ئۇيغۇر مەدەنىيەت - سەنئەت تارىخىدىكى بۈيۈك نامايەندە. ئۇيغۇر ناخشا - ئۇسسۇل مەدەنىيىتى ئون ئىككى مۇقامدىن ئىبارەت بۇ بۈيۈك مەدەنىيەت مىراسىنى ئاساسىي بەلگە قىلغان ھالدا تەرەققىي قىلدى ۋە تونۇلۇپ شۆھرەت قازاندى. شۇڭا، سەنئەت بىلەن شۇغۇللانماقچى بولغان ھەربىر كىشى مۇقامدىن ئۆلگە ئېلىشى، مۇقامنى ئۆزىنىڭ سەنئەت تالانتىنى سىنايدىغان ئۆلچەم قىلىشى تەبىئىي. بولۇپمۇ ناخشا ئېيتقۇچىلار ئۈچۈن مۇقام ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىنى چېنىقتۇرىدىغان ۋە ئۆز ئۆزىنى تەربىيىلەيدىغان مەكتەپ.

ھەممىگە مەلۇمكى، مۇقام چوڭ جەھەتتە ئاھاڭ ۋە تېكىستتىن تەركىب تاپقان بىر مۇرەككەپ قۇرۇلما. شۇڭا، مۇقام ئورۇنلاشتا ئاھاڭنى بىلىش قانداق مۇھىم بولسا، تېكىستىنى بىلىشمۇ شۇنداق مۇھىم. بۇ ئىككىسىدىن بىرى كەم بولسا بولمايدۇ.

بىزنىڭ ناخشىچىلىرىمىزدىن كۆپىنچىسى مۇقام ئاھاڭلىرىغا خېلى پىششىق بولسىمۇ، لېكىن تېكىست بىلەن تونۇشلۇقى ياخشى ئەمەس. شۇنداق بولغاچقا مۇقام ئېيتقاندا تېكىستىنىڭ مەزمۇنى، شەكىل قۇرۇلمىسى، ۋەزىن ئالاھىدىلىكى ۋە باشقا ئەدەبىي خۇسۇسىيەتلىرىنى چۈشەنمەي تۇرۇپ مۇقام ئېيتىدىغان، تېكىستىنىڭ تىل ئالاھىدىلىكىنى چۈشەنمەي، تىل تەلەپپۇزىنى بۇزۇپ ئېيتىدىغان ئەھۋاللار ئۇچراپ تۇرىۋاتىدۇ.

تېكىستىنىڭ مەزمۇنىنى چۈشەنمەي تۇرۇپ مۇقام ئېيتقاندا، تېكىست ئىپادىلىگەن مەزمۇن بىلەن ئورۇندىغۇچىنىڭ كەيپىياتى ماسلىشالمايدىغان، مۇڭلۇق ۋە قايغۇ - ئەلەم ئىپادىلەنگەن تېكىستنى كۈلۈمسىرەپ، شوخ كەيپىياتتا ئېيتىدىغان، شادلىق ئىپادىلەنگەن شوخ تېكىستلەرنى مۇڭلىنىپ، مىسكىن ھالەتتە ئورۇندايدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ. تېكىستىنىڭ قۇرۇلمىسى، ۋەزىن خۇسۇسىيىتىنى بىلمىگەندە تېكىست بىلەن ئاھاڭنى ماسلاشتۇرالمايدىغان ئەھۋال كۆرۈلىدۇ. تېكىستىنىڭ تىل خۇسۇسىيىتىنى پىششىق بىلمىگەندە، تېكىست مەزمۇنىنى چۈشەنمەيدىغان، تېكىستىنىڭ تىلىنى توغرا تەلەپپۇز قىلالماي بىر بوغۇملۇق سۆزنى ئىككى بوغۇم قىلىپ، ئىككى بوغۇملۇق سۆزنى بىر بوغۇمغا قىسقارتىپ تەلەپپۇز قىلىدىغان ئەھۋاللار يۈز بېرىش بىلەن بىللە تاۋۇشلارنى خاتا ياكى ئالماشتۇرۇپ تەلەپپۇز قىلىپ كۈلكىلىك خاتالىقلار سادىر بولىدۇ. مۇقام تېكىستلىرىنىڭ كۆپ قىسمى چاغاتاي ئەدەبىياتى دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن كونا ئۇيغۇر تىلىدىكى تېكىستلەر بولغاچقا، ئۇنىڭ تەركىبىدە ھازىر ئىستېمالدىن قېپقالغان كونا ئۇيغۇرچە سۆزلەر، ئەرەب، پارس تىللىرىغا خاس سۆز - ئاتالغۇلار خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. شۇڭا مۇقام ئېيتماقچى بولغان ھەربىر ناخشىچى ئۆزى ئېيتماقچى بولغان تېكىستلەرنى چاغاتاي تىلى بويىچە پىشقان كەسىپ ئىگىلىرىگە كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ تىلى، شېئىرىي ئالاھىدىلىكىنى توغرا ئىگىلەپ، نۇقسانلىرىنى توغرىلاپ چىققاندىن كېيىن، شۇ بويىچە قايتا - قايتا مەشىق قىلىپ، توغرا ئېيتىشنى ئۆگىنىشى زۆرۈر. بۇ ناخشىچىلارنىڭ كەسپىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈشىدىكى زۆرۈر شەرتلەردىن بىرى. تېكىستنى ئاممىغا توغرا يەتكۈزۈش، مەزمۇنىنى ياخشى ئىگىلەش ھەربىر ناخشىچىغا قويۇلىدىغان ئەڭ ئەقەللىي تەلەپ. مۇقام تېكىستلىرى بولسا ئادەتتىكى تېكىستلەردىن مۇرەككەپ بولغاچقا، ناخشىچىدىن تېخىمۇ كۆپ ئەقىل ۋە زېھىن سەرپ قىلىشنى، تېخىمۇ كۆپ ئىزدىنىش ۋە

www.uyghurkitap.com

مەشىق قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. مەسىلەن، مۇقام تېكىستلىرىدىكى:

بەلا دەشتى ئارا مەجنۇن مىنىڭدەك كۆرمەمىش دەۋران،
قۇيۇندەك چەۋرۈلۈپ بىر كۆرمەگەن ۋادىدا سەرگەردان.

دېگەن تېكىستنى ئېيتىش بىلەن خەلق ناخشىلىرى ئىچىدىكى:

ئاللا يارىم خىيالىڭنى بىلىپ بولمايدۇ،
سەنلەر يۈرگەن كوچىلاردا يۈرۈپ بولمايدۇ.

دېگەن تېكىستنى ئېيتىشقا كەتكەن زېھنىي قۇۋۋەت ۋە ئەمگەك ئوخشاش ئەمەس. ئالدىنقىسىنى ئېيتماقچى بولغان ناخشىچى چوقۇم شۇ تېكىستنىڭ تىلى، مەزمۇنى ۋە شېئىرىي تۈزۈلۈشى ھەققىدە بىرمۇنچە ئىزدەنگەن ۋە بۇ ھەقتە زۆرۈر بىلىمگە ئىگە بولغان بولۇشى كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن مۇقامنىڭ بۇ تېكىستىنى تەلەپكە لايىق ئېيتالمايدۇ.

قىسقىسى، مۇقام ئېيتماقچى بولغان ناخشىچى مۇقام تېكىستلىرىنى ئۆلچەملىك تەلەپپۇز بويىچە ئېيتىشنى مەشىق قىلىشى، مۇقام تېكىستلىرىنىڭ يەشمە ماتېرىياللىرى ۋە ئىزاھاتلىرىنى داۋاملىق كۆرۈپ، ئۇنىڭ مەزمۇنىنى پىششىق ئۆزلەشتۈرۈشى، ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ھەققىدە ئۆزىگە كېرەكلىك زۆرۈر بىلىمگە ئىگە بولۇشى كېرەك. مۇئەييەن سەنئەت تەربىيىسى كۆرمىگەن ناخشىچى ياخشى ناخشىچى بولالمىغىنىدەك، مۇئەييەن ئەدەبىي بىلىمگە ۋە تىل بىلىمىگە ئىگە بولمىغان، تېكىستنى توغرا، راۋان ئوقۇش ۋە مەزمۇننى چۈشىنىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرمىگەن ناخشىچىمۇ يۇقىرى سەۋىيىلىك ناخشىچى بولالمايدۇ. بولۇپمۇ مۇقام ئېيتماقچى بولغان ناخشىچى تېكىستكە ئەھمىيەت بەرمىسە، بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ.

(ئاپتور: ئاپتونوم رايونلۇق ئوپېرا ئۆمەكتە)

---

«بۇلاق» 2004 ـ يىللىق 3 ـ ساندىكى كوررېكتور خاتالىقلىرىغا تۈزىتىش

| بەت نومۇرى | يۇقىرىدىن | ئىزاھات نومۇرى | خاتاسى | توغرىسى |
|---|---|---|---|---|
| 56 ـ بەت | 27 ـ قۇر | | مەركىزىي ئاسىيا گوبېرناتورلۇقىدا | تۈركىستان گوبېرناتورلۇقىدا |
| 58 ـ بەت | 5 ـ قۇر | | سادايى مەركىزى ئاسىيا | سادايى تۈركىستان |
| 58 ـ بەت | 14 ـ قۇر | | سادايى مەركىزىي ئاسىيا | سادايى تۈركىستان |
| 57 ـ بەت | | ② | ياش مەركىزىي ئاسىيا | ياش تۈركىستان |
| 60 ـ بەت | 30 قۇر | | ئۇلۇغ مەركىزىي ئاسىيا | ئۇلۇغ تۈركىستان |
| 62 ـ بەت | | ① | مىللىي مەركىزىي ئاسىيا | مىللىي تۈركىستان |
| 62 ـ بەت | | ② | مىللىي مەركىزىي ئاسىيا | مىللىي تۈركىستان |
| 64 ـ بەت | 9 ـ قۇر | | 1982 | 928 |

# ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سالام - سەھەت ئادىتى ۋە سالام - سەھەت سۆزلىرى ھەققىدە

مەمەتئابدۇللا مەتتۇرسۇن

ھەممىلەنگە مەلۇمكى، سالام - سەھەت بولسا ئىنسانلارنىڭ كۆرۈشكەندە بىر - بىرىگە ياخشى ھېسسىيات ۋە ئىززەت كەيپىياتىنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن ئىپادىلىگەن ھەرىكىتى، سالام - سەھەت سۆزلىرى بولسا بۇ خىل ھېسسىياتنى تىل ئارقىلىق ئىپادىلەش ۋاستىسىدۇر. كۆزىتىشلەردىن مەلۇم، كۆپىنچە جانلىقلار ئۆزئارا ئۇچراشقاندا بىر - بىرىگە بولغان دوستلۇق ياكى دۈشمەنلىك ھېسسىياتىنى مەلۇم بىرخىل ھەرىكەت ياكى ئاۋاز ئارقىلىق ئىپادىلىشىدۇ. لېكىن، ئىنسانلاردىن باشقا مەخلۇقلاردا سالام - سەھەتنى ئىپادىلەيدىغان ئېنىق ۋە قېلىپلاشقان سۆز - ھەرىكەت ئۆلچىمى ۋە مەخسۇس سالام - سەھەت سۆزلىرى بولمايدۇ. شۇڭا، ئىنسانلاردىن باشقا جانلىقلارنىڭ ئۇچراشقاندا ئىپادىلىگەن بەزى ھەرىكەت ۋە ئاۋازلىرىنى سالام - سەھەت قىلىش دەپ قاراش قىيىن. چۈنكى ئۇلاردا ئىنسانلارنىڭ سالام - سەھىتىدەك ئېنىقلىق، مۇكەممەللىك ۋە قېلىپلاشقان تۇراقلىق ئۆلچەم يوق.

ئىنسانلارنىڭ سالام - سەھەت قىلىش ئادىتى ناھايىتى قەدىمىي تارىخقا ئىگە بولۇپ، بەلكى ئىپتىدائىي جامائە دەۋرىدىلا باشلانغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى سالام - سەھەت ئىنسانلارنىڭ ئۆزئارا ئالاقە، ئۆزئارا ئىشىنىش، ئۆزئارا ھۆرمەت ۋە بىر - بىرىدىن خاتىرجەم بولۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ھەرىكەت ۋە سۆز ۋاستىسى. ئۇنىڭدىن مۇستەسنا ھالدا ئىنسانلارنىڭ ئۇيۇشۇپ، بىر جەمئىيەت بولۇپ ھايات كەچۈرەلىشى مۇمكىن ئەمەس.

دۇنيادىكى ھەرخىل مىللەت ھەرخىل قەبىلە، ۋە ھەرخىل تەبىقە كىشىلىرىنىڭ سالام - سەھەت ئادىتى ۋە سالام - سەھەت سۆزلىرى ئوخشاش ئەمەس. بۇنىڭدا شۇ خىل مىللەت ۋە قەبىلە كىشىلىرىنىڭ ئورتاق ئۆرپ - ئادىتى، ئورتاق ئېتىقادى، ئۆزىگە خاس تارىخىي سەرگۈزەشتىلىرى ئەكس ئەتكەن بولىدۇ. سالام - سەھەت ئادىتى ۋە سۆزلىرىنىڭ قانداق بولۇشى شۇ مىللەت ياكى شۇ تەبىقە كىشىلىرىنىڭ ئاڭ - سەۋىيىسى، مەدەنىيەت ساپاسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئۇزاق تارىخقا، مەدەنىيەت، ئىقتىساد جەھەتتە مۇئەييەن تارىخىي تەرەققىيات مېۋىلىرىگە ئىگە بولغان خەلقلەرنىڭ مۇئەييەن ئەنئەنىلىرى بولغان بولىدۇ. ئۆزىنىڭ تارىخىي ۋە مىللىي ئەنئەنىسى بولمىغان مىللەت مۇكەممەل مىللەت ۋە مەدەنىي مىللەت بولالمايدۇ. سالام - سەھەت ئادىتى بولسا، ھەربىر مىللەتنىڭ مۇھىم ئەنئەنىلىرىدىن بىرىدۇر.

ئۇيغۇر خەلقى ئۇزاق تارىخقا ئىگە، مەدەنىيەتلىك مىللەت بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقە ئادەتلىرى، جۈملىدىن سالام - سەھەت ئەنئەنىسىمۇ ناھايىتى مۇكەممەل ۋە ئومۇمىي تۈس ئالغان. ئۇيغۇرلارنىڭ سالام - سەھەت ھەرىكىتىدە بولسۇن ياكى سالام - سەھەت سۆزلىرىدە بولسۇن ئۇلارنىڭ ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلىتى، گۈزەل ئىستېتىك چۈشەنچىسى، كەمتەر، خۇشپېئىل مىجەزى ۋە ئۇلۇغۋار سۆلەت - سالاپىتى نامايان بولۇپ تۇرىدۇ. خەلقىمىز ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئىجتىمائىي ئالاقىنىڭ گۈزەل نەمۇنىلىرىنى بارلىققا كەلتۈردى. سالام - سەھەتنىڭ ئېسىل ئۈلگىلىرىنى ياراتتى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سالام - سەھەتلىرىدە چاكىنا، قوپال، سۆز - ھەرىكەتلەر، سەت قىلىقلار ۋە يېقىمسىز ئادەتلەر يوق. بەلكى، كىشىگە شادلىق، ئىلھام بېغىشلايدىغان، ئۆزئارا بىرلىك، ئىتتىپاقلىققا باشلايدىغان، بىر - بىرىگە مۇھەببەت، ئىشەنچ ۋە ئۈمىدۋارلىق بەخش ئېتىدىغان گۈزەل سۆز ۋە ھەرىكەتلەر بار.

ئۇيغۇر خەلقى ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا كۆپ خىل دىن، كۆپ خىل ئىجتىما-

www.uyghurkitap.com

ئى فورماتسىيىسىنى باشتىن كەچۈردى. شۇڭا ئۇيغۇرلارنىڭ سالام - سەھەت ئەنئەنىلىرىمۇ ھەرخىل مەدەنىيەت، ھەر خىل ئېتىقاد ۋە خىلمۇخىل ئىجتىمائىي جەمئىيەت شەكىللىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ كەلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى سالام - سەھەت ئادەتلىرىدە يېقىنلار ئۇزاقتا كۆرۈشسە، قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈش، ئېگىلىپ سالام قىلىش ۋە ئەھۋال سوراش قاتارلىق مەزمۇنلار بولغان. ئەھۋال سورالغاندا تىنچ - ئامانلىق سوراش، ساق - سالامەتلىكىنى سوراش مەنىسىدىكى «ساغدۇ»، «قۇتلۇ» دېگەن سۆزلەر ئىشلىتىلگەن. «ساغدۇ» دېگەن سۆز بەزىدە «قۇتلۇ» سۆزى بىلەن بىللە بەخت تىلەش مەنىسىدىمۇ قوللىنىلغان. مەسىلەن: «ساغدۇ قۇتلۇ بولغايسەن» (ساق - سالامەت ۋە بەختلىك بولغايسىز) دېگەنگە ئوخشاش. بۇ خىل ئادەت ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھازىرمۇ داۋام قىلماقتا. مەسىلەن: نۇرغۇن كىشىلەر ھازىرمۇ كۆرۈشكەندە «ساق تۇردىڭىزمۇ؟ تىنچلىقمۇ؟» دەپ سالاملىشىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن، ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرى بىلەن ئەرەبچە سالام - سەھەت سۆزلىرىنىمۇ قوبۇل قىلىپ، ئۆز تىلى بىلەن بىللە قوللاندى. مەسىلەن: «سالام» دېگەن سۆز بىلەن «سەھھەت» (ساغلاملىق، ساقلىق دېگەن مەنىدە) دېگەن سۆز ئەرەبچىدىن قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، بىزدە ھازىرمۇ «سالام - سەھەت»، «سالام - سائەت» دېگەندەك شەكىللەردە قوللىنىلىپ كېلىۋاتىدۇ.

ئۇيغۇرلار كۆرۈشكەندە «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» (سىزگە تىنچ - ئامانلىق تىلەيمەن) دەيدىغان، سالامغا جاۋاب قايتۇرغاندا «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» (سىزگىمۇ تىنچ - ئامانلىق تىلەيمەن) دەيدىغان سۆزلەرنىمۇ ئەرەب تىلىدىن قوبۇل قىلغان. مۇشۇ ئىككى سۆز ئارقىلىق سالاملىشىش بارلىق ئىسلام ئەللىرىدە كەڭ ئومۇملاشقان. جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدىمۇ بۇ سۆز كەڭ ئومۇملاشقان بولۇپ، ھازىرغىچە ئىزچىل قوللىنىلىۋاتىدۇ.

ئۇيغۇرلار كۆرۈشكەندە، ئالدى بىلەن: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەيدۇ، قارشى تەرەپ ئۇنىڭغا جاۋابەن: «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دەيدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن: «ئەھۋاللىرى ياخشىمۇ؟» دەيدۇ. قارشى تەرەپ: «خۇداغا شۈكرى، رەھمەت» دەيدۇ. ئاندىن كېيىن ئۇرۇق - تۇغقان، ئائىلە، بالا - چاقىلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ تىنچ - ئامانلىقىنى سورىشىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ خىلمۇخىل ئەھۋاللاردا كۆرۈشكەندە «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم»، «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دېگەندىن كېيىن ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەر ئوخشاش ئەمەس. مەسىلەن ئۇزاق مۇددەتكىچە كۆرۈشمىگەنلەر بىلەن ھەر كۈنى كۆرۈشۈپ تۇرغانلارنىڭ سالام - سەھەت سۆزى ئوخشاش بولمايدۇ. كېسەل يوقلىغاندا كۆرۈشۈپلا ئىشلىتىلىدىغان سۆز بىلەن ئۆلۈم - يېتىم ۋە ھازىدارلار بىلەن كۆرۈشۈشتە ئىشلىتىلىدىغان سۆز ئوخشاش ئەمەس. ھەممە سورۇننىڭ ئۆزىگە ماس ھالدىكى ئەھۋال سوراش، كۆرۈشۈش سۆزلىرى بار. بۇنى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسى ئېنىق بىلىدۇ. كۆرۈشكەندە بۇ سۆزلەرنى ھەرگىز خاتا ياكى ئالماشتۇرۇپ ئىشلەتمەيدۇ. بۇ خىل سۆزلەر خېلى مۇكەممەل دەرىجىدە قېلىپلاشقان ۋە كەڭ تۈردە ئومۇملاشقان.

سالام - سەھەت ئادەتلىرىدە خىلمۇخىل تەبىقە كىشىلىرى ئوتتۇرىسىدا مۇئەييەن پەرقلەر بار بولسىمۇ، لېكىن بىر پۈتۈن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سالام - سەھەت قىلىش ئۇسۇلى ۋە شەكلىدە ئومۇمىي ئورتاقلىق ۋە بىردەكلىك بار. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سالام سەھىتى ئومۇمەن تەڭ - باراۋەرلىك، سەمىمىيلىك ۋە ئۆزئارا مېھىر - مۇھەببەتنى مەزمۇن قىلغانلىقى ئۈچۈن، سالام قىلىش شەكلىمۇ ۋە سالام - سەھەت سۆزلىرىمۇ ئومۇمەن تەڭ - باراۋەر ئۇسۇلدا، سەمىمىي يوسۇندا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئېگىلىپ سالام قىلىش، قول ئېلىشىپ كۆرۈش، قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈشلەردە، شۇنداقلا «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم»، «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دېگەن سالام - سەھەت سۆزلىرىدە ھېچقانداق يۇقىرى - تۆۋەنلىك دەرىجە پەرقى بولمايدۇ. بۇ خىل سالام قىلىش شەكلى ۋە بۇ سالام - سەھەت سۆزى مەيلى باي بولسۇن، گاداي بولسۇن، پۇقرا بولسۇن، ئەمەلدار بولسۇن، چوڭ بولسۇن ياكى كىچىك بولسۇن ھەممەيلەنگە ئوخشاشلا باب كېلىدۇ. ئۇنىڭدا ھېچقانداق مەرتىۋە، دەرىجە ياكى سەۋىيە پەرقى ئىپادىلەنمەيدۇ. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇنداق ھەممىگە باب كېلىدىغان، باراۋەرلىك ئاساسىدىكى سالام - سەھەت شەكلى ۋە سالام - سەھەت سۆزلىرى خەلقىمىزنىڭ سەمىمىيلىك ۋە ئىنسانىي باراۋەرلىك ئۈستىگە قۇرۇلغان مىللىي مۇناسىۋىتى ۋە ئىجتىمائىي ئالاقە ئادەتلىرىنىڭ ئىپادىلىنىشىدۇر.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سالام ـ سەھەت شەكىللىرى كۆپ خىل، ئۇنىڭ ئىچىدە بىر قەدەر ئومۇمىي تۈس ئالغان سالاملىشىش ئادەتلىرى ئېگىلىپ سالاملىشىش، قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش، قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈش، سۆيۈشۈپ كۆرۈشۈش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

سالام قىلىش ئادىتى ۋە سالام قىلىش شەكلىمۇ ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ ئوخشاش بولمايدۇ. ئېگىلىپ سالام قىلىش، قول ئېلىشىپ كۆرۈش، قۇچاقلىشىپ كۆرۈش ۋە باشقا خىلدىكى كۆرۈشلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە لايىق ئورنى بار. ئۇنى ئۆز جايىدا ئىشلىتىشكە توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن ئالدىراش كېتىۋاتقاندا قول ئېلىشىپ كۆرۈشمەن دەپ ۋاقىتنى ئۆتكۈزمەي يىراقتىن باش ئېگىپ سالام قىلىپ ئۆتۈپ كېتىشكىمۇ بولىدۇ. ئاڭلىق كىشىلەر بۇنداق ئەھۋالدا قارشى تەرەپنىڭ ئالدىراشلىقىنى چۈشىنىدۇ. ئۇنىڭدىن ئاغرىنمايدۇ. شۇڭا، كۆرۈشكەندە ۋە سالام ـ سەھەت سۆزلىرىنى ئىشلەتكەندە ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق ئۇسۇل ۋە لايىق سۆزلەرنى تاللاپ ئىشلىتىش كېرەك.

مەيلى قانداق شەكىلدىكى كۆرۈشۈش ۋە سالاملىشىش بولسۇن، ئۇ ئۆز ئورنىدا، لايىقىدا ئىشلىتىلسە، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزىگە لايىق سالام ـ سەھەت سۆزلىرىمۇ ئېيتىلسا، ئۆزئارا سېغىنىش، مېھىر ـ مۇھەببەتنى ئىپادىلەش، بىر ـ بىرىگە سالامەتلىك، بەخت تىلەش، ياخشى كۆڭۈل، ئىزگۇ تىلەكلىرىنى ئىپادىلەش جەھەتتە ئۆزىگە خاس ئۈنۈملۈك رول ئوينايدۇ.

سالاملىشىش ئادىتى ۋە سالام ـ سەھەت سۆزلىرى بولسا بىر مىللەتنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئىجتىمائىي ئالاقىسى جەريانىدا شەكىللەنگەن ۋە قېلىپلاشقان بولىدۇ. ئۇنى ئاسانلىقچە ئۆزگەرتىۋەتكىلى ۋە يوق قىلىۋەتكىلى بولمايدۇ. ئۇ ئۇزاق مۇددەتلىك ئالاقە ۋە ئۆزئارا ئارىلىشىش جەريانىدا ئاندىن قىسمەن ئۆزگىرىدۇ، ياكى شاخلىنىپ، تۈرلىرى كۆپىيىدۇ. لېكىن ئۇ قېلىپلىشىپ، پۈتۈن مىللەتكە ئومۇملىشالىسا، ئاندىن بىر مىللەتنىڭ ئومۇم ئېتىراپ قىلغان سالام ـ سەھەت ئادىتى ۋە سالام ـ سەھەت سۆزىگە ئايلىنالايدۇ. شۇڭا، بىرەر مىللەتنىڭ سالام ـ سەھەت ئادىتىگە ياكى سۆزلىرىگە مەلۇم بىر خىل ئۇسۇل ياكى مەلۇم بىر خىل سۆزنى ياكى باشقا بىر مىللەتنىڭ ئادىتى ۋە سۆزىنى زورلاپ تاڭغىلى بولمايدۇ. تاڭغان بىلەنمۇ ئاقمايدۇ. بىر مەزگىلدىن كېيىن ئۆزلۈكىدىن ئىستېمالدىن چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ئىنتايىن سولچىل سىياسەت ئەۋج ئېلىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سالام ـ سەھەت ئادىتى ۋە سالام ـ سەھەت سۆزلىرىمۇ كونىلىقنى تىرىلدۈرۈش دەپ قارالدى. بەزى ئۇچچىغا چىققان سولچىل كىشىلەر «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دېگەن كۆرۈشۈش سۆزى ئورنىغا «ماۋجۇشى ۋەنسۈي» دېگەن سۆزنى ئىشلىتىشنى، «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دېگەن سۆز ئورنىغا «ۋەن ۋەنسۈي» دېگەن سۆزنى ئىشلىتىشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئۇنى كىشىلەرگە مەجبۇرىي تاڭدى. بەزى كىشىلەر ئامالسىز، ئاز ساندىكىلىرى بولسا ئۆزىنىڭ ئاكتىپلىقىنى كۆز ـ كۆز قىلىش ئۈچۈن، بىر مەزگىل «ماۋجۇشى ۋەنسۈي» دېسە، «ۋەن ۋەنسۈي» دېيىشىپ يۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن سالاملىشىشتىكى بۇ خىل كومېدىيىلىك ئەھۋال ئۇزاق داۋاملاشمايلا ئىجتىمائىي ئالاقە سەھنىسىدىن يوقالدى. مانا بۇ كۈلكىلىك ئەھۋال خەلقنىڭ سالاملىشىشتىكى تىل ئادىتىگە چاقچاق قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى ئۆتكۈر يۇمۇرىستىك ئاچچىق ساۋاقلار بىلەن كۆرسىتىپ بەردى.

ھازىرقى كۈندىمۇ تېخىچە سولچىللىق كونا كېسىلى ساقايمىغان ئىنتايىن ئاز ساندىكى بىر قىسىم كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئاكتىپلىقىنى نامايان قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ شەخسىي غەرىزىگە يېتىش ئۈچۈن، بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلاردا بىلجىرلاپ، خەلقىمىزنىڭ سالاملاشقاندا ئېيتىدىغان «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم»، «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دېگەن سالام ـ سەھەت سۆزلىرىنى دىنىي تۈسكە ئىگە دەپ جۆيلۈپيېقىۋاتىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا باشقىچىراق بىرەر سالام ـ سەھەت سۆزىنى دەسسىتىپ، «يېڭىلىق» يارىتىپ باققۇسى كېلىۋاتىدۇ. بۇنداق ئۇرۇنۇشلارنىڭ قىلچە ئىلمىيلىكى يوق بولۇپ، ئاخىر يۇقىرىقىغا ئوخشاشلا ئاچچىق مەسخىرە بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. ئۇنداق ئادەملەر خەلقنىڭ سالام ـ سەھەت ئادەتلىرىگە قىلچە تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئۇيغۇرلار بىلەن خەنزۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا ئالاقىنىڭ

www.uyghurkitap.com



بارغانسېرى قويۇقلىشىشىغا ئەگىشىپ، خەنزۇلار بىلەن كۆپرەك ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان شەھەر ۋە يېزىلاردىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كۆرۈشكەندە: «ياخشىمۇ سىز؟» دەپ كۆرۈشىدىغان بىر خىل تىل ئادىتىمۇ شەكىللىنىۋاتىدۇ. بۇمۇ مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئۆزئارا تەسىر كۆرسە-تىشنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى. «ياخشىمۇ سىز؟» دېگەن بۇ سالاملىشىش سۆزى خەنزۇچىدىكى «你好？» دېگەن سالام - سەھەت سۆزىنىڭ تەسىرىدە ئۇيغۇر تىلىدا پەيدا بولغان بىر يېڭىچە تىل ئادىتى. ئەمما، ئۇنى ئىشلەتكەندە بۇ سۆزنىڭ مەقسىتىنى توغرا ئىپادىلەپ بەرگەن، بېرەلمىگەنلىكىگە دىققەت قىلىش لازىم. «ياخشىمۇ سىز؟» دېگەن بۇ سوئال جۈملىنىڭ توغرىدىن توغرا بىۋاستە مەنىسى قارشى تەرەپنىڭ ياخشى ياكى يامانلىقىنى سوراشتىن ئىبارەت، يەنى بۇ سۆز: «سىز ياخشىمۇ ياكى يامانمۇ؟» دېگەن سوراقنى بىلدۈرىدۇ. ھالبۇ-كى، سالاملاشقۇچى قارشى تەرەپنىڭ ياخشى ئادەم ياكى يامان ئادەملىكىنى ئېنىقلىماقچى ئەمەس، بەلكى قارشى تەرەپتىن ھال - ئەھۋال سورىماقچى. شۇڭا، سالاملاشقاندا بۇنداق سۆز - ئىبارىنى ئىشلىتىش زۆرۈر دەپ قارىساق، ئۇنى توغرا ئىشلىتىشىمىز كېرەك. يا «ئەھۋالىڭىز ياخشىمۇ؟» دېيىش، ياكى بولمىسا «ياخشى تۇردىڭىزمۇ؟» دەپ قوللىنىش لازىم. مىڭ يىللاردىن بېرى قوللىنىپ كەلگەن سالام - سەھەت سۆزىمىز «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» بىلەن «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دېگەن سۆزلەرنى داۋاملىق ئىشلىتىۋەرسەكمۇ ھېچ-بىر يامىنى يوق. بۇ سۆزدە پەقەت تىنچ - ئامانلىق سوراشتىن باشقا ھېچقانداق دىنىي مەزمۇن يوق. بۇ خىل سالاملىشىش بىر قىسىملار بىلجىرلىغاندەك قانداقتۇر دىنىي ئادەت بولماستىن، بەلكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئارىسىدا ئىنتايىن كەڭ ئومۇملاشقان مىللىي ئادەتتۇر. بۇنداق سالاملىشىش مىللىي سورۇنلارغىمۇ، دىنىي سورۇنلارغىمۇ، زامانىۋى سورۇنلارغىمۇ، مەدە-نىي سورۇنلارغىمۇ، كۆپكىمۇ، ئازغىمۇ، يۇقىرىغىمۇ، تۆۋەنگىمۇ ماس كېلىۋېرىدۇ. ھېچقان-داق بىر يەردە تاقىشىپ قالىدىغان ياكى ماسلاشمايدىغان ئەھۋال يۈز بەرمەيدۇ.

بىر مىللەتنىڭ سالام - سەھەت ئادىتى ۋە سالام - سەھەت سۆزلىرى شۇ مىللەتنىڭ پۇتكۈل ئۆرپ - ئادەتلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقە مەدەنىيىتىنىڭ، تىل مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ئۇنى مۇقىملاشتۇرۇش، قېلىپلاشتۇرۇش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش كېرەككى، ئۇنى خېمىرغا ياندۇرۇشنىڭ، قالايمىقانلاشتۇرۇشنىڭ، «يېڭىلىق يارىتىش» باھانىسى بىلەن ئۇنى بۇزۇشنىڭ ياكى ئۇنىڭغا ھەر خىل سىياسىي تۈسلەرنى زورلاپ تېڭىپ چاكىنىلاشتۇرۇش-نىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق قىلمىشلار ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمەيدۇ، ئاخىر شاللىنىپ كېتىدۇ.

سالام - سەھەت ئادىتى ۋە سالام - سەھەت سۆزلىرى بىر مىللەتنى ئىتتىپاقلاشتۇرى-دىغان، ئالغا يېتەكلەيدىغان، ئۆزئارا ئۈمىد - ئىشەنچ بېغىشلايدىغان ياخشى ئادەت. ئۇنى دەل جايىدا قوللىنىش، قېلىپلاشتۇرۇش ۋە كەڭ ئومۇملاشتۇرۇش زۆرۈر. ئۇنى بۈگۈنكى مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئاكتىپ خىزمەت قىلدۇرۇش كېرەك. بۇ تىل تەتقىقا-تى، مەدەنىيەت تەتقىقاتى ۋە ئۆرپ - ئادەت تەتقىقاتىدىكى مۇھىم مەسىلە.

بىز ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سالام - سەھەت جەھەتتىكى ياخشى ئەنئەنىلىرىگە، ياخشى تىل ئادەتلىرىگە ئۆزلۈكسىز ۋارىسلىق قىلىشىمىز، ئۇنى بېيىتىپ راۋاجلاندۇرۇپ، بۈگۈنكى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز لازىم. بۇ بىزنىڭ مول ئىدىيىۋى، ئەخلاقىي بايلىقىمىز. سالام - سەھەت سۆزلىرى بولسا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغەت فوندىدىكى مۇھىم بايلىق. ئۇنى ياخشى ئىشلىتىشىمىز، ياخشى ئاسرىشىمىز، شۇ ئارقىلىق تىل مەدەنىيىتىمىزنى، ئىجتىمائىي ئالاقە مەدەنىيىتىمىزنى تېخىمۇ نۇرلاندۇ-رۇپ، مەدەنىيەتلىك، ئىناق، ئۈم، ئۇيۇشقاق، شېرىن سۆزلۈك، سەمىمىي ۋە زامانىۋى كىشىلەردىن بولۇشىمىز كېرەك.

(ئاپتور: قاراقاش ناھىيە ئاقساراي يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى)

# خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مىراسلىرىنى توپلاش، رەتلەش ۋە تەھرىرلەشتىكى دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم نۇقتىلار

گۈلنار بارات

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مىراسلىرىنى توپلاش، رەتلەش ۋە تەھرىرلەش خىزمىتى، ئۆزىگە خاس بولغان ئىچكى قانۇنىيەتكە ئىگە مۇھىم ئىلمىي خىزمەت. ئۇنىڭ قائىدە - قانۇنىيەتلىرىنى ياخشى ئىگىلەپ شۇ ئاساستا، توپلاش، رەتلەش ۋە تەھرىرلەش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغاندىلا، ئاندىن بۇ خىزمەتنىڭ ئۈنۈمى ۋە ئىلمىي سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مىراسلىرى، خەلقنىڭ تۇرمۇشى، تارىخى، پسىخىك ئالاھىدىلىكى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان، خەلق ھاياتىنىڭ كۆپ تەرەپلىمە ئالاھىدىلىكلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان، مۇھىم مەنبەلەردىن بىرى. شۇڭا، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مىراسلىرىنى توپلىغاندا، رەتلىگەندە ۋە تەھرىرلىگەندە چوقۇم ئەسلىگە سادىق بولۇش پرىنسىپىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. ئەسلىگە سادىق بولۇش دېگىنىمىز، ئەسەرنىڭ ئەسلىدىكى مەزمۇنى، شەكلى، ئۇسلۇبى، تىل شېۋىسى، يەرلىك خۇسۇسىيىتى ۋە ۋارىيانت ئالاھىدىلىكىنى ساقلاش ۋە ئۇنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈش دېگەنلىكتۇر. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئومۇمەن، خەلق ئىچىدىن توپلىنىپ خاتىرىلىنىدۇ ۋە رەتلىنىدۇ. خەلق كەڭ دائىرىدە تارقىلىپ ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن، ھەربىر ئورۇندىكى كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە يارىشا تۇرمۇش ئالاھىدىلىكى، پسىخىك خۇسۇسىيىتى ۋە ئۆزىگە خاس تارىخىي سەرگۈزەشتىسى بولىدۇ. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدە بۇ خىل ئالاھىدىلىك مۇئەييەن دەرىجىدە ئەكس ئەتمەي قالمايدۇ. يەنە ھەربىر ئورۇندا ياشىغۇچى مەلۇم بىر توپ كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە خاس تىل ئادىتى، دىئالېكتى ۋە شېۋىلىرى بولغان بولىدۇ. بۇ خىل تىل ئالاھىدىلىكىمۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپماي قالمايدۇ. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى رەتلىگەندە، بۇ خىل ئالاھىدىلىكلەرگە ئېتىبار بېرىلمەي، ئۇنى قالايمىقان ئۆزگەرتىپ، بىرلىككە كەلتۈرۈۋەتسەك، بۇ خىل ئەسەرلەرنىڭ يەرلىك خۇسۇسىيىتى ۋە چىنلىق قىممىتى يوقىلىدۇ. شۇڭا، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ تارىخىي قىممىتىنى، ماتېرىياللىق قىممىتىنى ۋە پايدىلىنىش قىممىتىنى ساقلايمىز دەيدىكەنمىز، ئۇنىڭ ئەسلىگە سادىق بولۇشىمىز، ئەينەنلىكىنى ساقلىشىمىز، يەرلىك پۇرىقىنى، تىل خۇسۇسىيىتىنى ئەينەن خاتىرىلىشىمىز لازىم. خاتىرىلەنگەن مىراسلارنىڭ ئاخىرىغا ئېيتىپ بەرگۈچىنىڭ ئىسمى، يۇرتى، يېشى قاتارلىقلارنى تولۇق ئىزاھلاش كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا، رەتلەنگەن ئەسەر بىرقەدەر ئىشەنچلىك ھۆججەت ئاساسىغا ئىگە بولغان بولىدۇ. ئۇنىڭ قەيەردە تارقالغان نۇسخا ئىكەنلىكىمۇ ئېنىق بولغان بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مىراسلىرىنى توپلاپ رەتلىگۈچىلەر ئېيتىپ بەرگۈچىلەرنىڭ ئۈنئالغۇ لېنتىسىنى ياكى ئەينەن خاتىرىلەنگەن ئەسلى خاتىرىنى رەتلەنگەن نۇسخا بىلەن بىللە نەشر ئورۇنلىرىغا تاپشۇرغىنى ياخشى. شۇنداق بولغاندىلا مەتبۇئات ئورۇنلىرىنىڭ سېلىشتۇرۇپ تەھرىرلىشى ئۈچۈن ئىمكانىيەت يارىتىلغان بولىدۇ.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مىراسلىرىنى تەھرىرلىگەندە، رەتلەنگەن نۇسخىنى ئەسلىدىكى نۇسخىغا (ئەسلىدىكى نۇسخا قەدىمىي قولىيازما بولۇشىمۇ، هازىرقى زاماندا خاتىرىلەنگەن نۇسخا بولۇشىمۇ، ئۈنئالغۇ ياكى سىنئالغۇ لېنتىلىرى بولۇشىمۇ مۇمكىن) بىر - بىرلەپ سېلىشتۇرۇپ، ئەسلى نۇسخىنىڭ رەتلەنگەندە توغرا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ياكى چەتلەپ كەتكەنلىكىنى تەكشۈرۈش كېرەك. تەھرىرلىك جەريانىدا، ئەسلى نۇسخىدىن چەتلىگەن ياكى ئۆزگەرتىلگەن جايلار ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مىراسلىرىنىڭ ئەسلى ئالاھىدىلىكى، يەرلىك پۇرىقى ۋە تىل خۇسۇسىيىتى تولۇق ساقلانغان هالدا جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشۈشىگە ئىمكانىيەت يارىتىلىشى كېرەك. يەرلىك ئالاھىدىلىك بويىچە رەتلەپ ئېلان قىلىنغاندا، ئومۇم خەلقنىڭ چۈشىنىشىگە قىيىن بولغان سۆز ياكى مەزمۇنلارنى ئىزاھات بېرىش ئۇسۇلى بىلەن هەل قىلىش كېرەك. ئۇنى ئىزاھاتسىزلا تېكىست ئىچىدە ئۆزگەرتىۋەتسە، ئەسەرنىڭ ئەسلى تۈسى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ - دە، ئۇنىڭ تارىخىي قىممىتىگە نۇقسان يېتىدۇ.

بىزدە ئىلگىرى بۇ مەسىلىگە تازا ياخشى ئېتىبار بېرىلمىگەنلىكتىن، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مىراسلىرىنى توپلاش، رەتلەش ۋە نەشر قىلىش جەريانىدا، ئۇنىڭ يەرلىك خۇسۇسىيىتىنى يوقىتىۋېتىش، ئومۇمىي ئەدەبىي تىلدا يېزىپ چىقىش، مەزمۇنىنى ئۆزگەرتىش، شەكىل ۋە ئۇسلۇبىنى ئەينەن ساقلاشقا دىققەت قىلماسلىق قاتارلىق مەسىلىلەر كۆرۈلدى. شۇڭا، رەتلەپ نەشر قىلىنغان بىر قىسىم خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى تەتقىقاتتا پايدىلىنىش قىيىن بولۇۋاتىدۇ. بۇ خىل ئەسەرلەرنىڭ ئەسلى نۇسخىسى بويىچە قايتىدىن رەتلەپ، ئەسلىگە سادىق بولغان هالدا تەھرىرلەپ ئېلان قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى يىغىش، رەتلەش، تەھرىرلەش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار بۇ ساۋاقلارنى ئەستە چىڭ تۇتۇپ، ئەسەرنىڭ ئەينەنلىكى، يەرلىك خۇسۇسىيىتى، تىل ئالاھىدىلىكى قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەرگە ئىنچىكىلىك بىلەن ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشى، دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرنى چوقۇم ئىلمىي ئۇسۇلدا توغرا بىر تەرەپ قىلىشى لازىم. ئەڭ ئىلمىي، ئەڭ توغرا بىر تەرەپ قىلىش بولسا، چىنلىققا هۆرمەت قىلىش، ئەينەنلىكنى ساقلاشتۇر.

(ئاپتور: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا، مۇھەررىر)



ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان بارلىق ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى تەھرىر بۆلۈمىمىزگە تەۋە. تەھرىر بۆلۈمىمىزنىڭ رۇخسىتىسىز كىتاب قىلىپ ئىشلەنسە، قايتا نەشر قىلىنسا قانۇنىي جاۋابكارلىقى قەتئىي سۈرۈشتە قىلىنىدۇ

—— «بۇلاق» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

www.uyghurkitap.com





源泉 (布拉克)(维吾尔文)总97期

بۇلاق (قوش ئايلىق ژۇرنال) ئومۇمىي97-سان

MAGAZINE OF BULAK UIGHUR LANGUAGE

新疆人民出版社编辑出版
(乌鲁木齐市解放南路348号)
乌鲁木齐市邮局发行
中国国际图书贸易总公司国外发行
全国各地邮局订阅

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
( ئۈرۈمچى شەھرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348-نومۇر )
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدى
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一刊号: CN65-1063/I
本刊代号: 58—108　定价: 6.50元
ISSN 1005—0876/ 国外代号: Q1118

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
ۋاكالەت نومۇرى: 108-58. باھاسى: 6.50 يۈەن
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: Q1118